**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)**
**32-يىللىق 3 ـ سان(ئومۇمىي 127 ـ سان)          2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي**

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى ئالىي مائارىپىدىكى ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى ئۈستىدە
ئىزدىنىش ............................................. گوخەنجۈن، غەيرەت ئابدۇرېھىم (1)
ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى توغرىسىدا ........ئابدۇۋەلى ھىمىت نىزامى (8)
ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا دەسلەپكى
مۇلاھىزە ................................................................... جۇرئەت ئىسمائىل (16)
تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ..................زەمىر سەئىدۇللازادە (23)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا.............. ئوسمان مۇھەممەت (34)
شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە-سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تېمىسىدىكى تور پونكىتى قۇرۇش ۋە
باشقۇرۇش توغرىسىدا ئىزدىنىش............................رەخىمە ئابدۇرېشىت، ياسىن ئېلى (39)
ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى رولى
توغرىسىدا........................................................... ماھىرە ئابلىز (46)
ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ..................
............................................. ئابدۇرۇسۇل ئابلەت، خالىق ياقۇپ (49)

## تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدىغان «ر»تاۋۇشىنى يېزىقتا ئىپادىلەش توغرىسىدا.........................
.............................................يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق (57)
ئىككى خىل تەرجىمە ئۇسۇلى ـ ياتلاشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا........ئابدۇشۈكۈر روزى (72)
ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى ھەققىدە ...............ئەخمەت سەيدۇللا (77)
«چەت ئەل ئەدەبىياتى» ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئىستۇدېنتلارغا بېرىلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيەنىڭ ئۇسۇلى
ۋە رولى ھەققىدە ئىزدىنىش ...............................رەناگۈل ئابدۇللا (88)
چېخوپ ھېكايىلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك مەزمۇننىڭ كومېدىيەلىك ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا.....................
.............................................ئابدۇغېنى ھوشۇر (99)
ۋارگاس ليۇسا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشى توغرىسىدا ............................ ئاتىكەم مامۇت (109)
ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ تۈپ چىقىش يولى .. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار (113)
گىرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى توغرىسىدا.......ماھىنۇر غوپۇر(120)

## قانۇن تەتقىقاتى

ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ......................
.............................................تەلئەت سىيىت (125)

## ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى

ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا ...
............................................. راھىلە مۇھەممەت (133)
ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا.................
............................................. ئەخمەتجان ئۆمەر (137)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-09

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第32卷第3期（总127期）　2011年9月

# 目　录

## 西域文化研究

我国现代高等教育中的家校结合模式探讨……郭汉军，艾来提·阿不都热依木（1）

论维吾尔族的传统社会保障文花……阿布都外力·依米提（8）

进一步加强与改进高校和谐管理工作刍议……居来提·司马义（16）

简论塔吉克民间谜语的内容特征……扎米尔·赛都拉（23）

## 政治、经济与管理学研究

浅谈农村加强思想政治教育的必要性及其途径……乌斯满·买买提（34）

谈新疆高校思想政治专题网站建设与管理……热合买·阿布都热西提，亚森·艾力（39）

论良好的师生关系在进行道德教育中的作用……玛依拉·阿布力孜（46）

目前加强对大学生心理健康教育的必要性……阿布都如苏里·阿布来提，哈力克·牙合甫（49）

## 语言文学与文化研究

关于发音时省略的“ر”音的书写表达……尤努斯·依力牙斯（57）

两种翻译策略——异化和归化……阿布都许库尔·肉孜（72）

论文学的演变及其主要方式……艾合买提·赛都拉（77）

“外国文学”教学中给大学生的道德教育方法与途径探讨……热娜古丽·阿布都拉（88）

试论契诃夫短篇小说中悲剧内容的喜剧性体现……阿布都艾尼·吾守尔（99）

浅谈巴尔加斯·略萨及其创作观念……阿提克木·马木提（109）

生态文明是现代化发展的根本出路……阿布拉江·买买提（113）

新疆地区发现的希腊-罗马文化遗存……玛依努尔·吾甫尔（120）

## 法学研究

论处理工伤赔偿案件的若干问题……特来提·赛依提（125）

## 期刊研究

提高本科生毕业论文质量的思考……热依拉·买买提（133）

浅谈高校学报的特点及其面临的主要问题……艾合麦提·吾买尔（137）

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-09

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 001 ـ 03 (2011) 5878 ـ 1005

# ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى ئالىي مائارىپىدىكى ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش*

گوخەنجۈن، غەيرەت ئابدۇرېھىم

(شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، ئۈرۈمچى. 830046)
(شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئائىلىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئىجابىي رولى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن نۆۋەتتىكى جەمئىيەتتە بەزىلەر ئائىلە تەربىيەسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشكە باپ كېلىدۇ، قورامىغا يەتكەن كىشى ھېسابلىنىدىغان ئىستۇدېنتلارغا تېخىمۇ كۆپ مۇستەقىللىق بېرىش كېرەك، ئۇلارغا ئائىلە ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەرلەر ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەسىدە تۈرلۈك توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئىستۇدېنتلار گاڭگىراپ قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇلار ئائىلىنىڭ سەممىي تەربىيە ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە يېتەكلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلە بىلەن مەكتەپنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش خىزمەت ئەندىزىسىنى ئورناتقاندىلا، مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ئۆز-ئارا تولۇقلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**摘要：**家庭参与教育对学生的成长具有积极的作用已经获得普遍的认同，但是当前社会上的一些观念认为，家庭教育似乎只适合中小学生教育，而作为已成年大学生应该赋予其更多的独立自主权，家庭不应当过多地干涉。然而在当前我国，社会转型带来的各种观念冲击着大学生的思想，许多大学生陷入一种迷茫与困惑中，这就需要家庭的亲情教育来引导大学生健康成长。只有建立起合理的家校结合工作模式，才能够有效地实现学校教育和家庭教育的优势互补，从而促进大学生全面发展。

**Abstract:** Although it is generally recognized that family involvement in education has positive effects on student performance, this is often conceived of in terms of primary education. Adult students, on the other hand, are seen by many as benefiting from a minimum of familial interference, so as to establish their independence. In our country, however, many college students feel substantial confusion during the course of their education, and in fact require further guidance from their family. In order to ensure that home tutoring and formal education are complementary, it is therefore imperative to establish an effective model of combining the two, thus improving college students' general performance.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G459　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر پېداگوكى　　سۇخۇملىنىسكى مەكتەپ بىلەن ئائىلىنى

* بۇ ماقالە 2011- يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**基金项目：**自治区大学生思想政治教育科研规划项目“高校大学生家校联系工作模式研究与应用”(08SZJY040)。

**ئاپتورلار:** گو خەنجۈن(郭汉军) (1967-يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارخىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىدىيە- سىياسىي تەربىيە ۋە پسىخىكا ساغلاملىقى تەربىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
غەيرەت ئابدۇرېھىم (1960- يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدىيە- سىياسىي تەربىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىرلەشتۈرۈش ئەڭ مۇكەممەل مائارىپتۇر، ئائىلە تەربىيەسى بولمىغان مەكتەپ مائارىپى ۋە مەكتەپ مائارىپى بولمىغان ئائىلە تەربىيەسى ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئىنچىكە ۋەزىپىنى تاماملىيالمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت بىرلىكتە تەسىر كۆرسىتىدىغان جەريان، ئائىلە تەربىيەسى بۇنىڭدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرسى كەم بولسا ئەتراپلىق بولماي قالىدۇ. كۆنسېرى ئېچىلىۋېتىلىۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەسى بىر تەرەپتىن جانلانماقتا، ئۇلارنىڭ رىقابەت ئېڭى كۈچەيمەكتە. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ قارىشى پەيدىنپەي سۇسلاشماقتا. ئۇلار خىلمۇ ـ خىل ئېزىقتۇرۇشلار ئالدىدا ئۆزىنى كونترول قىلالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مائارىپ بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ بىلەن ئىستۇدېنتلار ئائىلىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ بىلەن ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا قوللىشى بولغان، ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆز ـ ئارا تولۇقلىشىدىغان مائارىپ بىرىكمە كۈچىنى ھاسىل قىلىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

## 1 . ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئىلمىزنىڭ ئالىي مائارىپىدىكى ئەھمىيىتى

ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئىستۇدېنتلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ مۇھىم سورۇن، شۇنداقلا تەسىرى ئەڭ بىۋاستە سورۇن. ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى بۇرۇلۇش ۋە زامانىۋى جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەكتەپ مائارىپى كۈندىن ـ كۈنگە ئىجتىمائىي مۇھىت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ ۋە نۇرغۇن خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، مەكتەپلەرنىڭ سىرتىدىكى تۈرلۈك ئىدىيەۋى ئېقىملارنىڭ غايەت زور زەربىسىدە، نۇرغۇن ئىستۇدېنتلار كىشلىك تۇرمۇش تەرەققىيات يۆنىلىشى جەھەتتە گاڭگىراپ قېلىۋاتىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن نۇرغۇن ئىستۇدېنتلار مەۋھۇم ئەمەلىيەتنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئىستۇدېنتلار تور دۇنياسىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا سەل قاراشقا بولمايدىغان سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئېلىمىزدىكى نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتتە ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئېلىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، ئائىلە تەربىيەسى بىلەن مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا تولۇقلىنىشىغا پايدىلىق، ئۇ ئالىي مائارىپنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدۇ، ئائىلە تەربىيەسى بىلەن مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ئائىلىلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقىسى زىچ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن چوڭ بولغۇچە بولغان ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇڭا ئائىلە بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي ـ پەزىلەت تەربىيەسىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئائىلە تەربىيەسىدىمۇ ھەل قىلىپ بولمايدىغان ئاجىزلىقلار بار. ئائىلە ئوقۇغۇچىلارغا سىستېمىلىق پەن بىلىملىرى تەربىيەسى ئېلىپ بارالمايدۇ، بۇلارنى مەكتەپكە تايىنىپ تاماملىغىلى بولىدۇ. مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئەۋزەللىكى زور بىر تۈركۈم كەسپىي جەھەتتە تەربىيەلەنگەن ئوقۇتۇش خادىملىرىدىن پايدىلىنىپ، شۇنداقلا سىستېمىلىق، پۇختا ئوقۇتۇش پىلانى ۋە

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىكى بىلىم بولۇش، ئىلمىي بولۇش، مەقسەتلىك بولۇش، تەرتىپلىك ئىلگىرىلەيدىغان بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق، ئائىلە تەربىيەسى يېتەلمەيدىغان مەقسەتكە يېتىشتە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئائىلە تەربىيەسى بىلەن مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ئۆز-ئارا تولۇقلىشىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، ئاتا-ئانىلار بىلەن مەكتەپنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىلارنى مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپ ۋە ئائىلىنىڭ باشقۇرۇشتىكى بىرىكمە كۈچى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىستۇدېنتلارنى مەكتەپتە مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغان، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، تەربىيەنى قوبۇل قىلىپ، بىلىم ئۆگىنىپ، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، تۆھپە قوشۇدىغان قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاتا-ئانىلار مەكتەپلەرنىڭ ئالاقىدار تەدبىر تۈزۈشىگە قاتناشسا، بىر تەرەپتىن، ئاتا-ئانىلارنىڭ خۇجايىنلىق ئېڭىنى ئاشۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن، زامانىمىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تەلەپلىرى، قىزىقىشىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ بىلەن ئائىلىنىڭ ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئاتا-ئانىلار بىلەن مەكتەپنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى تەربىيەلىنىش مەسىلىلىرىنى ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىش ۋە ئالىي مائارىپنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس تۇرغۇزۇش لازىم.

ئۈچىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ئىناق مائارىپقا پايدىلىق. ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلىشىنى مەقسەت قىلىپ يولغا قويۇلغان، ئائىلە بىلەن مەكتەپ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىدىغان ھەمكارلىقتۇر.

ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا، مەكتەپنىڭ ئىناقلىق ئىدىيەسى ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئىناقلىق ئىدىيەسىمۇ مەكتەپ تەربىيەسىدىكى ئىناقلىق ئىدىيەسىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ، ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىناقلىق بىلەن ئادەم تەربىيەلەش ئىدىيەسىنى ئالماشتۇرۇش سەھنىسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پۇختا ئاساس سالىدۇ. ئىناق مەكتەپ تەربىيەسى ئىستۇدېنتلارنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە يول ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا تەربىيەلەش جەريانىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتەلەيمىز، ئاندىن ياخشى ئىناق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئايلىنىشى ھاسىل قىلغىلى، ئالىي مائارىپ نىشانىغا ئۇتۇشلۇق يەتكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ئىستۇدېنتلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھازىر ئىلمىمىز جەمئىيىتى كۆنسېرى ئېچىۋېتىلمەكتە. بۇ ياشلىق باھارى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كەڭ سەھنە بىلەن تەمىن ئېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ پىسخىكىسى تولۇق يېتىلىپ بولمىغان، دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى شەكىللىنىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەنئەنىۋى ئامىللار تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن ئىدىيە توقۇنۇشلىرى، مەنپەئەت تاللاشلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق رېئال مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ پىسخىك بېسىمىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مېدىيە ساۋاقداشلار، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە قاتارلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر. ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ زىچ ھەمكارلىقى ياخشى ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى

ئورنىتىپ، مائارىپنىڭ تۆھپە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ بۇرۇلۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ماسلىشىشچانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىدۇ. پىسخىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ساغلام پىسخىكا بىلەن تەربىيەلەش قاتارلىقلارغا يۈزلىنىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2 . نۆۋەتتە ئېلىمىز ئالىي مائارىپىدا ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشتىكى يېتەرسىزلىكلەر

ئائىلىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئىجابىي رولى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن نۆۋەتتە جەمئىيەتتە بەزىلەر ئائىلە تەربىيەسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشكە باب كېلىدۇ، قورامىغا يەتكەن كىشى ھېسابلىنىدىغان ئىستۇدېنتلارغا تېخىمۇ كۆپ مۇستەقىللىق بېرىش كېرەك، ئۇلارغا ئائىلە ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ مائارىپ ئۇستىدىكى خاتا چۈشەنچە. ئەمەلىيەتتە، ئائىلە تەربىيەسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئىستۇدېنتلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. دەۋرىمىزدە جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىدىيەۋى ئېقىملار ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىغا كەسكىن ھۇجۇم قىلىپ، مۇئەييەن قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەتتا روھىي جەھەتتە گاڭگىراپ قېلىۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت 16-نومۇرلۇق ھۆججەتنى چىقارغاندىن كېيىن، ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. لېكىن، ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە قانات يايدۇرۇلۇشى يېقىنقى ئىش بولغاچقا، ئەنئەنىۋى «بىر چىشى مۇنارىسى» ئەندىزىسىدىكى ئالىي مائارىپ قارىشى ھېلىھەم زور تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. شۇڭا، ئېلىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ ئائىلە بىلەن مەكتەپ ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش ئەمەلىيىتىدە، يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت:

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ئېلىمىزدە نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ يەنىلا ئەنئەنىۋى مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئالىي مائارىپ بىلەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ماھىيەتلىك ئوخشىماسلىققا ئىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش جەريانىدىكى رولى چەكلىك، دەپ قاراۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىستۇدېنتلارنى تەربىيەلەش جەريانىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا سەل قاراۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ «تىلى بىر دىلى باشقا» بولماقتا.

ئىككىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسىدە سىستېمىلىشىش ۋە قائىدىلىشىش كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە پائالىيىتى كۆپ ئەمەس، ئاتاقتىلا بار، ئەمەلىيىتى ئاز. مەكتەپلەردە مەخسۇس تارماقلار بارلىققا كەلتۈرگەن ئائىلە، مەكتەپ ئالاقە پائالىيىتى پىلانى، تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇش چارىسى يوق، ئاتا-ئانىلار دائىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەلۇم تارماقلىرى تەشكىللىگەن سىمۋول خاراكتېرلىك پائالىيەتلىرىگىلا قاتنىشىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئىشلىرى ۋە ئۇنى باھالاشقا ناھايىتى ئاز ئارىلىشىدۇ، مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەدبىر بەلگىلىشىگە قاتنىشىشى ناھايىتى ئاز.

ئۈچىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپلەر ئالاقىسىنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكى كەمچىل، كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەر ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسىنى ئاساسلىقى يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەن ۋە ئوقۇغۇچىلاردا مەسىلە كۆرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋاقىتلاردا قانات يايدۇرىدۇ، باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئاساسەن ئالاقىلاشمەيدۇ. خىزمەتتە ئىزچىللىق كەمچىل بولغانلىقتىن، مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئائىلە تەربىيەسىنىڭ بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىشى تەس، مەكتەپنىڭ ئالاقىلىشىشىنىڭ ئۈنۈمى ئاز بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ ئالاقىلىشىش شەكلى نوقۇل. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئائىلە بىلەن مەكتەپ مۇناسىۋىتىدە كۆپرەك قوللىنىدىغان ئاساسلىق شەكلى — خەت يېزىش، تېلېفوندا ئالاقىلىشىش ياكى ئاتا-ئانىلارنى تەكلىپ قىلىپ سۆزلىشىش. بۇ ئالاقىلىشىش شەكلىنىڭمۇ مەلۇم ئېۋەنلىرى بار. تېلېفوندا ئالاقىلىشىش ۋاقتىدا بولىدىغان ئىش بولسىمۇ، ۋاقتى قىسقا، تەننەرخى يۇقىرى. ئاتا-ئانىسىنى تەكلىپ قىلىپ سۆزلىشىش بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان، ئۇنىڭ پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بەزى ئالىي مەكتەپلەر رايون دائىرىسىدىكى ئاتا-ئانىلار يىغىنى چاقىرىش، تور پونكىتى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، جۇغراپىيەۋى، خىراجەت، ئائىلە ئىقتىسادى ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، ئۇنى ئومۇملاشتۇرالمايۋاتىدۇ. ئالاقىلىشىش يوللىرىمۇ نوقۇل بولۇۋاتىدۇ، ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ مەزمۇنى ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

بەشىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسىدە سۈرەلمىلىك مەۋجۇت. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەلىنىشى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشى ناھايىتى ئاز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسىدە چوڭ چاتاق چىققان، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان، تاسادىپىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىنلا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مەكتەپ خىزمىتىگە ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3 . ئېلىمىز ئالىي مائارىپىدا كەلگۈسىدىكى ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەسەۋۋۇر

نۆۋەتتە، ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشىدا ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭ ئىچىدە، ھەم مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى تونۇشى مەسىلىلىرىمۇ، ھەم رېئال شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرمۇ بار. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپلەر پۈتۈن مەملىكەتتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچى مەنبەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن كېلىدۇ. ئۇ جۇغراپىيەۋى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئىستۇدېنتلارنى تەربىيەلەش ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشكە ئوخشاش، دائىم ئائىلە زىيارىتى قىلىش، دائىم ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئېچىش شارائىتى ھازىرلىنىپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، تۆۋەندىكىلەر سىناپ كۆرۈلسە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇ- ئوقۇتۇشىدىكى ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسى كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەر ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىشى كېرەك. بۇ تارماقنىڭ ۋەزىپىسى-- ئېلىمىزدىكى ئالىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش، دوست تۇتۇش، مۇھەببەت باغلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش

جەمئىيەتلەردە دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋاقتىدا ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈش، تۈرلۈك رايونلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئائىلە ـ مەكتەپ ئالاقىسى خىزمىتىنى ئىشلەش بولۇشى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئائىلە بىلەن مەكتەپ ئالاقىسىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۇنىڭ ئۇسۇلى، يولى، ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ھەممىدە ھەر قېتىملىق مۇھاكىمە مەزمۇنى توپلام قىلىنىشى، ئاندىن ھەر قېتىملىق ئائىلە ـ مەكتەپ ئالاقىسى يىغىنىدىن كېيىنكى ئالاقىدار مەزمۇنلار مۇشۇ سەپتە خىزمەت قىلىۋاتقان يېتەكچىلەر، سىنىپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى سەۋەنلىكلەر ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تور ئالاقىسى سۈپىتى تەسىس قىلىنىشى كېرەك. تور ئۇچۇر يەتكۈزۈشتىكى يېڭى ۋاستە بولۇش سۈپىتىدە، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كۈنسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. ئۇ ئېچىۋېتىلگەن بولۇش ۋە ئۆز ـ ئارا بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەكتەپ بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئالاقىلىشىش ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇڭا بىز بارلىق ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مەكتەپ توردا پىكىر ئالماشتۇرۇش سۈپىتىنى ئېچىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى تور ئارقىلىق ئىنكاس قىلىپ، مەكتەپ تەرەپكە ۋاقتىدا يەتكۈزەلەيدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا پايدىلىق. يەنە بىر تەرەپتىن ، مەكتەپمۇ تور ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلارغا ئۇقتۇرالايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش ۋە باشقۇرۇشقا ئاگاھلىق قاتناشتۇرۇلۇپ، مەكتەپ بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرىسىدا زىچ ھەمكارلىق ئورناتقىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئارخىپى كارتىسى تەسىس قىلىپ، ئالىي مەكتەپ يېتەكچىلىرى خەت يېزىش، تېلېفون بېرىش، قىسقا ئۇچۇر يوللاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، تور بولمىغان ئەھۋالدا ئائىلىلەر بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشقا قولايلىق ياراتقىلى بولىدۇ. مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئائىلە تەربىيەسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگىلى، ئۆز ـ ئارا تولۇقلايدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئەندىزە بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغان ئالاقە مېخانىزمى ئورنىتىشقا، ئالىي مائارىپنىڭ ئىنسانىيلىشىش ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق. چۈنكى، خەت يېزىش، تېلېفون بېرىش ياكى قىسقا ئۇچۇر يوللاش ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مەكتەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇشقا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىكى نەق مەيدان تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىستۇدېنتلار ئىچىدە يالغۇز پەرزەنتلەر كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن پىسخىك مەسىلىلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ۋە مەكتەپتىكى ئىپادىسى ئوخشاش بولمىدى.

نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ ئالاقىسىنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق تەتىلىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بولدى. نەق مەيدان تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىدىكى ئىپادىسى بولدى. ئۇ ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىقى

تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۆگىنىش ئەھۋالى، ئەمگەككە قاتنىشىش ئەھۋالى، دوست تۇتۇشتىكى ئىپادىسى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. ئىككىنچىسى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى، باشقۇرۇشى ئۈستىدىكى تەكلىپلىرى، مەكتەپلەرنىڭ دەرس تەسىس قىلىشىغا دائىر تەكلىپلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ۋە ئۇنى ياخشىلاشقا دائىر تەلەپلىرى، ئوقۇغۇچىلارنى غايە جەھەتتە ئۆزى بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈشكە يېتەكلەشكە دائىر مۇۋاپىق تەكلىپ قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ ئۇسۇل ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ يۈز-تۇرانە پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق، ھەم مەكتەپنىڭ ماكرولۇق باشقۇرۇشى ۋە مىكرولۇق ئوقۇتۇشىنى كۈچلۈك تەڭشەش- تىزگىنلەش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قىسقىسى، بىز ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشتىكى سىستېمىلىقلىق، قېلىپلىشىش كەمچىل بولۇش ئەھۋالى، مەكتەپ بىلەن ئائىلە ئالاقىسى نوقۇل بولۇش، سۆرەلمىلىك ھالىتىدە بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى قىسمەن مەكتەپلەرنىڭ ئائىلە بىلەن مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئالاقىدار تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مەكتەپ بىلەن ئائىلىنى بىرلەشتۈرۈش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئائىلە بىلەن مەكتەپ ھەمكارلىقى ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئائىلە بىلەن مەكتەپ مۇلازىمەت فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنى لاياقەتلىك قۇرغۇچىلار ۋە ئىشەنچىلىك ئىز باسارلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىششىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار


[1]罗福建. 大学家校合作:问题、原因与对策[J]. 浙江师范大学学报(社会科学版), 2009, (2) .

[2]陈世用、刘萍. 高校学生思想政治工作实践性探索[J]. 黑龙江高教研究, 2007,(2).

[3]陆瑾、夏骄雄. 高校中家校合作教育的策略研究[M]. 中国青年政治学院学报, 2008,(5).

[4]陈昉. 家校合作:一种特殊的交往[M]. 当代教育科学, 2008,(3).

[5]刘衍玲、臧原、张大均. 家校合作研究述评[M]. 心理科学, 2007,(2).

[6]谢云. 家校联合共促大学生的心理健康教育[M]. 文史资料, 2009,(9).

[7]叶志锋. 努力构建高校和谐的新型家校沟通机制[M]. 中国科教创新导刊, 2009,(19).


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 03_008_08

# ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى توغرىسىدا*

ئابدۇۋەلى ھىمىت نىزامى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى مىللەتلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، دىنىي ئېتىقادى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ھەرىكەت شەكلى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمدە ئىپادىلەنگەن ئۆز-ئارا ياردەملىشىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كەمبەغەل- مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىش، جامائەت ئىشلىرىغا خالىس قاتنىشىش قاتارلىق خەيرى- ساخاۋەت ئەنئەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ، كېسەللەرگە كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى كۈتۈش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئەنئەنىسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى بايان قىلىنىپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى رولى مۇھاكىمە قىلىندى.

**摘要:** 社会保障文化是指每一个民族在长期的生产和生活过程中形成的宗教信仰、思维方式、价值观、伦理道德、行为形式和组织制度及其表现出来的互助互济、慈善行善传统。本论文阐述了维吾尔族传统文化中的爱老尊老、照顾病人、社会福利和社会互助传统，在此基础上提出了这种传统社会保障文化的挖掘、宣传和发扬对更加完善目前所实施的城乡社会保障制度的作用。

**Abstract:** Social guarantee culture refers to charity traditions like mutual aid, respect for elders, help for the poor, civic participation, and other customs created by each nation during a long process of production and living, and expressing each nation's religious beliefs, thinking habits, values, moral system, behaviors, and organizational structure. This paper will discuss Uyghurs' social guarantee traditions, including respect for elders, concern and caring for the sick, social welfare, and social cooperation, and will discuss the role of uncovering, promoting, and developing these traditions in perfecting the social guarantee system currently in place

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C913.7 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىجتىمائىي كاپالەت دېگەندە، ھەر بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ ، داۋالىنىش، تەربىيەلىنىش ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش كاپالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ يۇقىرىقى كاپالەتلەرنى نوقۇل ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 3- ئاينىڭ 21-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار تەتقىقات فوندى شىنجاڭ يېزا ئاممىۋى سوغۇرتا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەتقىقاتى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرى فوند تۈرى (تۈر نومۇرى: BS100208) ھەم شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى ۋە يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى تەتقىقاتى تۈرى (تۈر نومۇرى: 10YJC840001) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
**ئاپتور:** ئابدۇۋەلى ھىمىت نىزامى (1974- يىلى 1- ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتور، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىلمى ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ھەم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بۇ كاپالەتلەرگە ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، قوشنا-قولۇم، يۇرت-جامائەت، جەمئىيەتنىڭ ياردىمى ۋە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئارقىلىق ئىگە بولىدۇ. «نامراتلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مۇستەسنا بولالمايدىغان بىر ھادىسە بولۇپ، نامراتلىق سەۋەبىدىن كىشىلەر ياردەمگە مۇھتاج بولىدۇ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىنسانىيەت ھەر خىل سەۋەبتىن پەيدا بولغان نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن رەسمىي ۋە بىرەسمىي تۈزۈملەرنى كۆرسىتىدۇ»[1].

ئامېرىكىلىق ئالىم ھېنرى.گىئورگىس مۇنداق دېگەن :«ھەربىر جەمئىيەت مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ بىلىمى، ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى، تىلى، قىزىقىشى، تۈزۈمى ۋە قانۇن تۈرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئۆلۈپ كەتكىچە بولغان ھاياتلىق جەريانى باشتىن ئاخىر مۇشۇ ئىجتىمائىي تور ئىچىدە بولىدۇ. مۇشۇ تور دائىرىسىدە ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ»[2]. «ھېنرى.گىئورگىسنىڭ بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسى داۋاملىشىپ بارىدىكەن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ داۋاملىشىپ بارىدۇ. مەيلى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە بولسۇن، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى مىللىيلىققا ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل مىللىيلىق، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ»[3].

ھەر بىر ئىنسان مەلۇم بىر مىللەت، دىن، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن مەلۇم مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر-بىر شەخسنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئائىلە قۇرۇشى، كېسەل بولغاندا بېقىلىشى، نامراتلىشىپ كەتكەندە ماددىي ياردەمگە ئىگە بولۇشى، ياشانغاندا كۆتۈنۈشى، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى، شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرگە چوڭقۇر ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئىنسانلار ئەمگىكىگە، جەمئىيەتكە ۋە مەدەنىيەتكە زىچ باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. « ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، دىنىي ئېتىقادى، تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ھەرىكەت شەكلى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمدە ئىپادىلەنگەن ئۆز-ئارا ياردەملىشىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش،كەمبەغەل- مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىش، جامائەت ئىشلىرىغا خالىس قاتنىشىش قاتارلىق خەيرى-ساخاۋەت ئەنئەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي كالەت تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىدە دىنىي ئىدىيەلەر مۇھىم رول ئوينىغان، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئىجتىمائىي كاپالەت نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى»[4] . «دىنىنىڭ ئەھكام، قائىدە، قانۇن ۋە قىممەت قارىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ، ئىش-ھەرىكەت ۋە قىممەت قاراشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. دىندىكى ئادىل بولۇش، كەمتەر بولۇش، ئاتا-ئانىغا سادىق بولۇش، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ھاراق ئىچمەسلىك، زەھەر چەكمەسلىك، نامراتلارغا ياردەم بېرىشتەك ئەخلاق قارىشى ئېتىقادچىلارنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياخشى بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ»[5] .

غەرب مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ، ھامان ماسلىششچانلىققا ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماسلىششچانلىقى، ئەڭ ئاۋۋال، بىر مىللەتنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتقا ماسلىششچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تىپىك بوستانلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق تىپىدىكى مەدەنىيەتكە تەۋە مىللەت. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، يەر كەكرى، ئادەم ئاز، بوستانلىقلارنىڭ ئارلىقى يىراق، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى جاپالىق بولۇپ، مۇشۇنداق مۇھىت ئۇيغۇرلاردا جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئىنسانىنى سۆيىدىغان، قىزغىن، مېھماندوست، بىر-بىرگە ياردەم بېرىشنى

خوشاللىق دەپ بىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، تارىخنىڭ توختاۋسىز ئۇزۇن ئېقىنلىرىدا ئۆزىگە خاس بولغان يېتىم-يېسىر، غېرىپ-غۇرۋالارگە ياردەم بېرىش، كېسەل-مەجرۇھلارغا مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش، ياشانغان مويسپىتلەرگە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈرۈش، قوشنا-قولۇملار ئىناق-ئىجىل ياشاپ، بىر-بىرىگە ياردەملىشىش، جامائەت ئاممىۋى ئىشلىرىغا خالىسانە كۈچ ۋە پۇل چىقىرىش، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىنى چەكسىز قايغۇ-ئەلەم بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزۇتۇپ، ئۇلارنى دائىم ياد ئېتىپ، تۇپراق بېشىنى دائىم يوقلاپ تۇرۇشتەك ناھايىتى قىممەتلىك ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ 80 % يېزىلاردا بولۇپ، ھازىرمۇ ھەرخىل ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت مەدەنىيىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش بۈگۈنكى دەۋردە بەرپا قىلىنىۋاتقان ۋە ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان شەھەر ۋە يېزىلارنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى(يېزا ـ بازار ھەمكارلىشىپ داۋالاش سۇغۇرتىسى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى........) تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاۋۇپ بېرىۋاتقان ھەر تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي خەۋپ-خەتەر ئالدىدا ھەر بىر كىشىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1 . ئۇيغۇرلاردىكى ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە كۈتۈش ئەنئەنىسى

تۇغۇلۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش، ياشىنىش ۋە ئۆلۈم، ھەر بىر ئىنسان بېشىدىن كەچۈرىدىغان مۇقەررەر ھاياتلىق قانۇنىيىتى. ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۈتۈش، بىر ئادەم، بىر ئائىلە ۋە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلاردا بالىغا ياخشى ئات قويۇش، تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈش، ھۈنەر-ئىلىم ئۆگىتىش، تويىنى قىلىش، ئاتا-ئانىنىڭ قەرزى. ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ياخشى قاراش، مېيىتىنى ئۇزۇتۇش پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى دېگەن قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇيغۇرلار« ئاتا-ئانىنى ئائىلىنىڭ پاسبانى ۋە تۈۋرۈكى دەپ قاراپ، ھەممە ئىشتا ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئائىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا بوۋىسى ياكى دادىسى قارار چىقىرىدۇ، ئۇلار ھايات بولمىسا، مومىسى ياكى ئانىسى قارار چىقىرىدۇ. كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا، مېھماندارچىلىق، مۇراسىملاردا، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە چوڭلار ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدۇ، يېشى چوڭلار تۆرگە باشلىنىدۇ، تاماق ئاۋۋال چوڭلارغا تارتىلىدۇ، چوڭلار ئاۋۋال گەپ باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىش ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ.چوڭلار ئالدىدا تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، پۇتنى كېرىپ ئولتۇرۇش، قوپال گەپلەرنى قىلىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ»[6].

كۆپ قىسىم ئاتا- ئانىلار كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ئوغلى كۆپ بولسا، كىچىك ئوغلى تويى قىلىپ بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ، ئوغۇل بىلەن كېلىن ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئوغلى بولمىسا، ياتلىق بولغان قىزلىرى ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ، مۇڭدىشىدۇ. بىر مەھەللە ياكى بىر كەنتتە، بىرسى ئالەمدىن ئۆتسە، شۇ جايدىكى قوشنا-قولۇم، ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل-جامائەت، ھازىدار ئائىلىگە بېرىپ، ئۇلاردىن ھال سورايدۇ ۋە مېيىتنى بىرلىكتە يەرلىككە ئۇزىتىدۇ، ئۇ ئائىلىگە تاماق ئېتىپ ئاپىرىپ ھازىدار ۋە يىراق-يېقىندىن كەلگەنلەرنى ئۇزۇقلاندۇرىدۇ. يىراق يۇرتلاردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپسا ئالايىتەن كېلىپ تەسەللىي بېرىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدىكى ئەرلەرنى ئاساس قىلغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى قاتارلىقلاردا تاڭ سەھەردە تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا دۇئا

www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغان ئائىلىلەردە بىر يىلغىچە توي-تۆكۈن، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى مېھماندارچىلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەي ھازا تۇتىدۇ. يۇقىرىقىدەك ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتەك ئېسىل ئەنئەنە بولغاچ، كۆپ قىسىم ياشانغان بوۋاي- مومايلار ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە قەدىرلىنىپ ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خوشال- خورام ئۆتكۈزىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈدىغانلار كۆپ رايوننىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كىلاسسىك ئەسەرلەردىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. نەۋايىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» دىگەن ئەسىرىدە شۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش پەرزەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر»، «پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن بىردىنبىر ۋەزىپە بىلىپ، ئاتا- ئانىسى ھەرقانچە كايىسىمۇ ئىتائەت بىلەن تۇرۇشى كېرەك»، «ئاتا-ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان پەرزەنت ئەنە شۇ ياخشى ئەخلاقى ۋە خىزمىتى بەدىلىگە ئۆمۈرۋايەت بەخت-سائادەتلىك بولىدۇ»[7].

بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش سەۋەبىدىن چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىش، شۇنداقلا كىچىك كۆلەملىك ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىپ، باللار سانىنىڭ ئازىيىشى، ھەددىدىن ئارتۇق ئەتىۋارلىنىشى تۈپەيلىدىن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشتەك ياخشى ئادەتلەر سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىشچى -خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى شەھەرلەردىكى كۆپ قىسىم ياشانغانلارنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى، ھازىر ئۇلارنىڭ كۈتىدىغىنى باللىرىنىڭ ئۇلارغا ماددىي ياردىمى ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىن باللىرىنىڭ ھۆرمەتلىشى ۋە دائىم ئۆزلىرىنى يوقلاپ مۇڭدىشىپ تۇرۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى چوڭلارنى ھۆرمەتلەشتەك ياخشى ئادەتلەرنى، ئاتا-ئانىسىغا ياخشى قارىغان تىپىك شەخسلەرنى ۋە ئائىلىلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

## 2 . ئۇيغۇرلاردىكى كېسەللەرگە كۆيۈنۈش ۋە كۈتۈش ئەنئەنىسى

كېسەللىك ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇستەسنا بولۇشى قىيىن بولغان خەۋپ - خەتەرنىڭ بىرى. بىر ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى شۇ ئائىلىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنداقلا بىمارغا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كېسەللەرگە ياخشى قاراش، پاكىزە مۇھىت يارىتىپ بېرىش، ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئېلىش، ئۇلارغا روھىي تەسەللى بېرىش، شۇنداقلا كېسەلنى داۋالايدىغان يەرلىك مىللىي تېبابەت ئۇسۇللىرىنىڭ سەۋىيەسى بىر مىللەت ۋە بىر ئائىلىنىڭ مەدەنىيلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پاك، ساغلام، ئاق كۆڭۈل، قىزغىن ۋە ساغلام روھ يېتىلدۈرۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇلار يەنە يېمەك- ئىچمەك جەھەتتىكى ئىستېمال بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە ئادەمنى مەس قىلىدىغان، روھىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان، تەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يېمەك- ئىچمەكلەرنى مەنئىي قىلىنىدۇ. مەسىلەن: نەشە، كوكائىن، ئەپيۇن، ھاراق، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلار، قان قاتارلىقلار. «ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇزۇن زامان كۆزىتىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مىزاجىنى قۇرۇق ئىسسىق(سەپرا)، ھۆل ئىسسىق (قان)، ھۆل سوغۇق(بەلغەم)، قۇرۇق سوغۇق(سەۋدا) دىن ئىبارەت تۆت خىل مىزاجغا ئايرىپ چىققان ھەم يەنە ھەر بىر مىزاجنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق بىر نەچچە خىلغا ئايرىپ داۋالىغان»[8]. ئۇيغۇرلاردا « كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ » دېيىدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار، شۇڭا ئائىلىلەردە بىمارغا كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن،

مەخسۇس ئىسسىق ۋە سوغۇقلۇق، قۇۋۋەتلىك ، سۈيۈق سىلەڭ تاماق ئېتىپ يېگۈزۈلىدۇ. بىمار پاكىزە مۇھىتتا بېقىلىدۇ، بىمارغا كۆڭۈلسىز گەپلەر، كۆڭۈلسىز ئىشلار ئېيتىلمايدۇ، بىمارنىڭ ھەر خىل ئەيىبلىرى، ئائىلىگە ئېلىپ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرى باشقا كىشىلەرگە دېيىلمەيدۇ . ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ئۈچ ئىش مۇھىم دەپ قارىلىدۇ: بىرىنچى، ئىلىم-ھۈنەر ئېلىشقا ئالدىراش. ئىككىنچى، باشقىلارنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشقا ئالدىراش. ئۈچىنچى، كېسەللەرنى يوقلاشقا ئالدىراش. ئۇيغۇرلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى، قوشنا-قولۇملىرى، خىزمەتداشلىرى ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، ئائىلىسىگە ياكى دوختۇرخانىغا بېرىپ ، پۇل- پۇچەك، قۇۋۋەت بولىدىغان يېمەك-ئىچمەك، خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن بىمارنى يوقلاپ، مۇڭدىشىپ تەسەللى بېرىدۇ. يېشى بىر قەدەر چوڭ كىشىلەرنىڭ ئاساسىي تېببىي ساۋاتلىرى بولىدۇ، مىزاجىنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقىغا ئاساسەن يېمەكلىك بىلەن مىزاج تەڭشەش ۋە پەسىلگە قاراپ، يېشىغا قاراپ ئۆزۈقلىنىشنى بىلىدۇ. ئادەتتىكى زۇكام، يۆتەل، قىزىش، قوقاق قاتارلىق كېسەللەرنى يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن تېۋىپقا كۆرۈنمەيمۇ ئۆزلىرى داۋالىيالايدۇ. ئاتا-ئانىسى ئاغرىپ قالسا بارلىق داۋالىنىش خىراجەتلىرىنى پەرزەنتلىرى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالىدۇ. قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قوشنا-قولۇملىرى ئاغرىپ قالسا كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىدۇ.

نۆۋەتتە يېزىلاردا «يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالاش سۇغۇرتىسى» تۈزۈمى، شەھەرلەردە شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ «ئىجتىمائىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسى خېلىلا ياخشىلانغان بولسىمۇ، داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ يۇقىرى چېكى ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكى (يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالاش سۇغۇرتىسى يۇقىرى چېكى دېھقانلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئالتە ھەسسىسى، يەنى 20 مىڭ يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىلىدۇ) ئۈچۈن بەزىبىر ئېغىر كېسەللەر داۋالىنىش خىراجىتى جەھەتتە يەنىلا قىينىلىدۇ. شەھەر ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئاتچوت نىسبىتى % 80 ئەتراپىدا بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئېغىر كېسەللەر يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. بىمار نوقۇل داۋالىنىشتىن باشقا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە روھىي تەسەللىسىگە مۇھتاج. شۇڭا كېسەللەرگە كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى كۈتۈش ئەنئەنىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىناق ئائىلە ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3 . ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئەنئەنىسى

ھەر بىر كىشىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، تۇغما ئىقتىدارى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، تەن ساپاسى، روھىي-پسىخىكىسى قاتارلىق ئامىللىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، مۇشۇ جەھەتلەردىن پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ قالغانلار نامراتلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. نامراتلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئورتاق بولغان بىر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، بايلىقلارنى تەقسىملەش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش، ئاجىزلارغا كۆيۈنۈش ئۇسۇللىرىدا پەرقلىق ھالدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولىدۇ.

« ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشىدىكى سەۋەبى: ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى ئۆسۈملۈك ئېكسپلاتاتسىيەنى چەكلىشى ۋە نامراتلارغا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىدۇر»[9] .

«ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق شەكىللىرى بولسا: (1) زاكات تۈزۈمى. (2) سەدىقە بېرىش. (3) ۋەخپە تۈزۈمى. (4) يوقسۇللارنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىش. (5) مىراسنىڭ قايتا تەقسىملىنىشى. (6) جەڭ غەنىمەتلىرىنى مۇئەييەن نىسبەتتە يوقسۇللارغا تەقسىملەپ بېرىش. (7) جازانىخورلۇقنى قاتتىق مەنئىي قىلىش ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىقى
www.uyghurkitap.com



نامراتلارنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش»[10] . « ئۆشرە-زاكات بېرىش مۇسۇلمانلارنىڭ بەش چوڭ پەرزىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا بايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە سەدىقە، زاكات ۋە باشقا خىلدىكى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىنغان ۋە شۇ ئارقىلىق سىنىپىي پەرق سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەتلەر ئاجىزلاشتۇرۇلغان. بايلار مەيلى ئىسلام دىنىدىكى زاكات، سەدىقە ۋە يېتىم - يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق (پەرز) لار سەۋەبىدىن بولسۇن، يىلدا ئۆز مال-مۈلۈكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى كەمبەغەل، يېتىم-يېسىرلار ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلارغا زاكات ھېسابىدا ھەدىيە قىلغاندىن باشقا، قەرەلسىز ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئېشىنچە پۇلى، ئاشلىقى، كىيىم-كېچەكلىرى ۋە باشقا مۈلكىدىن سەدىقە بېرىپ، يوقسۇلدەك كىشىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەپ كەلگەن. بايلار ئۆز مال-مۈلكىنىڭ 40 / 1 نى يەنى% 2.5 نى، دېھقانلار ياكى ھەرقانداق يەر ئىگىسى ئۆزى تېرىغان زىرائەت ھوسۇلىنىڭ 10 / 1قىسمىنى، يەنى % 10 نى ئۆشرە ھېسابىدا يېرى يوق ياكى ئاشلىقى كەمچىل كىشىلەرگە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن. بۇنداق ياردەم ئوبيېكتلىرى ئومۇمەن كەمبەغەللەر، مىسكىنلەر، زاكات خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر، ئىسلامغا مايىل بولغانلار، قۇللار، قەرزدارلار، مۇساپىرلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت توققۇز خىل ئادەم ياكى ساھە بولغان. يەنە ‹پىتىر زاكات › دەپ ئاتىلىدىغان زاكات ياكى سەدىقىمۇ ئاۋام خەلق رامىزان ئېيىدا يوقسۇل ئوبيېكتلارغا ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىقنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئادەتتىكى چاغلاردا بېرىدىغان سەدىقىمۇ دىنىي قائىدە بويىچە پىتىر زاكاتنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر (مەيلى مۇسۇلمان ئۇيغۇر بولسۇن ياكى غەيرى مۇسۇلمان ئۇيغۇر بولسۇن) ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ياخشىلىق قىلىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۆشرە ۋە سەدىقە كۈچلۈك دىنىي مەجبۇرىيەت تۈسىگە ئىگە پائالىيەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي خۇسۇسىيەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى سەۋەبىدىن، ئۇلار دىن كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ھادىسىدۇر. بۇنداق زاكات، ئۆشرە، سەدىقە ۋە ئىئانە قاتارلىقلار، رېئال ئەخلاق سۈپىتىدە ئۆرپ-ئەدەتكە ئايلىنىپ، جەمئىيەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە مالمانچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك روللارنى ئوينىغان»[11] .

« قۇتادغۇ بىلىك »داستانىدىمۇ كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش توغرىسىدا مۇنداق بايانلار بار:

6096. سېخى ۋە كەمتەر بول،(كىشىلەرگە) نان-تۇز يېگۈز،

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچما، يۆگەپ يوشۇرغىن.

6098. ئۆز پايداڭنى كۆزلىمە، خەلق پايدىسىنى كۆزلە،

ئېغىرىڭنى خەلققە ئارتما،(ئۆز) يۈكۈڭنى (ئۆزەڭ) كۆتۈر.

6099. مال-تاۋارلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭ ئۈچۈن سەدىقە قىل، خەلقنى شات- خورام قىلغىن، ئەي ئۇلۇغ ئالىم.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كەمبەغەللەرگە، تۇل-خوتۇن، يېتىم- يېسىرلارغا، قېرى - ئاجىزلارغا، كېسەل-مېيىپلەرگە ئىچ ئاغرىتىش، ياردەم بېرىشنى دىنىي مەجبۇرىيەت، ياخشى پەزىلەت، ئادەم بولۇشنىڭ يولى دەپ قاراپ كەلگەن. بۇنداقلارغا ياردەم بەرگەن سېخى، مەرت، قولى ئوچۇق كىشىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ ، تەرىپلىنىپ كەلگەن.

نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا 2 مىليون 160 نەپەر تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئوبيېكتى بار بولۇپ، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇشىغا تەستە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھۆكۈمەتكە تايىنىپ كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، خەلق ئارىسىدىكى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن، رېھان قاسىم خانىم باشچىلىقىدىكى «مېھرىبان ئانىلار جەمئىيىتى»، ھەسەنجان ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى «مېھرىبان ئاتىلار جەمئىيىتى»، يالقۇن ئوسمان باشچىلىقىدىكى «يېزا مەكتەپ پىدائىيلىرى» قاتارلىق پىدائىيلار جەمئىيەتلىرىنىڭ خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى، خەلق ئارىسىدىكى ئۆز-ئارا ياردەملىشىشتەك ئىجتىمائىي

كاپالەت ئەنئەنىلىرىنى قوللاش، تەشۋىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

## 4 . ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئەنئەنىسى

ئادەم ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ۋاپات بولۇشى ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپتىن شۇنداقلا ئۇ ياراتقان مەدەنىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ياشاپ كېلىۋاتقان ئەتراپىنى قۇملۇق ۋە تاغلار قورشاپ تۇرغان بوستانلىقلاردا، ھەر خىل تەبىئىي ئەپەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن.«ئۇيغۇرلار جامائەت ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان يول-كۆۋرۈك ياساش، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش، ئاممىۋى سورۇنلارنى ياساش، يار يۆلەكسىز تۇل خوتۇن، ئاجىز-مېيىپ، يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش......قاتارلىق ئىشلارنى ھەر بىر جامائەت ساۋابلىق ئىش، ‹ئەلدىن ئەلگە نەپ› دەپ قاراپ ئۇنىڭغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە قىزغىن قاتنىشىپ ئادەتلەنگەن. بۇنداق ھەمكارلىشىش ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[12] .

ئاممىۋى يول، سۇ مەنبەسى، ئاممىۋى خالاجاي، كوللېكتىپ پائالىيەت مەيدانى، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى (مەسچىت، كۆۋرۈك، مەكتەپ....) قۇرۇش ۋە رېمونت قىلىشتا پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ كۈچى سەپەرۋەر قىلىنىدۇ، كۈچى بارلار كۈچ، مېلى بارلار مال چىقىرىپ ھەمكارلىشىدۇ. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە كۈزلۈك يىغىم مەزگىللىرىدە ياشىنىپ قالغان، كېسەل- مېيىپ، باللىرى كىچىك، تول خوتۇن، يېتىم ئوغۇل ئائىلىلىرىنىڭ، يەر تېرىش، بۇغداي- قوناق ئورۇش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا-قولۇم، يۇرت-جامائەت خالىس كۈچ چىقىرىپ ياردەملىشىدۇ. ئۆي سېلىش كۆپ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنىدىغان مۇشەققەتلىك ئەمگەكلەرنىڭ بىرى، يېزا ـ قىشلاقلاردا بىر ئائىلە ئۆي سېلىشقا تەمشەلگەندە ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا- قولۇم خالىس ھەمكارلىشىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا، ئۆينى ئۆرە قىلىپ، ئۇستىنى يېپىپ بولىدۇ. بۇ خالىس ئەمگەككە ئىش

ھەققى بېرىلمەيدۇ، پەقەت ياخشىراق تاماق تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئەمگەك كۈچى يوق، ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېڭى ئۆي سالغۇچىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بىۋاستە ھەمكارلىشالمىغان قوشنىلار، تاماق ئېتىپ قۇرۇلۇشقا ئىشلەۋاتقانلاردىن ھال سوراپ تۇرىدۇ. ئىقتىسادىي ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى ناچار، ياقا-يۇرتلاردىن مۇساپىر بولۇپ قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۆيدىن قىينىلىۋاتقانلار كۆرۈلسە، پۈتۈن مەھەللە تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنداقلارغا ئۆي سېلىپ بەرگەندىن تاشقىرى، بىرەر قۇر ئۆي بىساتىمۇ قىلىپ بېرىشىدۇ. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئۆزۈنىچە ئۆي-ئوچاقلىق بولالمىغان يوقسۇل، يېتىم-يېسىرلارنى جامائەت ئۆز ئىختىيارى يىغىش قىلىپ ئۆيلەپ قويىدۇ. « قۇتادغۇ بىلىك »داستانىدىمۇ مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىش توغرىسىدا مۇنداق بايانلار بار:

495. يات يەردىن كەلگەنلەرگە يار-يۆلەك بول، يېمەك-ئىچمەك بەر، مۇساپىرلارنى قەدىرلە، ئەي دانا ئالىم.

496. ياتلارنى قەدىرلىسە، ئەر يۈزى يورۇق بولىدۇ، مۇساپىرلارغا ياخشى قارىسا، شۆھرىتى تارقىلىدۇ.

«يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، ھەر خىل تەبىئىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېغىر زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىغان، ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ھەمكارلىشىش، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىش يېزا-قىشلاق ئادىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر»[13] . نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى، بوران ئاپىتى، قوم-توپا يېغىش، قاتتىق سوغۇق ۋە ئىسسىق، بىنورمال ھاۋارايى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر؛ مال باھاسى ئۆرلەش، پۇل پاخاللىقى، ئىشسىزلىق، نامراتلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاپەتلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتىدۇ. مەدەنىيەت ئادىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com



ھەمكارلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ئۇرلاندۇرۇپ، تەشۋىق قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر بىرىمىز جەمئىيەت ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە خالىس ياردەم قولىمىزنى سۇنساق، ئىناق، تىنچ، مۇقىم جەمئىيەت ئاساسىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىيەلەيمىز.

ئاپتونوم رايون 2011-يىلىنى «خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى يىلى» قىلىپ بېكىتتى. شەھەر-يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، كاپالەتلىك تۇرالغۇ ، نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق 22 نوقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە مەبلەغ سېلىشىدىن باشقا، يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتنىشىشى ۋە ياردەملىشىشى تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلىش، قېزىپ چىقىرىش ۋە يولغا قويۇشقا ئىلھام بېرىش، گۈزەل ، باي، مۇقىم، ئىناق بولغان جەمئىيەت قۇرۇشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار


[1] شى شېگيۇەن: «ئىجتىمائىي كاپالەت تەرەققىيات تارىخى»، ئىقتىساد باشقۇرۇش نەشرىياتى، 2007- يىلى نەشرى، 183-بەت.

[2] ھېنرى . گىئورگىس(ئامېرىكا): «ئىلگىرلەش ۋە نامراتلىق»، سودا نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى ، 421-بەت.

[3] [4] جېك گۈگچېك: « ئىجتىمائىي كاپالەت ئىلمى» ، سودا نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى، 52-، 319- بەتلەر.

[5][6] ساۋ خۇاڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999- يىلى نەشرى، 118-، 27-، 303 -، 312- بەتلەر.

[7] تۇرغۇن يىلتىز، ئەزىز سارتېكىن: «نەۋايى دۇردانىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، 61-، 63-، 104 -، 106 - بەتلەر.

[8]مۇھەممەتئىمىن ئۇبۇلقاسىم: « ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى مىزاجغا قاراپ ئوزۇقلىنىش ئەنئەنىسى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2009- يىلى نەشرى، 35-بەت.

[10][11] ليۇ تيەنمىڭ، «ئىسلامىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيەسى»، خالىق ئاۋۇت، ئىمىنجان سەيدىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىلى نەشرى، 34-، 35-، 73-، 74-، 75-، 76-، 77- بەتلەر.

[12] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: « ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 501-، 502-، 504- بەتلەر .

[13]ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 316-، 317-، 318- بەتلەر.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

32 - يىللىق 3 - سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 32 卷第 3 期
2011 - يىلى 9 - ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2011 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 07 _ 016 _ 03 (2011) 5878 _ 1005

# ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە*

جۈرئەت ئىسمائىل

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەريانىدا بىر قانچە مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**本文比较全面地分析了进一步加强和改进高校和谐管理工作的重要性，同时指出在进一步加强和改进高校的和谐管理工作的过程中正确处理好几个方面的关系的必要性。

**Abstract:** This paper will thoroughly consider the significance of strengthening and improving the harmonious administration of universities, as well as the importance of correctly handling a number of different kinds of relationships involved in the strengthening and improvement of harmonious university administration.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G64　ماتېرىيال بەلگىسى: A

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ پارتىيەنىڭ 17 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر شەرھلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىزدىن پائال تۈردە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ »، يەنە «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي ۋەزىپە، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تەرەققىيات ئارقىلىق توغرا ھەل قىلىدىغان تارىخىي جەريان ۋە ئىجتىمائىي نەتىجە. » بۇ كۆرسەتمىدە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى بايان قىلىنىپ ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا بىز يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ئوتتۇرغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە ياخشى ئىگىلەپ، ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىناق جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى ۋە ئاساسىي تەلىپىنى ئەتراپلىق ۋە توغرا ئىگىلىشىمىز لازىم.

ئىناق بولۇش دېگىنىمىز : ئادەم بىلەن ئادەم ، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش دېگەنلىك، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ، ئومۇمىي خەلق قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ئەمگىكىگە قاراپ ھەق ئالىدىغان، ھەم ئىناق بىللە ئۆتىدىغان جەمئىيەت بارپا قىلىش دېگەنلىكتۇر. سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت يېڭى ئۇقۇم بولۇپ ، ئومۇمىي خەلق قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ئىجادىيەت كۈچىگە تولغان جەمئىيەت ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

**ئاپتور:** جۈرئەت ئىسمايىل (1973- يىلى تۇغۇلغان )، لېكتور، پارتىيە خىزمىتى ۋە ئىدىيە- سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇنۇملۈك ماسلاشتۇرۇلىدىغان جەمئىيەت ، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تورىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان جەمئىيەت ، مۇقىم ، تەرتىپلىك ، تىنچ، ئىتتىپاق، ھەرخىل زىددىيەتلەر مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىنىدىغان جەمئىيەت. كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ ئىناق بولۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت تۆۋەندىكى ئالتە ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە: دېموكراتىك، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان، ئادىل-ھەققانىي، سەمىمىي-دوستانە ، ھاياتىي كۈچكە تولغان، تىنچ-تەرتىپلىك ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بولۇش قاتارلىقلار.

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئىناق باشقۇرۇشقا يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى، شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

## 1 . ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەكتەپ باشقۇرۇش قارىشىنىڭ ئىناق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ

ئىناق ئالىي مەكتەپ ئىناق جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، ئۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەم ياخشى، ھەم تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسىي شەرت. ئىناق ئالىي مەكتەپ مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام، ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەكتەپنىڭ تەشكىللەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيەلەشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق قوزغاش ئارقىلىق ئوقۇ- ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىش ئىناق مەكتەپ باشقۇرۇش قارىشى بىلەن ماس كېلىشى كېرەك . ئىناق مەكتەپ باشقۇرۇش قارىشى ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە- ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار. ئىككىنچى، مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش. مائارىپ ئادىللىقى ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ ئاساسىي. مائارىپنىڭ پاراۋانلىق خاراكتېرى ۋە ئومۇميۈزلۈك مەنپەئەت يەتكۈزۈش خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئادىللىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى دۆلەتنىڭ تۈپ مائارىپ سىياسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىقلار. ئۈچىنچى، مائارىپ ئىسلاھاتى جەريانىدا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ سالمىقى، تەرەققىيات سۈرئىتى، جەمئىيەتنىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش قاتارلىقلار. تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپلەردىكى كەڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلاردا ئىناق «ئادەم تەربىيەلەش» قارىشىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىناق ئادەم تەربىيەلەشنى ئىشقا

ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلار.

## 2 . ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئىناق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ

ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇشتا ئىلمىي، دېموكراتىك باشقۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشتا، «ئادەمنى ئاساس قىلىش» روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق ئىشىنىپ، يېقىندىن تايىنىپ، ئۇلارنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت، تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ خۇشال، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشتا، دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرتىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، دېموكراتىك ھوقۇق-مەنپەئەتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ كەڭ، تولۇق قوزغاش ـ ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇنداقلا مەكتەپنىڭ ئادەمنى ئاساس قىلغان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەردە رەھبىرىي كادىرلار تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى تىرىشىپ ئورۇنلىشى كېرەك: بىرىنچى، تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىشىشى، دېموكراتىيەلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم . بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى مەكتەپ ھەيئىتى يىغىنى، پارتكوم يىغىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن بېكىتىش لازىم. ئىككىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى قەرەللىك ئېچىش كېرەك. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى خوجايىنلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ پىكىر- تەلەپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. قانۇنچىلىق تەشۋىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار قانۇننى ئاڭلىق ئۆگىنىدىغان ، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ، قانۇننى ئاڭلىق قوللىنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش كېرەك . تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپلەر ئىنستىتۇت(فاكۇلتېت)دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىدا مەكتەپ ئىنستىتۇت(فاكۇلتېت)دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم . ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ ، ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاچقۇچ ـــ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەشكىلىي پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىشتا. شۇڭلاشقا ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلاملىرى دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ

www.uyghurkitap.com



نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

## 3. ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ

ئىناق جەمئىيەت مول مەزمۇنغا ئىگە ئۇقۇم. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن : بىرىنچى، ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك ئاساسىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىناق بولۇشى؛ ئىككىنچى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشى؛ ئۈچىنچى، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشى؛ تۆتىنچى، ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشى قاتارلىقلار. يۇقىرىقىلاردىن ئىجتىمائىي ئىناقلىقنىڭ ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىناق بولۇشىغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، مەكتەپتىكى ھەرخىل مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا پەقەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاساسلىقى مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، باشقۇرغۇچىلار بىلەن ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشى ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم مەزمۇن، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىناق بولۇشى، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ، مەكتەپنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم شەرت. شۇڭا ، ئالىي مەكتەپلەر ھەرخىل مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان تۈرلۈك مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى ئۈنۈملۈك ۋە توغرا ھەل قىلىپ، مەكتەپتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەردىكى تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە قىلىش كېرەك. ئەگەر مەكتەپتىكى تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار رازى بولغۇدەك دەرىجىدە تەڭشىلىدىغان ۋە ماسلاشتۇرۇلىدىغان بولسا ، باشقا كۆپلىگەن زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئاسانغا چۈشىدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ياخشى خىزمەت مۇھىتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. خىزمەت مۇھىتىدا ئاسان پەيدا بولىدىغان توقۇنۇش، كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئارتۇقچە بېسىم بولىدىغان ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ئىناق، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىنتىلىدىغان كوللېكتىپتا خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش ۋە قوغداشقا تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم. ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم ئورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىش كېرەك. بۇنىڭدا باشقۇرغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇشنى بىرىنچى ۋەزىپە قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى يېتەكچى ۋە يول باشلىغۇچىلاردىن بولۇشىنىڭ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ئوقۇتۇش ھەم ئادەم تەربىيەلەش پوزىتسىيەسى، مۇلازىمەت

خادىملىرىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 4 . ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ ئىناق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ

ئىناق جەمئىيەت ــ جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەدەنىيەت بۇلىقى، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم مەنىۋى تۈۋرۈكى. ئۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان مەكتەپ مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىي كەيپىياتنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ كومپلېكس بولۇپ، مەكتەپتە ھەممە تەرەپكە چېتىلىپلا قالماستىن، يەنە مەكتەپ سىرتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشى ، قىممەت يۆنىلىشى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىغا بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىدىغان رولغا ۋە ئادەم تەربىيەلەش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە.

ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەتكە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشتا مەكتەپ تۈزۈمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپتىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش تۈزۈم سىستېمىسىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. خۇددى باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ 2010-يىلى 7- ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك: «مائارىپ بايلىقىنى تەقسىملەش ۋە مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوقۇتۇش ھالقىسىنى كۈچەيتىشكە، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنغان باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك».

ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك تەربىيەلەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە. مەسىلەن، پاكىز، رەتلىك ۋە گۈزەل مەكتەپ مۇھىتى ۋە قىياپىتى، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەر، پاكىز تازىلانغان مەكتەپ يوللىرى ياراتقان ياخشى مەدەنىيەت كەيپىياتى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى پىسخىك جەھەتتە بەختەر، ئازادە ھېس قىلدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، تەشەببۇسكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇنداق يوشۇرۇن تەسىرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئوينايدىغان رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى لاياقەتلىك سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. پائال يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، مول مەزمۇنلۇق مەكتەپ مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئوقۇغۇچىلارنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتۈش، ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش، سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ياخشى پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قابىلىيىتى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشتا ئاساسىي مەزمۇننى ئىگىلەشتىن باشلاپ، بىر قانچە تەرەپنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئورتاق بەرپا قىلىپ ئىناقلىقنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئىناق ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تولۇق تونۇپ، ئىناق مەكتەپ مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆيۈشۈشچانلىقى، ئىجادكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، باشقۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باشقۇرۇش مېخانىزمى تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەشكىلىي قۇرۇلۇش بىلەن قوشۇن قۇرۇلۇشىدا ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ مەكتەپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسىنى كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى شەخسىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەھەتتە، تۈزۈمنىڭ سىستېمىلىقلىقى، مۇمكىنچىلىكى ۋە ئۈنۈملىك بولۇشىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك . ئۈچىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت پائالىيىتىنى مول مەزمۇنلۇق قىلىش كېرەك. ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى ۋە نازۇك مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم-پەنگە تەلپۈنۈشكە يېتەكلەپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئۇلارنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، يېڭىلىق يارىتىش ھەم ئىجادىيەت روھىغا ئىگە بولغان شۇنىڭدەك ھەر قايسى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

## 5 . ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئالىي مەكتەپنىڭ تىنچ ، مۇقىم بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ

ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ تىنچ، ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ 2010- يىلى 7-ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىدە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «تىنچ مەكتەپ، مەدەنىي مەكتەپ ، يېشىل مەكتەپ ، ئىناق مەكتەپ بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپ تورىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا بىخەتەرلىك تەربىيىسى بېرىش ۋە مەكتەپ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ ۋە مەكتەپ ئەتراپىنىڭ ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك.» ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىنچ، مۇقىم بولۇشى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئالىي مەكتەپنىڭ تىنچ، ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي قوغداش ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشتىكى ئۇلۇغ خىزمەت. ئەگەر مەكتەپتە زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ۋەقەلەر پات-پات يۈز بېرىدىغان ، تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان بولسا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈپ، خاتىرجەم ئوقۇتۇش ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا مەكتەپ باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىش كېرەك. بىرىنچى، مەكتەپ باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياخشى مەكتەپ ئىستىلى، ئوقۇتۇش ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلىنى بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىدئەتچىلەر ۋە تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل ئۇچۇر ، ناچار ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرىنى قەتئىي چەكلەش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مائارىپنىڭ ئىجادكارلىق ھاياتىي كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئىناقسىزلىق ئامىللىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش كېرەك. ئىككىنچى، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئەرزىيەت تۈزۈمىنى ، پارتىيە-ھۆكۈمەت

يېتەكچىلىكىدىكى ئاممىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، بىخەتەر تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ، زور ۋە پەۋقۇلئاددە بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك. تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش-باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تۆتىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە مۇداپىئە كۆرۈش، تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپ ۋە مەكتەپ ئەتراپىنىڭ ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئاساسىي خىزمەتلەرنى بوشاشماي كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىناقلىقىنى، مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم. بەشىنچى، ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغداش كېرەك. سىياسىي مۇقىملىق، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ۋەتەننىڭ باي-قۇدرەت تاپقانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. شۇڭا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك، سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇپ ۋە ئۇنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش كېرەك.

ئالىي مەكتەپلەرنى ئىناق باشقۇرۇش قېيىن، مۇرەككەپ بولغان سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە مەكتەپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان ئۇزاق مەزگىللىك تېما. ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىش بارلىق ئىشچى-خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ، شۇڭا، ئالىي مەكتەپنى ئىناق باشقۇرۇش جەريانىدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، مەكتەپنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىشنى چىڭ ئىگىلەپ، پۈتۈن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇش قىلىش، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تەرەققىياتنى كۆزلەپ، تەرەققىيات ئارقىلىق ئىناقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادىللىق ئارقىلىق ئىناقلىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، مۇقىملىق ئارقىلىق ئىناقلىقنى قوغداپ، ئىناقلىق ئارقىلىق تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىنچ مەكتەپ، مەدەنىي مەكتەپ، ئىناق مەكتەپ بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، بارلىق ئامىللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ مەكتەپنىڭ ئىناقلىقىغا ھەممە ئادەم مەسئۇل بولىدىغان، ئىناق مەكتەپتىن ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولىدىغان جۇشقۇن ۋەزىيەتنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. خۇ جىنتاۋ: «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدىكى سۆز»، شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى(ئۇيغۇرچە نەشرى)نىڭ 2010 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.
2. «17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى.
3. جۇ يۇڭشۇ: «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش »، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى، 2006-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

32-يىللىق 3-سان
2011-يىلى 9-ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 32 卷第 3 期
2011 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 11-023-03 (2011) 5878-1005

# تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ھەققىدە*

## زەمىر سەئىدۇللازادە

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تېپىشماق ئالاھىدە بىر تۈر بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىققا ئىگە. ئۇنىڭدىكى بۇنداق كۆپ قاتلاملىق مەزمۇن ئالاھىدە شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال ئاساسىدا تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى، ئوخشىمىغان مەزمۇنلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇلغان ئاساستا مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئەتراپلىق شەرھلىنىدۇ.

**摘要：** 在塔吉克民间文学中谜语是独有特色的一种文学形式，有多层次的含义，它这种多层次的含义的表现形式也很特别。本文在第一手资料的基础上较全面地分析了中国塔吉克族民间文学中谜语的内容特征，个不同内容在谜语中表现形式等学术问题，用实际的例子阐明塔吉克族民间谜语在内容方面的独有特点。

**Abstract:** Riddles comprise a special genre within Tajik folk literature, and are multi-layered in content. This multi-layer content is expressed in a special form. This paper, on the basis of first-hand material, will comparatively discuss Tajik folk riddles' thematic content, the varying forms of expression of different content, and Tajik folk riddles' unique features in terms of content; all this will be explained via appropriate examples.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

تېپىشماق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە بىر ئەدەبىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدە شەكىل بولۇشىدا مۇنداق بىرنەچچە سەۋەب بار: ئالدى بىلەن تېپىشماقتا شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭ ئەسلىدىن باشقا بىر شەيئىگە كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكۈزۈپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدا كۆچۈرۈلگەن خۇسۇسىيەت، ئالامەتلەرگە تايىنىپ، شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىنى تېپىپ چىقىش مەقسەت قىلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئويلاشقا يېتەكلىنىدۇ. تېپىشماقنىڭ ئەقىل-پاراسەتنى سىناش، تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش، كىشىلەرنى بولۇپمۇ باللارنى قىزىقىش ئىچىدە ئويلاشقا رىغبەتلەندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي تۇيغۇلىرىنى يېتىش ئىقتىدارىنى، ئومۇمىلىق بىلەن خاسلىقنى پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى رولىمۇ ئالاھىدەدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېپىشماق باشقا ئەدەبىي شەكىللەرگە ئوخشاشلا ئەدەبىي زوق بېرەلەيدۇ. ئادەملەرنى ھاياجانغا سالالايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە ماددىي دۇنياغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتەلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن تېپىشماقنى تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە، ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ھەم سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر ئالاھىدە ئەدەبىي شەكىل دېيىشكە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، تېپىشماق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نەسرىي شەكىلدە ھەم نەزمىي شەكىلدە تەڭ مەۋجۇت بولغان، ئىپادىلەش شەكىلدە چەكلىمىگە ئۇچراپ كەتمەيدىغان ئالاھىدە ژانىردۇر، بۇمۇ ئۇنىڭ باشقا تۈرلەردىن روشەن پەرقلىنىدىغان خاسلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە توغرا

* بۇ ماقالە2010-يىلى 12-ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: زەمىر سەئىدۇللازادە ( 1963 يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، دوكتور. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كېلىدۇكى، تىپىشماق گەرچە ئىپادىلەش شەكلىدە چەكلىمىگە ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن، ھەجىم جەھەتتىن ئۇ يەنىلا چەكلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىخچام بولۇشى شەرت. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىخچام شەكىلدە ئۇقۇم ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولۇشى، شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك موھىم ئالامەتلىرى مەلۇم ئوخشاشلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا نىسبەتەن تولۇق، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك. ئەكسىنچە بولغاندا تىپىشماقتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تىپىشماقتا ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئەسلىنى يەنى شۇ خۇسۇسىيەتلەرنى زاھىر ئەيلىگەن شەيئىنىڭ نېمىلىكىنى، كىملىكىنى تېپىپ چىقىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ تېپىشماقلىرىنى تېپىش تېخىمۇ تەس. بۇنداق بولۇشى شەيئىلەرنىڭ تېپىشماقتا ئىپادىلىنىدىغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى كۆپىنچە ھاللاردا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە ئېتنوگرافىيە، رەڭ قاراشلىرى، شۇ مىللەتكىلا خاس بولغان سىمۋول چۈشەنچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، تىپىشماق كۆرۈنۈشتە ئاددىيدەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش تەستۇر. ئۇنى ئىجاد قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ تەستۇر. مەسىلەن: تاجىك خەلقىنىڭ تېپىشماقلىرىدا ئاسمان كۆپىنچە ھاللاردا كۆك رەڭلىك پەردىگە، يۇلتۇزلار بولسا كۈمۈش تەڭگىگە ئوخشىتىلىدۇ؛ «چادەرې كەلانىې رەنگە، دەرۇنەش پۇرى تەنگە» (چوڭ رەڭلىك پەردە، ئىچىدە لىق تەڭگە). بۇ تېپىشماقتىكى سىمۋوللار مەسىلەن: ئاسماننىڭ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن پەردىگە، يۇلتۇزنىڭ تەڭگىگە ئوخشىتىلىشى باشقا مىللەتلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە توغرا كېلىشى ناتايىن. شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىدىكى مىسالغا قاراپلا تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا ئاسمان پەقەت پەردىگىلا، يۇلتۇزلار تەڭگىگىلا ئوخشىتىلىدىكەن، دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شەيئىلەردىكى مۇھىم خۇسۇسىيەتلەرنى مەلۇم ئوخشاشلىق ئاساسىدا ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا كۆچۈرۈش كۆپ خىل شەكىلدە بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدا يىغىنچاقلاپ چىققىدەك بىرەر قېلىپ يوق. مەسىلەن؛ تاجىكلارنىڭ يەنە بىر تېپىشمىقىدا ئاسمان مۇزغا ئوخشىتىلغان؛ «چى شتۇ نەيىم كۈمۈچ» (مۇزدا يېرىم كۆمەچ). بۇ تېپىشماقتا ئاسمان مۇزغا، ھىلال ئاي يېرىم كۆمەچكە ئوخشىتىلغان. ئېنىقكى، ئۇنىڭدا يوشۇرۇنغان مەنانى توغرا تېپىش ئۈچۈن تاجىك مەدەنىيىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، تېپىشماقنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مىللىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئالاھىدە ئەدەبىي شەكىل دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تېپىشماق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئەدەبىي شەكىللەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدا، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتا كۆرگەن نەرسىلەرنى، شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا تايىنىپ تېپىشماقلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ تېپىشماقلارنىڭ ھەر بىرىگە جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان مەلۇم ئوخشىمىغان تۈگۈنچىلەر يوشۇرۇنغان بولغاچقا، ئۇلار كىشىلەرنى قىزىقىش ئىچىدە ئويلاشقا، كۆزىتىشكە، ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتقا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىشقا ئۈندىگەن. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى، ھازىرجاۋابلىقنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ نەرسىلەردە، شەيئىلەردە مەۋجۇت بولغان ئومۇمىي خۇسۇسىيەت بىلەن خاسلىقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تەدرىجى ئۆسكەن. كېيىنچە تېپىشماقلار كىشىلەرنىڭ بىلىمىنى، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. تېپىشماق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى، ھوشيارلىقى، ئىنكاسىنىڭ تېز-ئاستىلىقى، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىكى ئىنچىكە تەرەپلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى قاتارلىقلار سىنالغان.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، تېپىشماقلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى سىرلارنى پىنھان تۇتۇشقا بولغان مايىللىقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. مەلۇمكى، قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ

www.uyghurkitap.com



كېتەلمىگەن، ھەممە نەرسىدىن خەۋپسىرەيدىغان دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەرەپلەرنى ئاشكارىلاشتىن ھەزەر ئەيلىگەن. چۈنكى، ئۇلار تەبىئەتتىكى ياكى تەبىئەتتىن ھالقىغان نۇرغۇن ھادىسىلەر دائىم ئىنسانلارغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرىدۇ، دەپ قارىغان. شۇ ۋەجىدىن ئىلاج بار ئۆزىنى، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى يوشۇرۇن تۇتۇشقا، ئاشكارىلىماسلىققا ئىنتىلگەن. ئەڭ دەسلەپكى تېپىشماقلار خەلقنىڭ ئەنە شۇنداق روھىي ھالىتى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىكى ئاڭلىق ئىجادىيەت كېيىنچە ئادەتكە ئايلانغان. تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى ئارىسىدا خەلق ئىچىدە ئىجاد قىلىنىپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تاۋلىنىپ، قېلىپلاشقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يازما ئەدەبىيات پېشۋالىرى مەلۇم ئېھتىياجلار بىلەن ئىجاد قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىگە كىرگۈزگەن ۋە كېيىنچە بۇ ئەسەرلەردىن قايتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئۆزلەشكەن تېپىشماقلارمۇ خېلىلا كۆپ. بۇ خىلدىكى تېپىشماقلارنى مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە، قورۇلما ئالاھىدىلىكىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىز ئالدى بىلەن تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

## 1 . تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

تاجىك تىلىدا تېپىشماق «غۇلاق» ۋە «چىستان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. «غۇلاق» قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئېلىمىزدىكى تاجىكلارنىڭ ئارىسىغا كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ مەنىسى «تۇگۈنچە» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. «چىستان» تاجىك ئەدەبىي تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، «چىست» (نېمە؟) ۋە «ئان» دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان. مەنىسى «نېمە ئان» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاتالغۇ كۆپىنچە يېزىق تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ.

تېپىشماقلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمان ۋە ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش لاۋازىمەتلىرى، كىيىم-كېچەك، ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر، ھاشارەتلەر، ئۇچار قۇشلار، يېڭى زاماندا بولسا تۈرلۈك سانائەت ياسالمىلىرى ۋە باشقا شەيئىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن تېپىشماقلار ھەر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتمەيدىغان، مۇھاكىمە قىلىنمايدىغان نەرسە ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېپىشماقلار ھەرقايسى زامانىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا داۋاملىق تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ كەلگەن. ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىدىن ئالغاندا ھەرقانداق يېڭى نەرسە، شەيئى-ھادىسىلەرگە قىزىقىش، ئۇنى بىلىشكە ئىنتىلىش، يېڭىدىن بايقىغان شەيئى-ھادىسىلەر توغرىسىدا ئاكتىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، يېڭى زامانىدىمۇ ئىجاد قىلىنغان تېپىشماقلار مەزمۇن جەھەتتىن دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، زامانغا لايىقلىشىشتا بىرەر چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. يېڭىدىن پەيدا بولغان شەيئىلەر ئۇنىڭ مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلىنىۋېرىدۇ، نەتىجىدە يېڭى تېپىشماقلار ئىجاد قىلىنىۋېرىدۇ.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تېپىشماقلار مەنا جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدا تۈرلۈك-تۈمەن نەرسە-ھادىسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنى مەنا جەھەتتىن كۆزەتكەندە ئۇنىڭدا بەزىبىر ئومۇمىيلىقلارنى بايقىيالايمىز ۋە مۇشۇ ئومۇمىيلىقلار ئاساسىدا تېپىشماقلارنى مەزمۇن جەھەتتىن ھايۋانات ھەققىدىكى تېپىشماقلار، يېمەكلىكلەر ھەققىدىكى تېپىشماقلار، كىيىم-كېچەك ھەققىدىكى تېپىشماقلار، ئادەم ۋە ئادەم بەدەن ئەزالىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلار، تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلار، ھاشارەتلەر ۋە قۇرت-قوڭغۇزلار ھەققىدىكى تېپىشماقلار، ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلار، زىرائەتلەر ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى تېپىشماقلار، ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلار قاتارلىق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ؛ يۇقىرىدىكى ھەربىر تۈرنى يەنە ئۆز ئىچىدىن بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ھايۋانات تۈرىنى ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار دېگەندەك بىر نەچچە تۈرگە

بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئۇ تاجىكلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەنبەئى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى ئىچىدىمۇ ھايۋاناتقا ئائىت بولۇپمۇ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئائىت تېپىشماقلار زور بىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تېپىشماقلاردا ھايۋانلارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى، تەبىئەت بىلەن بولغان باغلىنىشى، بايقاش نىسبەتەن ئاسان بولغان بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى قاتارلىق ئالامەتلەر مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. مەسىلەن: «دەر يەك جا چار دادەران، نە بەرف رەسەد، نە باران» (بىر يەرگە يىغىلغان تۆت قېرىنداش، نە يامغۇر ئۇلارغا تەگەر نە قار) بۇ تېپىشماقتا كالىنىڭ ئەمچىكى بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرغان تۆت قېرىنداشقا ئوخشىتىلغان. ئەمچەك كالىنىڭ يوتىسى ئاستىدا بولغاچقا قار ۋە يامغۇردىن ئەمىنلىكى ئۇنىڭغا خاس بولغان مۇھىم ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، بۇ تېپىشماقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەيئىنىڭ سان جەھەتتىن تۆت ئىكەنلىكى، بىر يەرگە يىغىلغانلىقى يەنى بىر مەنبەگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى، قار بوراندىن دائىم خالى ئىكەنلىكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئاڭلىغۇچىنى مەزكۇر خۇسۇسىيەتلەرنى زاھىر ئەيلىگەن شەيئىنىڭ نېمىلىكىنى ئىدراك قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ئاچقۇچلۇق ئالامەتلەر ھېسابلىنىدۇ. كالىنىڭ ئەمچىكىنى تېپىشماقتا ئىپادىلەش تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: يەنە تۆۋەندىكى ئىككى تېپىشماقتىمۇ كالىنىڭ ئەمچىكى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن. «ئى پە دەرا سەۋۋر بەچا» (بىر جىلغىدا تۆت بالا)، «دەر تەگى سۇفەيى كەلان، نىشەستە چار پاسبان» (چوڭ سۇپا ئاستىدا ئولتۇرار تۆت پاسبان). بۇ تېپىشماقلاردىمۇ ئەمچەكنىڭ «تۆت» ئىكەنلىكى ئاساسىي ئالامەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھايۋانلار ھەققىدىكى تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۆپىنچە ھاللاردا دەماللىققا كۆزگە چېلىقىدىغان، بايقاش ئاسان بولغان خۇسۇسىيەتلەر، شەيئىلەرنىڭ تاشقى تۈزۈلۈشى قاتارلىقلار ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۆچكە تېپىشماقتا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ. «رىشەش ھەستۇ مۇيلەبەش نىست» (ساقىلى بار، بۇرۇتى يوق)، «رىش دارەدۇ مەرد نىست، شاخ دارەدۇ گاۋ نىست» (ساقىلى بار ئەمما ئەر ئەمەس، مۈڭگۈزى بار، ئەمما كالا ئەمەس). بۇ تېپىشماقلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئۆچكىنىڭ ساقالغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەممىگە ئاشانلا چېلىقىدىغان ۋە باشقا ھايۋانلاردا بولمىغان، بايقاشقا ئاسان بولغان ئۆزگىچىلىكى ئاساسىي بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

مەلۇمكى، تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى ئىچىدە ھايۋانلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تېپىشماقلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلاردىكى موھىم خۇسۇسىيەت شۇكى، بۇ خىلدىكى تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ھايۋانلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان ئالامىتى، ئۆزىگىلا خاس بولغان بەزى خۇسۇيىيەتلەر موھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئۇلاردا تاجىك خەلقىنىڭ تۈرلۈك ھايۋانلارنى كۆزىتىشى، ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرى ھەتتا ھايۋانلارغا بولغان مۇھەببەت ـ نەپرىتى ناھايىتى روشەن رەۋىشتە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

يېمەكلىك ئادەملەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بارلىق جانلىقلار ئۈچۈنمۇ ھاياتتا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، ئوخشىمىغان ماتېرىياللاردىن تەييارلىنىدۇ. تەمى، كۆرۈنۈشى، رەڭگى، تەييارلىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆز ـ ئارا پەرقلىنىدۇ. تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدىمۇ يېمەكلىكلەرنىڭ يۇقىرىدىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى، ئالامەتلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان «نان» تېپىشماقلاردا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «مېزەنى تەر، مېكەنى خۇشك» (ھۆل ياقىسەن، قۇرۇق ئالىسەن)، «سەفېدەك مېدەرايەد، سۇرخەك مېبەرايەد» (ئاق كىرىپ قىزىرىپ چىقىدۇ). يۇقىرىدىكى ئىككى تېپىشماقنىڭ ئالدىنقىسىدا «نان» خېمىر ھالەتتە ھۆل، پىشقان ھالەتتە قۇرۇق بولۇشىدەك تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىدراك قىلىشقا بولىدىغان خۇسۇسىيىتى ئاساس

قىلىنغان بولسا، كېيىنكىسىدە ئۇنىڭ پىشمىغان ھالەتتىكى ئاق رەڭگى بىلەن پىشقاندىن كېيىنكى قىزغۇچ رەڭگى يەنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان. يىمەكلىك ھەققىدىكى تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەزىلىرىدە شەيئىلەر ھەرىكەت ۋە ھالەت نۇقتىسىدىنمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «خېمىر» مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «دەر دەرمىي تەنگ ئەسب غەلتەنەك مېزەنەد» (تار جىلغىدا ئات ئېغىنار)، «قۇشقارى كەتتە دۇنبە، دەر مەزار مېجۇنبە» (يوغان قۇيرۇق قوچقار، مازاردا تەۋرىنەر). يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى تېپىشماقتا خېمىرنىڭ يوغۇرۇلۇش جەريانىدىكى ھەرىكەت ھالىتى ئاساسىي ئالامەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى ئالدىنقىسىدا ئۇنىڭ چاناقتا ئۇياق-بۇياق سىرىلىپ، ئارىلاشتۇرۇلۇشى ئاتنىڭ تار جىلغىدا ئېغىنىشىغا ئوخشىتىلغان بولسا، كېيىنكىسىدە ئۇنىڭ قۇيرۇق مايغا ئوخشايدىغان شەكلى قوچقارغا ۋە ئۇياق-بۇياققا سىرىلىپ، ئارىلاشتۇرۇلۇشى قوچقارنىڭ تەۋرىنىشىگە ئوخشىتىلغان. ئېنىقكى، ھەر ئىككى تېپىشماقتا ھەرىكەت ۋە ھەرىكەتنىڭ ھالىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان.

يىمەكلىكلەرگە ئائىت بەزى تېپىشماقلاردا غىزالارنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلىمۇ ساددا شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ بايقايمىز. مەسىلەن، «چۆچۈرە» تېپىشماقلاردا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ: «بەستەم، بەستەم، بە قۇدۇقچە پەرتافتەم» (باغلاپ باغلاپ قۇدۇقچىغا تاشلاپ)، «گۇشەكەشرا تاب دىھە، بە دەرۇنى ئاب نىھە» (قۇلىقىنى تولغىغىن، سۇ ئىچىگە تاشلىغىن)، «گۇشى بابارا تافتەم، مىيانى ھەۋز پەرتافتەم» (بوۋام قۇلىقىنى تولغىدىم، كۆل ئىچىگە تاشلىدىم)، «تافتەم، تافتەم، بە چەشمە پەرتافتەم» (تولغىدۇقۇ تولغىدۇق، بۇلاق ئىچرە تاشلىدۇق). يۇقىرىدىكى تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسى «چۆچۈرە»نىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلاردا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا چۆچۈرىنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى يەنى قولاققا ئوخشاش شەكىلگە كەلتۈرۈلۈشى، سۇدا پىشۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق شەكىلدە ئىپادىلەنگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، تاجىك خەلقىنىڭ يىمەكلىكلەرگە ئائىت تېپىشماقلىرىدا يىمەكلىكلەرنىڭ شەكلى، تەييارلىنىش ھالىتى، تەييارلىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق مۇھىم خۇسۇسىيەت شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. يىمەكلىكلەرنىڭ تەمى، ئادەملەرگە بولغان تەسىرى، ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار ئادەتتە تىلغا ئېلىنمايدۇ.

تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىر قىسىم تېپىشماقلار كىيىم-كېچەكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. كىيىم-كېچەك ھەققىدىكى تېپىشماقلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا ئاساسەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۆتەك مۇنداق شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ: «چاھ تا زانۇ» (تىزغىچە ئورەك)، «تا زانۇ دۇ چاھ، مېگەرەدەند ھەمراھ» (تىزغىچە ئىككى ئورەك، دائىم بولۇر ھەمراھ). بۇ تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆتەك تىزغىچە كېلىدىغان ئورىغا قىياس قىلىنغان. بۇلاردا «تىز» بىلەن «ئورا» سۆزى بىرلىشىپ، ئاڭلىغۇچىدا ئۆتەككە ئائىت تەسەۋۋۇر پەيدا قىلالايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتان بىر ئاغزى ئىككى قۇيرۇقى بار يىلانغا، دوپپا ئادەمدىن ئېگىز، قۇشتىن پەس نەرسىگە قىياس قىلىنىپ، شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل تېپىشماق ئۈستىدە باش قاتۇرغۇچىلار، بولۇپمۇ بالىلار ئۇنىڭ جاۋابىدىن كىيىم - كېچەكلەرنىڭ شەكلىگە ئائىت، ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلەر ھەققىدە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئادەم ۋە ئادەم بەدەن ئەزالىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلار كىشىلەرنى، بولۇپمۇ يېڭىدىن دۇنيا قارىشى يېتىلىۋاتقان بالىلارنى ئۆزى توغرىسىدا ئويلاشقا يېتەكلەيدۇ، بۇ خىلدىكى تېپىشماقلار تېپىشماق ئويۇنىدا ناھايىتى ئاكتىۋال بىر تۈر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كۆپىنچە ھاللاردا تېپىشماق تېپىش ئويۇنى مۇشۇ تېمىنى ئاساس قىلغان ھالدا باشلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ئادەم ۋە ئادەم بەدىنىدىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەر، ئالامەتلەر ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئادەمنىڭ بالىلىق، ياشلىق ۋە قېرىلىق ھالىتى تېپىشماقتا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «ئەۋۋەل چارپا، سانى دۇپا، بەئد سې پا» (ئاۋۋال تۆت

پۈتلۇق، كېيىن ئىككى پۈتلۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ پۈتلۇق). مەلۇمكى، ئادەملەرگە ئائىت تېپىشماقتا تەپەككۇر يولى ئارقىلىق ئىدراك قىلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلەر كۆپرەك ئاساس قىلىنغان. شۇڭا، بۇ تىپتىكى تېپىشماقلار باشقا تۈردىكى تېپىشماقلارغا قارىغاندا نىسبەتەن قىيىن تۇيۇلىدۇ. بەزى تېپىشماقلارنى ھېسسى تۇيغۇغا تايىنىپ تېپىپ چىقىشقا ئىمكان بولمايدۇ. تۆۋەندىكى تېپىشماق بۇ سۆزىمىزنىڭ تولۇق ئىسپاتى بولالايدۇ: «شېرىنىي رۇيى دۇنياچى تەلخىي رۇيى دۇنياچى خۇررەمىي رۇيى دۇنيا چى» (بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نەرسە نېمە؟ ئەڭ ئاچچىق نەرسە نېمە؟ ئەڭ سۆيۈندىغان نەرسە نېمە؟). بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى «ھايات، ئۆلۈم ۋە پەرزەنت» دۇر. مەلۇمكى، جاۋابتىكى ھېچقايسى نەرسىنى بىز ھېسسىي تۇيغۇمىزغا تايىنىپ ئىدراك قىلالمايمىز. ئۇنى پەقەت ئەقلىي يول بىلەن يەنى تەپەككۇر يولى بىلەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنە مەسىلەن: ئادەمنىڭ كۆزى تېپىشماقلاردا ئوخشىمىغان نەرسىلەرگە ئوخشىتىلغان ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇلاردىمۇ ئەقلىي ئامىللار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ: «بە يەك لەھزە زەمىنۇ ئاسمان تەي مېسازەد» (بىر لەھزىدە يەر بىلەن ئاسماننى ئايلىنىپ چىقىدۇ)، «دۇ بەرادەرەند، ھەمدىگەررا نەمېشىناسەند» (ئىككى قېرىنداش، ئۆز-ئارا تونۇشماس)، «يەك جۇفت كەبۇتەرې ئەلايەند، جۇفتەند زى ھەمدىگەر جۇدايەند، پەرۋاز كۇنەند بە رۇيې دۇنيا، ئەزخانەئەشان بىيرۇن نەئايەند» (بىر جۈپ ئالا كەپتەر، جۈپ تۇرۇپ بىر-بىرىدىن جۇدادۇر، دۇنيا كېزىپ پەرۋاز قىلىشار، ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي تۇرۇپ). كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ تېپىشماقلاردا ئاڭلىغۇچىغا تەمىنلەنگەن خۇسۇسىيەتلەر شەيئىلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتىگە تەۋە بولغان ئالامەتلەردۇر. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تاجىك خەلقىنىڭ ئادەم ۋە ئادەم بەدەن ئەزالىرىغا ئائىت تېپىشماقلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، ئۇلاردا ئەقلىي ئامىللار موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تاشقى خۇسۇسىيىتى ياكى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن كۆپرەك باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تاجىك خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تەبىئەتنى كۆزىتىشنى، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئائىت بىلىم توپلاشنى ھېچقاچان توختىتىپ قويمىغان. بۇ ھالنى بىز تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلاردىنمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزگەچكە ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش قەدىمكى كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتىنىڭ سىرتىدىكى ئىش بولغاچقا، بۇ خىل ھادىسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى يېشەلمىگەن ئاددىي خەلق ئۇنى سىرلىق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ، تېپىشماقلاردىمۇ شۇ شەكىلدە ئىپادىلىگەن. مەسىلەن: «چىست ئان لوبەتې، كې جانەش نىست؟، نەھرەھا مېزەنەد، دەھانەش نىست، گىريەھا مېكۇنەد، نەدارەد چەشم، خەندەھا مېكۇنەد، لەبانەش نىست» (نېمە ئۇ نەرسە ئۆزى جانسىزدۇر، نەھرە تارتىدۇ، ئاغزى يوق تۇرۇپ، يىغلايدۇ ئۇ كۆزى يوق تۇرۇپ، كۈلىدۇ ئۇ لەۋلىرى يوق تۇرۇپ). بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى بۇلۇت، چاقماق ۋە يانغىندۇر. ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان ئالامەتلەر پارالېللىزملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. يەنى ئۇنىڭدا خۇسۇسىيەتلەر جۈپلۈك ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن: جانسىز تۇرۇپ نەرە تارتىدىغان، كۆزى يوق تۇرۇپ يىغلايدىغان، لەۋلىرى يوق تۇرۇپ كۈلىدىغان. بۇلاردىن بىرى كەم بولسا تېپىشماقنىڭ توغرا جاۋابىنى تېپىش قىيىنلىشىدۇ. مەلۇمكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۆزى مۇرەككەپ بولغاچقا تېپىشماقلاردىمۇ بۇ خىل ھادىسىلەر نىسبەتەن مۇرەككەپرەك شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردا ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم ئوخشاشلىق ئاساسىدا باشقا شەيئىلەرگە كۆچۈرۈپ ئىپادىلەش باشقا تۈردىكى تېپىشماقلارغا قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولغان. يەنى ئوخشاشلىق نۇقتىسى نىسبەتەن سۇسراق بولغان. جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلغان. بۇ ھالنى بىز تۆۋەندىكى تېپىشماقلاردىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز: «ئەز ئاسمان ئەفتەد نەمېشكەنەد، ئەز دەرەخت ئەفتەد مېشكەنەد» (ئاسماندىن چۈشسە سۇنمايدۇ، دەرەختىن چۈشسە سۇنىدۇ)، «يەك دەستەرخانې سەفېد رۇيې

www.uyghurkitap.com



زەمىنرا مېپۇشەد» (بىر چوڭ ئاق داستىخان، يەر يۈزىنى ياپقان)، « مېپەرەدۇ پەرەش نىست، مېشىنەدۇ ئىزەش نىست، سەرپەخمەقۇ جانەش نىست» ( ئۇچىدۇ قانىتى يوق، ئولتۇرىدۇ ئىزى يوق، بېشى تومپايغان جېنى يوق). بۇ تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسى «قار» نىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلاردا ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇلاردا خۇسۇسىيەت كۆچۈرۈلگەن شەيئى بىلەن ئەسلى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆپىنچە ھاللاردا نىسبەتەن سۇس ئىپادىلەنگەچكە جاۋابىنى دەماللىققا تېپىپ چىقىش تەستۇر. مەلۇمكى، تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئائىت تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا شەيئىلەرنىڭ نىسبەتەن مەۋھۇمراق بولغان خۇسۇسىيىتى كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كۆپرەك، ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسى نىسبەتەن سۇسراق بولىدۇ.

ھاشارەتلەر ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى ئىچىدە ھاشارەتلەر ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنى مەزمۇن قىلغان تېپىشماقلار خېلىلا كۆپ. بۇ خىل تېپىشماقلارمۇ تەبىئەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش نەتىجىسىدە ئىجاد قىلىنغان. ئۇلاردا تاجىك خەلقىنىڭ تەبىئەتتىكى جانلىقلار ھەققىدىكى تۈرلۈك چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرگە ئاتقۇرغان تەجرىبىلىرىمۇ تەڭ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

تەبىئەتتىكى ھاشارەتلەر ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ سانى كۆپ، شەكلى ھەرخىل، ياشاش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت شەكلىمۇ ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: چۈمۈلە تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا تۆۋەندىكىدەك ۋارىيانتلاردا ئىپادىلەنگەن: «شەبۇ رۇز خاب نەدارەد، بېئىست رەفتۇ ئا دارەد» (كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماس، ھەرىكەت قىلار توختىماس)، «ھەممە دائىما قەرار، ۋەي دىر ھەرىكەتۇ كار» (ھەممە دائىم سۈكۈتتە، ئۇ بىقارار ھەرىكەتتە). بۇ تېپىشماقلاردا چۈمۈلىنىڭ توختىماي ھەرىكەت قىلىدىغان خاسلىقى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان بولسا؛ «يەك تەنگ كوچە پۇرى بەچچە» (بىر تار كوچىدا لىققىنا بالا) دېگەن تېپىشماقتا چۈمۈلىنىڭ توپلىشىپ ياشايدىغان ئادىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان. ھاشارەتلەر ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارغا ئائىت تېپىشماقلاردا ھەرىكەت شەكلى، ياشاش ئادىتىدىن باشقا ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشىگە ئائىت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭمۇ موھىم بەلگە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بايقىيالايمىز. مەسىلەن: چۈمۈلىگە ئائىت تېپىشماقلارنىڭ بىرىدە ئۇ مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «جان دارەدۇ خۇن نەدارەد» (جېنى بار قېنى يوق). بۇ يەردە چۈمۈلە جېنى بار، ئەمما قېنى يوق جانلىق سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يەردە چۈمۈلىنىڭ تاشقى قىياپىتى، ھەرىكەت شەكلى، ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى موھىم ئورۇنغا قويۇلغان.

ھاشارەتلەرگە ئائىت تېپىشماقلاردىمۇ ئۇلارنىڭ تاشقى شەكلىگە ئائىت ئالامەتلىرى ئادەتتە تىلغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: «ئەز ئاسمان غەلتەد نەمېمۇرەد، ھوپپەك زەنى مېمۇرەد» (ئاسماندىن يىقىلسا ئۆلمەيدۇ، چېكىپ قويساڭ جان ئۈزىدۇ)، «شەب بىدارەم كەرد، رۇز بېزارەم كەرد» (كېچىسى بىدار قىلدى (ئويغاتتى)، كۈندۈزى بىزار قىلدى)، «پاشا» دېگەن جاۋابىنى تەلەب قىلىدىغان يۇقىرىدىكى ئىككى تېپىشماقتا پاشا تاشقى شەكلى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇ ئاجىزلىق ۋە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈشتە ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆزىتىش دائىرىسىدىن يىراقلاشمايدىغان، كۈندە مەلۇم ئېھتىياجلار تۈپەيلى ئىشلىتىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، تېپىشماقلاردىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى خىلمۇ-خىل، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە ماتېرىيالى ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن تېپىشماقلاردىمۇ ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىز كۈندە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان قازان مېتالدىن ياسالغان، شەكلى يۇمۇلاق، تۆت قۇلىقى بار،

تائام تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تېگىگە ئوت قالىنىدۇ، رەڭگى ئاساسەن قارا. تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا قازان مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «يەك ئادەمي سياھرۇ، چار گۇشى ئۇ رۇبەرۇ» (قارا يۈزلۈك بىر ئادەم، تۆت قۇلىقى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل ھەم)، «يەك چىز دارەم چارگۇشە، بەقەر ـ بۇقۇر مىجۇشە» (بىر نەرسەم بار تۆت قۇلاق، قاينايدۇ ئۇ بۇلدۇقلاپ). كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىرىنچى تېپىشماقتا قازاننىڭ قارا رەڭگى بىلەن قۇلىقىنىڭ تۆت ئىكەنلىكى ئاساسىي بەلگە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، ئىككىنچى تېپىشماقتىمۇ ئۇنىڭ تۆت قۇلاققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن قاينايدىغان خۇسۇسىيىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان. قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆت ئىكەنلىكى ئۇنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھاتتا ماقال ـ تەمسىللەردىمۇ ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: « ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن ماقال بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

شەيئىلەرنىڭ قانداق خۇسۇسىيىتىنى تېپىشماقلاردا ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش تېپىشماقلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىدىن ئەمەس، بەلكى، تېپىشماق ئىجادچىلىرىنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى تېپىشماقلاردا نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بولسا ياكى شەيئىلەرنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى باشقا شەيئىلەرگە كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا ئوخشاشلىق نۇقتىسى تولۇق گەۋدىلەنمىگەن بولسا، بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش قىيىنغا توختايدۇ ـ دە ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ياخشى تاللىنىشى، تىلغا ئېلىنغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئەسلىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ باشقا شەيئىگە كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا تولۇق رىئايە قىلىنىشى تېپىشماق ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تاجىك خەلقىنىڭ ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئائىت تېپىشماقلىرىدا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان «سۇپۇرگە» تېپىشماقلاردا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «كەمپىرى ميانبەستە، رۇ رۇيى خانە جەستە» (بېلى باغلاقلىق كەمپىر، ئۆي ئىچرە يەر بىغىرلاپ يۈرەر)، «رۇ رۇيى ھەۋلى جەستە، غۇلامى ميانبەستە» (ھويلا يۈزىنى بىغىرلاپ يۈرەر، بېلى تېڭىق قۇل). يۇقىرىدىكى تېپىشماقلاردا سۇپۇرگىنىڭ بېلىنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكى، يەر سۈپۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغانلىقى موھىم بەلگە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ بەلگىلەرگە ئاساسەن تېپىشماق تاپقۇچى ئۇنىڭ «سۇپۇرگە» ئىكەنلىكىنى كۆپ قىينالمايلا تاپالايدۇ. ئومۇمەن تاجىك خەلقىنىڭ ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئائىت تېپىشماقلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەيئىلەرنىڭ شەكلى، رەڭگى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى، تۈپ خۇسۇسىيىتى قاتارلىق موھىم بەلگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا بولىۋېرىدۇ. بۇنداق تېپىشماقلاردا تاجىك خەلقىنىڭ ئۆي جاھازىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن بىرگە تۇرمۇش ئادىتىگە ئائىت بەزى مەلۇماتلارمۇ تەڭ ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل تېپىشماقلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئائىت زېھنىنى كۈچلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى، بۇ ساھەگە ئائىت مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىدىمۇ موھىم رول ئوينايدۇ.

تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى ئىچىدە خېلى كۆپ ساندىكى تېپىشماقلار زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم نۇقتىدىن تاجىكلارنىڭ زىرائەتلەر، تۈرلۈك مېۋىلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى، چۈشەنچىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل تېپىشماقلاردا بەزىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ تاشقى بەلگىسى، رەڭگى، كۆزگە چېلىقىدىغان ئالامەتلىرىدىن باشقا يەنە ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بۇغداي تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «دەرۇنەش سەفىدەك، بىيرۇنەش سۇرخەك» (ئىچى ئاق. تېشى قىزغۇچ)، «چىست ئان لۇئبەت، كي دارەد سەد سىنان بالايي سەر، بىزەبان، بى چەشمۇ گۇشۇ جان، دارەد بالۇ پەر؟ ئادەمى ئۇرا بە كەج خەنجەر كۇنەد زەبتۇ ھەلاك، ئەز ئەقىبى ھەر سىنانەش لەئلۇ دۇر ئايەد بەدەر» (نېمە ئۇ يۈز نەيزە بار ھەر باشىدا،

www.uyghurkitap.com



تىلىسىزۇ كۆز قۇلاقسىز، جانسىز ھەممە قاشىدا، ئەمما قاناتى بار، ئادەمزات ئاي خەنجەردە قىلار ھالاك ئۇنى، ھەر نەيزىسىدىن تۆكۈلۈر يۈز لەلۇ مارجان دېنى). «بۇغداي» دېگەن جاۋابنى تەلەپ قىلىدىغان يۇقىرىدىكى ئىككى تېپىشماقتا ئالدىنقىسىنىڭ رەڭ ئالامەتلىرى ناھايىتى ساددا شەكىلدە ئاساس قىلىنىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، كېيىنكىسىدە بۇغداي باشىقىنىڭ قورۇلما ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى موھىم ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆپىنچە ھېسسىي ئەزالارغا تايىنىپ تاپقىلى بولىدىغان ئالامەتلەردۇر. مەسىلەن: «قوناق باشىقى» دېگەن جاۋابنى تەلەپ قىلىدىغان تېپىشماقتىمۇ ئۇنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ: «ئەمەكەم دەر دەرۇن، رىشەش دەر بىيرۇن» (تاغام ئىچىدە ساقىلى تېشىدە) بۇ تېپىشماقتىمۇ قوناقنىڭ تۈزۈلۈشى يەنى قورۇلما ئالاھىدىلىكى موھىم ئورۇنغا قويۇلغان.

بەزىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى مەزمۇن قىلغان تېپىشماقلاردا شەيئىلەرنىڭ تەپەككۇر يولى بىلەن ئىدراك قىلىشقا بولىدىغان ئالامەتلىرىمۇ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «ئاشلىق» دېگەن جاۋابنى تەلەپ قىلىدىغان تېپىشماق ناھايىتى ئاددىي، ئەمما، ئۇنىڭدىكى ئالامەتلەر ئىخچام، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلىنغان ھالدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «تابىستان جەم مىيارەند، زىمىستان غەم نەدارەند» (يازدا يىغىۋېلىنسا، قىشتا غەمدىن خالاس قىلىدۇ). بۇ تېپىشماقتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت ئۇنىڭ يازدا تېرىلىپ جەم قىلىنىدىغانلىقى ۋە قىشتا ئاچارچىلىق غېمىدىن خالاس قىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئاددىي يوسۇندا ئاساسىي بەلگە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز ھېچۋاقىت ھېسسىي ئەزالىرىمىزغا تايىنىپ تاپالمايمىز. پەقەت تۇرمۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپ، تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىمىزدىلا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئىدراك قىلالايمىز.

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى بىز مېۋىلەرگە ئائىت تېپىشماقلاردىمۇ ئېنىق چىلىقتۇرالايمىز. مەسىلەن: تاۋۇز تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «ئاسمانىي رەنگە، دەرۇنەش پۇرى تەنگە» (رەڭلىك ئاسمان، ئىچىدە لىق تەڭگە)، «خانەچەيى سۇرخى بىدەر، دەرۇنەش پۇرى ئەسكەر» (ئىشىكسىز قىزىل ئۆي، ئىچىدە لىق ئەسكەر)، «يەك تەنۇرچە، پۇرى كۇلچە» (بىر تونۇر، ئىچىدە لىق توقاچ). يۇقىرىدىكى تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسىدە تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ بىر توپ تەڭگە، ئەسكەرگە، توقاچقا ئوخشىتىلغان. تاۋۇزنىڭ ئۆزى بولسا رەڭلىك ئاسمان، ئىشىكسىز ئۆي ۋە تونۇرغا ئوخشىتىلغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تاۋۇزنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە تايىنىلغان ئوخشىتىشلار بولۇپ، ئوخشاشلىق نۇقتىسى دېگۈدەك روشەن ئەمەس. شۇڭا، مېۋىگە ئائىت تېپىشماقلىقى ئەسكەرتىلمىسە ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇنىڭدىن بىز مېۋىلەرگە ئائىت تېپىشماقلاردا شەكىل ھەم ماھىيەتكە ئائىت بەلگىلەرنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ تۈردىكى تېپىشماقلارنىڭ بەزىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالامەتلەر ناھايىتى چۈشىنىشلىك تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن: ئانار مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «سەندۇقچەيى پۇرى مىخچە، نە دەر دارەدۇ نە دەرىچە» (لىق مىخقا تولغان ساندۇقچە، يا ئىشىكى يوق يا پەنجىرە)، «سى دۇكانى رۇبەرۇ، چىلۇ ھەفت پەردە دەر ئۇ» (ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئوتتۇز دۇكان، قىرىق يەتتە پەردە تارتقان). يۇقىرىدىكى تېپىشماقلاردا ئانارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈش شەكلى موھىم ئورۇنغا قويۇلغان. بىرىنچى تېپىشماقتا ئانار دانىلىرى مىخقا، ئۇنىڭ پوستى بولسا ئىشىك- دېرىزىسى يوق ساندۇققا ئوخشىتىلغان. ئىككىنچى تېپىشماقتا ئانارنىڭ ئىچىدىكى بۆلەكلەر بىر بىرىگە قاراپ تۇرغان دۇكانلارغا، ھەر بىر بۆلەكنى ئايرىپ تۇرغان تالچىلار قىرىق يەتتە پەردىگە ئوخشىتىلغان، يەنى ئانارنىڭ بەلگىلىرى ساندۇق بىلەن دۇكانغا كۆچۈرۈلگەن ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىي خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، بىز ئۇلارنى ھېسسىي تۇيغۇغا ئەمەس، بەلكى، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا ئىدراك قىلالايمىز.

دەل-دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تېپىشماقلاردىمۇ ئەقلىي ۋە ھېسسىي

ئامىللارنىڭ ئارىلاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: ئارچا دەرىخى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «بەھارۇ زىمىستان دەر يەك لىباس» (قىشۇ - ياز بىر كىيىمدە). بۇنىڭدا ئارچىنىڭ قىشۇ-ياز دائىم يېشىل ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى، يەنى ئۇنىڭ رەڭ جەھەتتىن قىياپەت ئۆزگەرتمەيدىغانلىقى موھىم بەلگە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ھېسسىي ئامىل بولسا مەجنۇنتالدا ئەقلىي ئامىل موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ: «ئەسپە بەستەم دەر مەزار، يالۇ دۇمەش سەد ھەزار» (ئاتنى باغلىغان يېرىم مازاردۇر، يال-قۇيرۇقى مىڭ تالدۇر). بۇ تېپىشماقتا ئاتنىڭ بىرلا گەۋدە ۋە ئۇنىڭ يايلى بىلەن قۇيرۇقنىڭ مىڭ تالدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەجنۇنتال دىرىخىنىڭ بىر غولدا ناھايىتى كۆپ تاللارنىڭ بولىدىغانلىقىغا قىياس قىلىنغان. بۇ ئىككى شەيئىي ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق بەك ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن، ياخشى ئويلانغاندا يەنىلا مەلۇم ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى بايقىيالايمىز.

ئومۇمەن، زىرائەتلەر، مېۋىلەر، دەل-دەرەخلەر ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى مەزمۇن قىلغان تېپىشماقلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە تاشقى ئالامەتلەر موھىم ئورۇنغا قويۇلسا، يەنە بەزىلىرىدە ئىچكى خۇسۇسىيەتلەر ئاساس قىلىنغان. ئەقلىي ئامىللار بىلەن ھېسسىي ئامىللارنى ئارىلاش ئىشلىتىش بۇ تۈردىكى تېپىشماقلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى تېپىشماقلارمۇ خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۆزگىچە شەكىللەردە تاجىك خەلقىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى تۈرلۈك چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاسمان جىسىملىرى بەزىدە ھەممىگە ئايان بولغان تۈپكى خۇسۇسىيەت نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، يەنە بەزىدە گۈزەللىككە سىمۋول قىلىنغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: قۇياش تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىدا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «ئەز ھەممە چىز رەۋشەن، بى ئۇ نەبۇۋەد گۈلشەن» (ھەممىدىن روشەن(يورۇق)، ئۇنىڭسىز بولماس گۈلشەن)، «شەب رەۋۇ رۇز بىيا» (كېچە كېتەر، كۈندۈز كېلەر) ياكى «ئەز كوھ بەرامەد ناز-نازان، ھۆسنەش ھۆسنى پەرىزادان» (تاغدىن چىقتى ناز بىلەن، ھۆسنى تەڭداش پەرىزاد بىلەن). كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇياش بىرىنچى، ئىككىنچى تېپىشماقلاردا ئۇنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتى ئاساس قىلىنغان بولسا، ئۈچىنچىسىدە ئۇ گۈزەللىككە سىمۋول قىلىنغان ھالدا تىلغا ئېلىنغان. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ باشقىلىرىدا ھەم كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: ئاي مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «شەب پۇر باشەدۇ نۇر رىزەد، رۇز كى شۇد باز بېگۇرىزەد» كېچىسى نۇر چاچار ھەم سانى كۆپتۇر، كۈندۈزى قاچار ھەم ئۇندا يوقتۇر)، «چەراغەكى رۇيىي رەۋزەن، گاھ تارىكۇ گاھ رەۋشەن» (تۈڭلۈك ئۈدۈلىدىكى چىراغ ئۇ، گاھىدا كۆز يۇمغان گاھىدا نۇر چاچقان). بۇ تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسىدە شەيئىلەرنىڭ ھەممىگە ئايان بولغان ئەسلى خۇسۇسىيىتى ئاساس قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشمۇ تەسكە چۈشمەيدۇ.

دېمەك، تاجىك خەلقىنىڭ ئاسمان ۋە ئاسمان جىسىملىرى مەزمۇن قىلىنغان تېپىشماقلىرىدا كۆپىنچە شەيئىلەرنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدا خۇسۇسىيەت كۆچۈرۈلگەن شەيئى بىلەن ئەسلى ئوبيېكتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسى خېلىلا ئېنىق گەۋدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىشمۇ قىيىنغا توختىمايدۇ. بۇ خىل تېپىشماقلاردا تاجىك خەلقىنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى، تۈرلۈك چۈشەنچىلىرىمۇ خېلىلا يارقىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى ياخشىلاندى. مەدەنىيەت سەۋىيەسى تەدرىجىي ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن تەبىئەتنى، تۈرلۈك شەيئىلەرنى تونۇش، چۈشىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە، نۇرغۇن يېڭى تېپىشماقلار بارلىققا كەلدى. بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ مەزمۇنى يېڭى بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا ئۇنىڭدىكى موھىم ئالامەتلەر خەلققە تونۇش بولغان شەيئىلەرگە كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: ئايروپىلان تېپىشماقتا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «مۇرغ ئەست دەرەخت نەشىنەد، قەنەتەش پەر نەدارەد،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەم بە ئۇ نىشىنەد، بە مەنزىل زۇد رەسانەد» (قۇشتۇر ئەمما، دەرەخقە قونمايدۇ، قانتىنىڭ تۈكى يوق، ئادەم ئۇنىڭغا ئولتۇرسا، مەنزىلگە تېز يەتكۈزەر). يېڭى مەزمۇندىكى تېپىشماقلار كىشىلەرنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك چۈشەنچىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن چۈشەنچىلەر تېپىشماق تاپقۇچىلار، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى، تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ-چىگىش مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش ئىقتىدارىنى تاۋلاشتا ئۆزنۇملۇك رول ئوينايدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قايسىلا مەزمۇندىكى تېپىشماقلار بولمىسۇن، ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك پائالىيەتلىرىنى ۋە تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشتىن ھاسىل قىلغان باي تەجرىبىلىرىنى كىيلىش مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۆزگىچە شەكىلدە يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، تېپىشماقلارمۇ مەزمۇن جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئاتقۇرغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، بايقاشلىرى، تۈرلۈك شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببەت - نەپرىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق رولىغا ئىگە بىر ئەدەبىي تۈر ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە، ئەمەلىي تەتقىقات قىممىتىگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسى 1983- يىلى 5- ئايدا باستۇرغان.

2. ئەسەدۇللا سۇفىزادە: «تاجىك خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىياتى»(تاجىك تىلىدا) ، دۇشەنبە، 1992- يىلى نەشرى.

3. «تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005- يىلى نەشرى.

4. رەجەب ئەمانوۋ: «تاجىك خەلق لىرىكىلىرى» (تاجىك تىلىدا)، دۇشەنبە، 1968- يىلى نەشرى.

5. نسارمەمەد شەكەرمەمەدوۋ: «پامىر فولكلورى»، 2-كىتاب، دۇشەنبە، 2005- يىلى نەشرى.

6. [前苏]A. 热佳伯夫《论塔吉克族的民间抒情歌谣》(俄文)，塔吉克斯坦科学出版社，1968 年版。

7. [前苏]M. 图尔逊扎德《塔吉克民间文学》(俄文)，塔吉克斯坦，1957 年版。

8. [前苏]W. E. 古斯夫《民间文学的美学》(俄文)，列宁格勒，1967 版。

9. [前苏]W. I. 奇切若夫《民间创作的理论问题》(俄文)，莫斯科，1959 年版。

10. [法] 列维. 布留尔《原始思维》商务印书馆，1995 年版。

11. [英] 爱德华. 泰勒《原始文化》上海文艺出版社，1992 年版。

12. [英] 詹. 乔. 费雷泽《金枝》中国民间文艺出版社，1987 年版。

13. 钟敬文主编《民俗学概论》上海文艺出版社，1998 年版。

14. 乌丙安《中国民间信仰》上海人民出版社，1988 年版。

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 03_034_05

# يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا*

ئوسمان مۇھەممەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېزىلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى مەسىلىسى يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى شۇنداقلا، ئېلىمىز يېزىلىرىدىكى ئىدىيەۋى قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتە يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ئاساسىدا، يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يېڭىلاپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 农村的思想政治精神面貌关系到农村的政治、经济、文化和社会建设等方面的问题。本文分析农村加强思想政治教育的必要性的基础上，论述农村加强思想政治教育，改变农村思想政治精神面貌，加快推进构建社会主义和谐农村的途径。

**Abstract:** The ideological-political profile of the village is one of the important issues affecting villages' political, cultural, and social structure. This article will discuss the current situation of ideological-political work in our country's villages as well as problems remaining in it, the importance of strengthening ideological-political training work in the villages, and methods of strengthening ideological-political training work in the villages, raising villages' ideological-political profile, and accelerating the construction of new socialist villages.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

نۆۋەتتە، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسى» نى ھەل قىلىش ۋە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا، يېزىلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يېزا ئاھالىسى ئېلىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋاتقان رېئال ئەھۋالدا، يېزىلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئېلىمىز يېزىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە ئالاقىدار بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىدا ئىنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. يېزىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئەھۋالى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە، پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئائىت پىروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئىزدىنىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، بىرقەدەر زور نەتىجىلەر

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئوسمان مۇھەممەت (1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسىگە ئائىت نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، بەزى يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ھەمدە يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى بىر قەدەر ياخشى قانات يايدۇردى ؛ دېھقانلار دېموكراتىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ئېڭى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە ئۆستى؛ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىنى كۈچەيتىش تەشۋىقات تەربىيەسى پائال ئېلىپ بېرىلدى ؛ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا:

1) دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئېڭى سۇس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلاردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەمۇرىي كەنت كومىتېتلىرىنى كەنت ئاھالىلىرى بىۋاستە سايلاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى بىرقەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەمما يېزا دېموكراتىك باشقۇرۇشىدا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، يېزا كادىرلىرىنىڭ چىرىكلىشىش مەسىلىسى ئېغىر بولۇش، بەزى جايلاردا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولماسلىق، دېھقانلار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ خوجايىنى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ئېڭى سۇس بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە دېموكراتىك باشقۇرۇش تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلامدا دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

2) ئەخلاقنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ئېغىر . يېزا جەمئىيىتىدە ئەخلاقنىڭ سۇسلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ھەر قايسى ساھەلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. مەسىلەن، شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ، كوللېكتىپچىلىق سۇسلىشىپ كەتتى. خېلى بىر قىسىم كىشىلەر ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسىپ ئەخلاقىنى تەكىتلىمەيدىغان بولۇپ قالدى؛ بەزى كىشىلەر نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ، مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى؛ بەزى كەنت ئاھالىلىرى ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، مېھرىبانلىق بىلەن قەبىھلىكنىڭ چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرىۋەتتى ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى؛ ئەخلاقىي جەھەتتە بۇزۇلۇش، قىمار ئويناشتەك قانۇنسىز قىلمىشلار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، چۈشكۈنلىشىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئېغىر.

3) غايە ـ ئېتىقاد سۇس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىز يېزىلىرىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېزىلار يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارغا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا سەل قارىدى. دېھقانلارنىڭ غايە ـ ئېتىقادى سۇسلىشىپ كەتتى ياكى غايە ـ ئېتىقادى مۇستەھكەم بولمىدى. بۇ ئەھۋاللار يېزىلاردا غايە ـ ئېتىقاد كىرىزىسى يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار دېھقانلارنىڭ مۇستەھكەم غايە- ئېتىقاد تىكلىشىگە ئىنتايىن زىيانلىق.

4) يېزىلاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يۆتكىلىشى بىر قەدەر تېز بولماقتا. دېھقانلار ئارىسىدىكى پەن-تېخنىكا ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان كىشىلەر ئادەتتە يېزىلاردىن ئايرىلىپ، شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقتىن، يېزىلاردا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۇتۇپ قالغىلى بولماۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلارنىڭ مائارىپ شارائىتى ناچار، دېھقانلاردىن كىتاب ئوقۇيدىغانلار ئاز ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى قوبۇل قىلىشمۇ يېتەرسىز بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى

ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولماقتا.بۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلار ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ، دېھقانلارغا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

5) دېھقانلار قاتلاملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، يېزىلاردىكى قاتلاملارنىڭ بۆلۈنۈشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە گەۋدىلەر بارلىققا كەلدى. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە كىرىم تەقسىماتى، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئوخشىمىغان مەنپەئەت يۈزلىنىشى، ئوخشىمىغان تۇرمۇش يۈزلىنىشى ، ئوخشىمىغان تۇرمۇش ئادىتى ۋە پائالىيەت ئادىتى قاتارلىقلار ئوخشىمىغان مەنپەئەت تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىدىيەۋى جەھەتتە ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى ئىپادىلەپ، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە زور بېسىم ئېلىپ كەلدى.

6) يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ كەمچىل. ئالدى بىلەن، يېزىلاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار نىسبەتەن كەمچىل بولماقتا.كۆپ ساندىكى ئورۇنلاردا ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيەسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، يېزىلار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. يەنە يېزىلاردىكى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغان كىتاب ئىنتايىن ئاز، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزىدىغان زۆرۈر ئەسلىھەلەر يوق.

## 2.يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

1) سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلارنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى، سىياسىيغا ئىشتىراك قىلىش ئېڭى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە ئۆستى. ئەمما دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئېڭى، دېموكراتىيە ئېڭى يەنىلا تۆۋەن، سىياسىيغا قاتنىشىش ئىقتىدارى يېتەرسىز. بەزى يېزىلاردا، دېھقانلار پۇل ـ مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئارزۇسىنى ئىپادىلىمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى كۈچەيتكەندىلا، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك قۇرۇلۇشىنى ساغلام يۆنىلىش بويىچە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

2) ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق. يېزىلاردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى ئېلىپ بارغاندا: بىرىنچىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزا خىزمىتىگە ئائىت لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى يېزىلاردا تەشۋىق قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىپ، يېزا ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

3) مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىنى كۈچەيتىش يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى. نۆۋەتتە بەزى يېزىلاردا فېئوداللىق چىرىك ئادەتلەر ۋە خۇراپاتلىق قايتا باش كۆتۈرمەكتە. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ئالدامچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ئەۋج ئالماقتا. شەھۋانىي بۇيۇملار، قىمارۋازلىق، زەھەر چېكىش ئەھۋاللىرى ئەۋج ئېلىپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىلەرنى دېھقانلار قوبۇل قىلالايدىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، دېھقانلارغا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى ياخشىلاش بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

4) جەمئىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يېزىلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش يېزا جەمئىيىتىنىڭ گارمونىيەلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ يېزا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، كۆپلىگەن يېزا ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسى، يېزىلاردىكى مائارىپ مەسىلىسى، باي-كەمبەغەللىك پەرقى مەسىلىسى، يېزىلارنىڭ سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىسى قاتارلىقلار. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ، يېزىلاردىكى ئوخشىمىغان تەبىقە، گۇرۇھ ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، يېزىلاردىكى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش دېھقانلارنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە توغرا قاراش، تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا ھەل قىلىشقا يېتەكلەپ، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى تۈگىتىپ، يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئاكتىپ قوغداش، يېزا جەمئىيىتىنىڭ گارمونىيەلىك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

## 3. يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ يوللىرى

1) يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئورنىنى توغرا تونۇش كېرەك. يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى چوڭقۇر، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلمىي باھالاش كېرەك. نۆۋەتتە، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىيالايدىغان ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئەمما يېزىلارنىڭ پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، بىلىم قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلىقتىن، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ساقلانماقتا. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «سول»چىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش كېرەك. يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە نېمىنىڭ كەملىكىنى، نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ئېلىپ بارغاندا ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئورتاق غايە، پۇقرالار ئاساسىي ئەخلاق قائىدىلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

2) دېھقانلارنىڭ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىدىكى سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دېھقانلار يېزا جەمئىيىتىنىڭ شۇنداقلا يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىنىڭ سۇبيېكتى. دېھقانلارنىڭ قىممەت قارىشىغا ۋە تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەدىكى پائالىيەتچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئېلىمىز دېھقانلىرى مۇستەھكەم ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاققا، ئاددىي ـ ساددا بولۇشتەك ئەخلاقىي ھېسسىياتقا باي. بۇلار يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئەخلاقىي ئاساسى.ئېلىمىز دېھقانلىرى يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش بىلەن بىرگە، يېزىلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ يېزىلاردىكى يېزا بازار كارخانىچىلىرى رىقابەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى دېھقانلار ئارىسىغا ئېلىپ كىردى. «ئورتاق غايە»، «سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق»قاتارلىقلارنى دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ بىرىكىش نۇقتىسى ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان دېھقانلارنىڭ قويۇق ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ، ياش دېھقانلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشتەك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

3) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىدىكى ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى. ئۇلارنىڭ يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى قوشۇنىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ھەقىقىي تۈردە كۆپەيتىش، يېزىلاردىكى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە تەشۋىقات خىزمىتىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت خىزمىتىنى، كىتابخانا ـ قىرائەتخانا قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى، شۇنىڭدەك، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە كۆڭۈل ئېچىش خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردا جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ، ئۈمىدۋار، جانلىق كەيپىيات يارىتىش لازىم.

## پايدىلانمىلار


1. «17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى،2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
2. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
3. «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا دائىر ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.
4. «ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەۋى سىستېمىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 07 ـ 039 ـ 03 (2011) 5878 ـ 1005

# شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تېمىسىدىكى تور پونكىتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش توغرىسىدا ئىزدىنىش*

رەخىمە ئابدۇرېشىت[1]، ياسىن ئېلى[2]

(1.شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى شۆبە سەنئەت مەكتىپى، ئۈرۈمچى. 830002)
(2.شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تېمىسىدىكى تور پونكىتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنىڭ رولى ئەھمىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدىغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تېمىسىدىكى تور پونكىتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ، ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 本文就新疆高校思想政治专题网站建设与管理研究的作用和意义进行了探索，阐述了新疆高校思想政治专题网站建设与管理研究在大学生思想政治教育工作中的重大作用，分析了新疆高校思想政治专题网站建设与管理研究工作存在的问题，针对存在的问题提出了解决办法。

**Abstract:** This paper consists of a preliminary exploration of the role and significance of creating and administering a Web site devoted to the theme of political-ideological training in Xinjiang's institutions of higher learning. Its important role in political-ideological instruction in institutions of higher learning will be discussed, as will some problems remaining in the creation and administration of a Web site devoted to the theme of political-ideological training in Xinjiang's institutions of higher learning, as well as some methods for solving those problems.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «زامانىۋى پەن-تېخنىكا نۆۋەتتە بىر ئۇلۇغ ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ئايرىم ئىلىم-پەن نەزەرىيەلىرى، بىرقىسىم ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە، ئادەتتىكىچە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن ۋە ئىسلاھ قىلىنغان بولماستىن، بەلكى، ھەرقايسى پەنلەر ساھەسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولدى» دېگەن ئىدى.

كومپيۇتېر تور تېخنىكىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تېخنىكا بولۇپ، بۇ تېخنىكىنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سانائەتلىشىش دەۋرىدىن ئۇچۇرلىشىش دەۋرىگە كىرىشكە ئىنتايىن زور دەرىجىدە تۈرتكە بولماقتا. ئۇچۇر تېخنىكىسىدىكى ئىنقىلاب ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنتېرنېت كىشىنى ھەيران قىلىدىغان سۈرئەت بىلەن

* بۇ ماقالە 2011ـ يىلى 5ـئاينىڭ 30ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيە تەتقىقات فوندى تۈرى « شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تېمىسىدىكى تور پونكىتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتى» (تەستىق نومۇرى: 08SZJ041) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

ئاپتورلار: رەخىمە ئابدۇرېشىت (1978ـيىلى تۇغۇلغان) ، لېكتور، كومپيۇتېردا ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ۋە كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى، تور ئابونتلىرى دۇنيانى قاپلىدى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، كارخانىلار، مەكتەپلەر، ئائىلە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە جايدا دېگۈدەك ئىنتېرنېتنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولىدىغان بولدى، تورغا چىقىش ھازىر يېڭىلىق تۇيۇلمايدىغان بولدى. تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللار، ئېلانلار ھەممىدە تارقىتىش ۋاستىلىرى كىشىلەرگە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىفىرلاشقان دۇنياغا تولۇق كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلىتىمىز ئىنتېرنېتقا تولۇق تۇتىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئىنتېرنېت دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىشقا باشلىدى. 2010 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو ئىنتېرنېت تورى ئۇچۇر مەركىزى (http://www.cnnic.net.cn) ئېلان قىلغان 26 ـ قېتىملىق جۇڭگو ئىنتېرنېت ئۇچۇر تەرەققىيات ئەھۋالى ئىستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2010 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، جۇڭگودىكى ئىنتېرنېت ئابونتلىرى كۆلىمى 420 مىليونغا يېتىپ، 400 مىليون كىشىلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 2009 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 36 مىليون ئاشقان؛ ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 31.8%كە يېتىپ، 2009 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە قارىغاندا 2.9% ئاشقان. 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگودىكى تور ئابونتلىرى كۆلىمى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگودا ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشى يەنە بىر قېتىم ئۇچقاندەك تەرەققىياتنى كۆتۈۋېلىپ، دۇنيانىڭ سەۋىيەسىگە يېتىشىۋالدى ۋە ئېشىپ كەتتى. 2009 ـ يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تور ئابونتلىرى ئىچىدىكى 20 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغانلارنىڭ نىسبىتى 28.6%كە يېتىپ، ھەرقايسى ياش باسقۇچىدىكى تور ئابونتلىرى ئىچىدە نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى زور بىر بۆلىكى ھەر قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر. ئالىي مەكتەپلەر مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىدە «تورلىشىش» تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇميۈزلۈك «تور بىلەن ئۇچراشقان»لاردۇر.

ئۇچۇرنىڭ تور ئارقىلىق تارقىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر شەكلىدىكى ۋە قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىش، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە ئىدىيەۋى قارىشىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما تور قوش بىسلىق شەمشەر، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇملىشىشى ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا تېزلىك، قولايلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، بەزى سەلبىي تەسىرلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى، مەسىلەن، توردىكى تۈرلۈك بولار ـ بولماس ئۇچۇرلار، كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ راست بىلەن ساختىنى ئايرىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ بىر قىسىم تور ئابونتلىرى ياكى تور يازارمەنلىرى توردا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئېلان قىلغان ئۇچۇرلار ۋە كۆزقاراشلار ئاسانلا ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىنى پەيدا قىلدى. دۈشمەن كۈچلەر توردىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى، بۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئالىي مەكتەپلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى ۋەزىيەتكە يۈزلىنىش، قانداق قىلىپ تورنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، تور تېخنىكىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، پايدىلىق تەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، زىيانلىق تەرەپلەردىن ساقلىنىش، ئەۋزەللىكلەرنى جارىي قىلدۇرۇپ، يېتەرسىز تەرەپلەرنى تولۇقلاپ، ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، جەمئىيەتتىكى قىممەت قارىشىنى ھەممىدە ئىدېئولوگىيەنى تارقىتىش مەقسىتىگە يېتىش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتى ساھەسىدىكى يېڭى، جىددىي تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

## 1. ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئارقا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



ئارقىدىن مەكتەپ تور پونكىتلىرى قۇرۇلدى، بۇ تور پونكىتلىرىنىڭ مەكتەپنى تەشۋىق قىلىش، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فۇنكسىيەسىدىن باشقا، تور ئارقىلىق ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش فۇنكسىيەسىمۇ بار بولدى؛ بولۇپمۇ 2004-يىلى 8-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر» (مەركەز تەرەققىيات ئىسلاھات كومىتېتى ئىشخانىسى 2004 [16] نومۇرلۇق) ناملىق ھۆججىتى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ 16-نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنى ئاكتىپ قۇرۇپ، توردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئىستىھكامىنى بەرپا قىلدى.

نۆۋەتتە شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتى تېخىچە بوشلۇق ھالىتىدە تۇرماقتا، قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن مەسىلىلەر، مەسىلەن: توردا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى قانات يايدۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە بىلەن كومپيۇتېر تورىنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە تور ئەمەلىي مەشغۇلات تەتقىقاتى، تور مۇھىتىنىڭ ھەر مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرچانلىقى تەتقىقاتى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا، بۇ ساھەدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تەخىرسىز بولغان بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت بولۇپ قالدى.

## 2 . ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەتقىقات ئەھۋالى

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى مەملىكىتىمىزدە ئىنتېرنېتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر تور بىلەن ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى.

ياڭ شيۇراڭنىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تور ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدە: تور مەدەنىيىتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى، كىشىلىك ھايات قارىشى، دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ئۆلچىمىگىمۇ تەسىر قىلماي قالمايدۇ، ئىدىيە- سىياسىي تەربىيەنى توردا ئېلىپ بېرىش مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ قالدى، دېيىلگەن.

تاۋ چېگيۇ «ئىنتېرنېتنىڭ تەسىرى ۋە ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى» ناملىق ماقالىسىدە: ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەت ئىنتېرنېتنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشى، توردىن ئىبارەت بۇ يېڭى ۋاستىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىش لازىم، دەپ كۆرسىتىدۇ.

شياۋ جىشېڭنىڭ «توردا ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتايلى» ناملىق ماقالىسىدە: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە- سىياسىي تەربىيەنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە مۇھىملىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، تور ئارقىلىق بولىدىغان ئىدىيە- سىياسىي تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدىكى پىكىرلەر ۋە مۇناسىپ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئاكتىپ ئىزدىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە- سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» ناملىق ماقالىدە، جىن لىڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر تور مەدەنىيىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاقىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن بولۇپ، ئىدىيە- سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە رىقابەتكە ئاكتىپ يۈزلىنىش، تور مۇھىتى شارائىتىدا ئىدىيە- سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش لازىم، دەپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى تەتقىقاتلاردا تورنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرى، تور ئارقىلىق ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئىشلەش، توردىكى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن بايان قىلغان بولۇپ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈش جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىشلەر قىلىنغان، قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ نىسبەتەن كۆپ. بىراق، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشقا دائىر تەتقىقاتلار نىسبەتەن ئاز بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ تورغا كىرگۈزۈلۈش ۋاقتى كېيىنرەك باشلانغان بولۇپ، بۇگۈنگىچە بۇ ھەقتە سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات، ئىزدىنىشلەر بولمىدى. گەرچە، مۇتەخەسسىسلەر ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈشنى ماكرولۇق جەھەتتىن تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش تېخى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىدى.

## 3. شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنتېرنېت، ئۇچۇر تارقىتىشتىكى يېڭى ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن، بارغانسېرى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم ۋە تۈرلۈك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم يولىغا ئايلاندى، ھەمدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشى، ھەتتا ئىدىيەۋىي ئېڭىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىنتېرنېتنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت ۋە خىرىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. يولداش جياڭ زېمىن 2000 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئېچىلغان مەركەز ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش، ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، تەسىر كۈچىنى زورايتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويۇشى، مەملىكىتىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈش خىزمىتىگە قارىتا كۈچلۈك يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر» (مەركەز [2004] 16 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت)دە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «مەكتەپ تورى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، تورنى ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىش، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندۇرۇش؛ مەكتەپ توردىن پايدىلىنىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە بېرىش يوللىرى ۋە بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش؛ ئىدىيەۋىيلىك، قىزىقارلىق بولۇش، مۇلازىمەت بىرلەشتۈرۈلگەن باش تېمىلىق تەربىيە تور پونكىتى ياكى توربېتىنى ياخشى قۇرۇش، تور ئارقىلىق جانلىق، ئاكتىپ بولغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش، تور بىلەن تور سىرتىدىكى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى بىرلەشتۈرۈش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ياخشىلاش مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىدا: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيەمىز ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، ئۈنۈملۈكلۈكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان مۇھىم پرىنسىپلارنى ئەستايىدىل قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، ئىدىيەۋى قاراش، مەزمۇن، ئۇسۇل ۋە تۈزۈلمە مېخانىزمى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ھەمدە يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم»، دەپ كۆرسەتكەن. پارتىيەنىڭ 17-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «تور مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى ۋە باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، ياخشى بولغان تور مۇھىتى يارىتىش لازىم».

بۇ خىل ياخشى ۋەزىيەتتە مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈشى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن باشلىنىپ كەتتى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرمۇ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنى تورغا كىرگۈزۈش قەدىمىنى تېزلەتتى، مەكتەپ تورىنى ئېچىپ، مەكتەپ خەۋەرلىرى، پارتىيە-ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش-ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تور بېكەتلەرنى قۇردى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈش خىزمىتىدە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئەمما، يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈشنىڭ قانۇنىيىتى تېخى يېتەرلىك ئىگىلەنمىدى، تور ئارقىلىق بولىدىغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ ئۈنۈمدارلىقنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، توردا ساقلانغان نۇرغۇن مەسىلە ھەل قىلىنغىنى يوق، تور پونكىتى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش دەرىجىسىمۇ تەكشى ئەمەس.

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش، مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش، تور پونكىت قۇرۇلۇشى جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىپ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈشنىڭ ئىلمىي قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش، تور پونكىت قۇرۇلۇشى، شەكلى، سەھىپىلىرىنى لايىھەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەكتەپكە خاسلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا لايىقلاشتۇرۇش، مەكتەپنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش؛ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈشنىڭ قاراتمىلىقنى، ئۈنۈمدارلىقنى، تەسىرلەندۈرۈش ، جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش؛ ئالىي مەكتەپلەر مەخسۇس تور پونكىتلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تور پونكىت باشقۇرۇش تۈزۈمى، تور ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىش لازىم.

## 4 . شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى

ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىر تۈرلۈك تەربىيەلەش قۇرۇلۇشىدۇر. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ شەكلى، مەزمۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارماقتا. ئۇچۇر تور

تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتىگە نىسبەتەن بوشلۇق ۋە ئىمكانىيەت يوللىرى كېڭەيدى، شۇنداقلا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتىگە بىرقاتار يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈش تەتقىقاتى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقىنى، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى، جەلپكارلىقىنى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى ۋە لاياقەتلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ كەلدى. يېڭى ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىگە بولغان سىڭدۈرمىچىلىكنى كۈچەيتتى، ئىنتېرنېت قاتارلىق كۆپ خىل يېڭى شەكىللەر ئارقىلىق بىز بىلەن ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تالاشتى. شۇڭا، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنى قۇرۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان تەربىيەلەش ۋاستىلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىنى قەتئىي چەكلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلىشنىڭ نەزەرىيەۋى ئەھمىيىتى شۇكى ــ تەتقىقات ئارقىلىق ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تور ئارقىلىق بولىدىغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە بازىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان تور پونكىت قۇرۇلۇشىغا بەلگىلىك نەزەرىيەۋى ئاساس ھازىرلاشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، بىرىنچى، تور بىلەن ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقى، جەلپكارلىقى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، ئېستېتىك قاراش جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەشكە پايدىلىق؛ ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلاردا مۇستەھكەم ئىدىيەۋى مۇداپىئە لىنىيەسى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تور ئارقىلىق سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مەكتەپنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق؛ ئۈچىنچىدىن، ئىدىيەۋىلىك، بىلىم خاراكتېرىگە ئىگە، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن تور پونكىت قۇرۇپ، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش سەۋىيەسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ تۆتىنچىدىن، تور تېخنىكىسىنى ھەم ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى بىلىدىغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق؛ بەشىنچىدىن، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇش، سېلىنما، ئىشقا كىرىشتۈرۈش، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى

تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيەنى تورغا كىرگۈزۈشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق.

## 5 . شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتىدىكى يېڭى تەرەققىيات

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە تور پونكىتلىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەل قىلىش يوللىرىنى رايون ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس تور پونكىت قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش ئىلمىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش كېرەك.

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەخسۇس تور پونكىتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش لازىم.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتا بەلگىلىك يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىغا ئىگە، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇشىغا قارىتا ئىجابىي پىكىر بېرىش، مائارىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە مەخسۇس تور پونكىتلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىلمىي تەدبىرلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشىنى پايدىلىق نەزەرىيە ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] 邓小平文选(第 3 卷)[M]. 北京:人民出版社, 1993. 380.

[2] 江泽民文选(第3卷)[M]. 北京:人民出版社, 2006. 380.

[3] 中共中央国务院关于进一步加强和改进大学生思想政治教育的意见, 中发[2004](16号).

[4] 杨立英. 网络思想政治教育论. 北京:人民出版社, 2003:188-189

[5] 陈岸涛. 高校德育网络载体建设的新思路[J]. 华南师范大学学报, 2007(8).

[6] 王林. 试论网络时代大学生心理健康教育[J]. 人文杂志, 2006(5).

[7] 申文明. 通过高校BBS实施有效社会控制初探[J]. 长沙大学学报, 2006(3).

[8] 江雪梅. 对高校学生网络道德教育的思考[J]. 教育探索, 2007(4).

[9] 胡锦涛在全国《加强和改进大学生思想政治教育工作会议》上发表的讲话中强调“进一步加强和改进大学生思想政治教育工作, 大力培养造就社会主义事业建设者和接班人”[N]。人民日报. 2005-01-19 (1).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

32 - يىللىق 3 - سان
2011 - يىلى 9 - ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 32 卷第 3 期
2011 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 03_046_03

# ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيەدىكى رولى توغرىسىدا*

ماھىرە ئابلىز

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە ئىدىيە ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيە ئەخلاق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەمۇنىلىك رولى ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولى سۆزلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەخلاقىي تەربىيە جەريانىدا ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا بولغان، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**摘要:** 本文主要提到的是加强思想，道德建设的必要性和老师本人在思想道德建设方面的作用，以及对培养对下一代所起的作用。以及在进行道德教育中建立良好的师生关系对他们树立正确的世界观、人生观、价值观起到非常重要的作用。

**Abstract:** This paper discusses the necessity of strengthening the promotion of ideology and morality, and of teachers' role as exemplars in this promotion and their leading role in training our descendants. In the same way, in carrying our moral training, the establishment of good student-teaching relations plays a very important role in fostering a correct world view, understanding of life, and value system.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G45**　　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

مائارىپ خىزمىتى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى ، مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيە خىزمىتى نۆۋەتتە چېك تۇتۇشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاق تەربىيە خىزمىتىنى ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئوقۇغۇچىلاردا توغرا بولغان دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نىشان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ بىر خىل سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ جەريانىدا ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى تەلىم- تەربىيە مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەلەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## 1 . چۈشىنىش ــ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

ئوقۇغۇچى تەبىئىي ئادەم ھەم ئىجتىمائىي ئادەم، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھازىرقى جەمئىيەت ئالاھىدىلىكى ھەم ياشلىق دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار بولغان بولىدۇ .

1) بۈگۈنكى دەۋردىكى ئوقۇغۇچىلارنى زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن چۈشىنىش لازىم. دۆلىتىمىز ھازىر بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرىۋاتىدۇ ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، تۆمۈر تاۋاقنى چېقىپ ،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ماھىرە ئابلىز (1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان ) لېكتور، سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئارتۇق خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر خىل ئىقتىسادىي مەمۇرىي تۈزۈم ئورنىتىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۇل ھەممىگە قادىر، ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ ، دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ئورنىنى ئۆزلىرى تېپىشى ، ھەتتا، ئىش ئورنى بار كىشىلەرنىڭمۇ ئىش ئورنىدىن ھەيدىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى ياش- ئۆسمۈرلەردە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمانلىنىپ ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، ياكى بولمىسا ئىمتىھاندىن ئۆتسىلا بولىدۇ دەپ بىلىملەرنى يۈزەكى ئۆگىنىپ، بىلىمگە سەل قارايدىغان، بىلىمنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمەيدىغان، قايسى كەسىپنى ئۆگەتسە شۇنىلا ئۆگىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرمەيدىغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرمايدىغان ئەھۋاللار بار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ئەخلاق تەربىيەسى ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم. يەنى دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرى دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى پەن-تېخنىكىدىكى رىقابەت، تالانتلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت. تالانتلىق كىشىلەر قانداق بارلىققا كېلىدۇ دېگەندە، ئۇلار يەنىلا مائارىپقا تايىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ساۋاقداشلارغا بىلىم ئىگىلەشكە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئەخلاق تەربىيەسى بېرىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ياشلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك.

2) ئوقۇغۇچىلارنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشىنىش كېرەك . مەكتەپ شارائىتىدا ئوقۇغۇچىلار بىلىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ، تەجرىبىسىنىڭ مول بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم . بۇ مەزگىلدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپ سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىش لازىم. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخشىمىغان ۋە مۇرەككەپ بولغان پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى ئىگىلەشكە تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى ، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىنى توغرا ۋە مۇكەممەل ئىگىلەش، ئۇلارنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن زور نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە .

## 2 . ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈش — ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى

ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش ئوقۇتقۇچى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەخلاقتۇر. شۇڭا ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشىش ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقلىي، پسىخىك ئېھتىياجى، مەيلى ئۇ سىنىپنىڭ ئەلاچىسى بولسۇن ياكى ناچار ئوقۇغۇچىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئۈمىدتە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھر-مۇھەببىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ مېھر-شەپقىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىي ھالەتلىرى، تۇرمۇشتا بولۇۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئۇلارنى توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى بىلەن يېتەكلىشىمىز كېرەك.

## 3 . باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى

ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىغا بىرقەدەر يۇقىرى باھا بېرىدۇ، ئۇلار ئەخلاق پەزىلىتى، ئوقۇتۇش پوزىتسىيەسى ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەكسىچە ، ئوقۇتۇش مېتودى تۆۋەن بولغان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيەدە بولىدۇ. شۇڭا ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى جارى

قىلدۇرۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھەربىر سۆزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوقۇتقۇچىلار ـ «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»، شۇڭا ، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى لازىم. چۈنكى ، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى قول بىلەن ياساپ چىققىلى بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىكى ئوبرازى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، ئوقۇتقۇچى بولغان ئىكەنمىز ئۆزىمىزنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئۆزىمىز ئالدى بىلەن ئورۇنلىشىمىز لازىم. تەلىم ـ تەربىيە قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، بىلىم بېرىشىمىز ھەم ئادەم تەربىيەلىشىمىز كېرەك. تەسىرى ياخشى بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەم بولۇش يوللىرىنى، قانداق ئۆگىنىش، قانداق خىزمەت قىلىشنى ۋە تۇرمۇش كۆچۈرۈش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. ھەتتا ، ئوقۇغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىر ئۆمۈر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تەربىيەنىڭ ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ـ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى چۈشىنىپ، ھەممە جايدا ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىمىزدە ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. ئەگەر، يۇقىرىقى ئىشلارنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرالىساق ، ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئەخلاقىي تەربىيە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. بىز بىر ئەۋلاد ئىزباسارلارنى تەربىيەلەش نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشالايمىز. ئەكسىچە ، ئوقۇغۇچىنى باشقۇرۇلغۇچى، ئۆزىنى باشقۇرغۇچى ئورنىغا قويۇپ، ئۇلارغا تەربىيە بەردىم دەپ، ھە دېسىلا قوپال ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ساۋاقداشلار ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرسەك، ئۆزىمىزنىڭ ئۇستاز ئىكەنلىكىمىزنى پەش قىلىپ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى قىلالمىساق، ئۇلاردىن نەپىكە ئېرىشىش كويىدا بولساق، ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر، ئادىل مۇئامىلە قىلمىساق، ئوقۇغۇچىلار بىلەن قېرىشساق نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە قارىمۇقارشىلىق يۈز بېرىدۇ ـ دە، بەرگەن تەلىم ـ تەربىيە، ئۆتكەن دەرسلەرنىڭ مەزمۇنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتمەيدۇ، ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلالمايمىز. شۇڭا ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە قىلچىمۇ سەل قارىماي، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار


1. «شنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى»نىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرى.
2. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوكى، پسىخولوگىيە ئەمەلىيەتچىسى سۇخوملىنسكىينىڭ باللارنى تەربىيەلەش ھەققىدىكى كىتابلىرى، 1958 ـ يىلى تاشكەنت باسمىسى 159 ـ ، 205 ـ، 206 ـ بەتلەر.
3. «شنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانى 3 ـ بەت.
4. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانى 2 ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 03_049_08

# ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا*

ئابدۇرۇسۇل ئابلەت[1]،خالىق ياقۇپ[2]

(1.قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، قەشقەر. 844006)

قىسقىچە مەزمۇنى: جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە كەسكىن رىقابەتلەر سەۋەبىدىن ئىستۇدېنتلار ئۆگىنىش، تۇرمۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ناھايىتى ئاسانلا پسىخىكلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان تۇرلۇك ئىدىيەۋى-سىياسى تەلىم-تەربىيەنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى زۆرۈر. بۇ جەھەتتە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولۇشى-ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەر ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلدۇرۇپ، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قانات يايدۇرۇشى كېرەك. بۇ ماقالىدە پسىخىك ساغلاملىقنىڭ مۇھىملىقى، ئالىي مەكتەپلەردە كۆرۈلۈۋاتقان پسىخىك مەسىلىلەر، ئالىي مەكتەپ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قوللىنىش زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 由于社会的迅速发展和激烈的竞争，大学生在学习，成长过程中很容易遇到心理问题，因此，对大学生不断加强思想政治教育非常必要，因为大学生在心理方面的健康是他们健康成长和学习各种知识的根本保证。重视并开展心理健康教育，才能让大学生真正感觉到心理健康教育的重要性。本文阐述了心理健康教育的必要性，大学生中存在的心理健康问题以及为使大学生心理健康教育获得现实效率，有所必要的措施等方面。

**Abstract:** Due to the rapid social development and fierce competition, students can easily encounter psychological problems while growing up. It is therefore crucial that institutions of higher learning continually strengthen all kinds of ideological-political training directed at students. In this, psychological guidance has an important role. This is because students' psychological health is the basic guarantee of their ability to mature healthily and acquire all sorts of knowledge. Therefore it is necessary that colleges and universities help students understand the importance of psychological guidance, and that these institutions place more importance on and invest more resources in such psychological guidance. This paper will briefly consider the importance of psychological health, some psychological problems currently seen at institutions of higher learning, and some measures necessary to make these institutions' psychological guidance effective.

كىتابلارنى جۈملىگۈچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G44 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ستۇدېنتلار بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ زاپاس قوشۇنى بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھاۋالىسىنى،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 2- ئاينىڭ 13-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇرۇسۇل ئابلەت (1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان ) لېكتور، ئىدىيە- سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن شوغۇللىنىدۇ.

ئۈمىدىنى ئۇستىگە ئالغۇچى. چۈنكى، ئىستۇدېنتلارنى جەمئىيەتىمىزدىكى مەدەنىيەت قاتلىمى بىر قەدەر يۇقىرى، جانلىق، ساغلام كوللېكتىپنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۈكسىلىشى ئۈچۈن مائارىپ تەربىيەسى ئاساس، جەمئىيەت تەربىيەسى يۆلەنچۈك بولۇشى لازىم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىستۇدېنتلارنىڭ بىلىم ئېلىشى، يۈكسىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئۆگىنىش سورۇنلىرىنى ھازىرلاپ بېرىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىناق تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى.

بىر ئىستۇدېنتنىڭ يارامىلىق، ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئامىل. ھازىرقى ۋاقىتتا ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇۋاتىدۇ. ساغلاملىق دېگەندە، ئادەملەرنىڭ بەدىنىدە كېسەللىك بولمىسىلا ساغلام ئادەم ھېسابلانمايدۇ، بەلكى، فىزىئولوگىيەلىك ھالىتى، پسىخىك ھالىتى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى جەھەتلەردە نورمال كىشىلەر ساغلام ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا پسىخىك ساغلاملىقنىڭ رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنداقتا پسىخىك ساغلاملىق دېگەن نېمە؟

پسىخىك ساغلاملىقنى ئىبارەت بۇ سۆزنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1) پسىخىك كېسەللىك بولماسلىق لازىم. پسىخىك كېسەللىك يەنە روھىي كېسەللىكمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ پسىخىك پائالىيەتنىڭ نورمال بولمىغان ئىپادىسىدۇر. پسىخىك كېسەللىك بولماسلىق پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئاساسلىق تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پسىخىك كېسەللىك ھالىتىدە، ئادەم پسىخىك پائالىيەت فۇنكسىيەسىنى نورمال جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. پسىخىك كېسەللىك شۈبھىسىزكى پسىخىك جەھەتتە ساغلام بولمىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2) ناچار پسىخىك پائالىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تەڭشىيەلەيدىغان بولۇش لازىم. كىشىلىك تۇرمۇش ناھايىتى مۇرەككەپ، قاتمۇقات زىددىيەت ۋە بېسىملارغا تولغان بولۇپ، ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىدىغان، دائىملا خۇشال-خۇرام يۈرىدىغان ئادەم بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەردىمۇ پسىخىكىلىق توسالغۇنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانماق تەس. پسىخىكىسى ياخشى دەپ قارالغان ئادەممۇ داۋاملىق ياخشى پسىخىكىلىق ھالەتنى ساقلىيالىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خىلمۇخىل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، خاپا بولىدۇ، ئازابلىنىدۇ. ئەمما، پسىخىكىسى ساغلام بولغان كىشىلەر بۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ۋاقتىدا بايقاپ مۇۋاپىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنالايدۇ ھەم ناھايىتى تېزلا نورمال پسىخىك پائالىيەت ھالىتىگە قايتالايدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە پسىخىك ھالەتنى ياخشى تەڭشەپ تۇرۇش، پسىخىك جەھەتتە ساغلام تۇرۇشنىڭ مۇھىم تەلىپىدۇر.

3) ئاكتىپ، مۇقىم بولغان پسىخىك ھالەتنى ساقلاش، پسىخىك پائالىيەت فۇنكسىيەسىنى نورمال جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدا يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تولۇق ئىشقا سېلىش لازىم. پسىخىك جەھەتتە ساغلام كىشىلەر ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا رېئاللىققا ئىمكانقەدەر رازىمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتىدۇ. ئۇلاردا پسىخىك جەھەتتە تېڭىرقاش ئاز بولىدۇ. ئۆزىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئامال بار تىرىشچانلىق بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىرادىسى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. دېمەك، ساغلام پسىخىكىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاش ۋە رېئاللىققا يۈزلىنەلەيدىغان، توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇش تولىمۇ مۇھىم. لېكىن، رىقابەت ۋە خىرىسقا تولغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئىستۇدېنتلارنىڭ خىلمۇخىل بېسىم ۋە تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىپ كېتەلمەسلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پسىخىكىلىق مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ستۇدېنتلار ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،

www.uyghurkitap.com



ئىستۇدېنتلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە باغلىق. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. چۈنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتى شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ئىرادىلىك ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساس سېلىش ئىستۇدېنتلارغا باغلىق. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تايانچ كۈچلىرى بولغان ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى تەخىرسىز ۋەزىپە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر قانچە نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

## 1. ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى

پسىخىك ساغلاملىق-تۇرمۇشتا كەيپىياتى نورمال، ئەقلىي قابىلىيىتى يۇقىرى، ئەتراپتىكى مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان ھەرىكەت ئادىتى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ھېس تۇيغۇسى، خاراكتېرى، تەپەككۇرى، ئىرادىسى، ئىقتىدارى، مىجەز خۇلقى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەنىڭ دائىرىسىنى ئائىلە، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەنلا چەكلەپ قويماستىن، بۇ تەربىيەنىڭ ئۇنىۋېرسال، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئىستۇدېنتلار كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى. شۇڭا ئۇلاردا ساغلام پسىخىك ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش پەقەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ۋە ئەۋلادلارنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ماس، ساغلام پسىخىك ھالەت بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە.

ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش- ئىستۇدېنتلارنىڭ ساغلاملىق، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىشىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، جەمئىيەت يۈكىنى يەڭگىللىتىش، تۈرلۈك بېسىملارنى ئازايتىش، كەلگۈسى تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش تەن ساغلاملىقتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىستۇدېنتلارنىڭ تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى توغرا بولغان پسىخىك كەيپىيات. ئامېرىكىلىق نوپۇزلۇق تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئىنسانلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ 60%دىن 90%كىچە بولغىنى روھىي بېسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. جىددىيلىشىش، غەزەپلىنىش ۋە دۈشمەنلىشىش قاتارلىق ناچار كەيپىيات يۇقىرى قان بېسىم، ئارتېرىيە قېتىشىش... قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. شۇڭا، ھەربىر ئىستۇدېنت پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، پسىخىك ئادەتتە روھىي ھالەت دېمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. پسىخىك توسالغۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا روھىي ھالەت توسالغۇسىدۇر. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ چىقىشىدىكى ئەڭ دەسلەپكى سورۇنى مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەزگىلدە مۇستەقىل ياشاش ھالىتىگە ئۆتكەن بولىدۇ. مۇستەقىل ياشاش ئۈچۈن توغرا پسىخىك كەيپىيات بولمىسا تەن ساغلاملىقتىن سۆز ئاچماقمۇ تەس. شۇڭا، ھەر بىر ئىستۇدېنت ئۆزىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا نىسبەتەن مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى، ساغلام پسىخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشى كېرەك.

2) ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش بىلىم ئېلىشقا بولغان قىزىقىشىنى ئۇرغۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىلىم ئېلىش بولۇپ، پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ قىزىقىشىنى

ئۇرغۇتۇشتا ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ.

ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، قىيىن ئۆتكەللەر ۋە خىلمۇخىل زىددىيەتلەرگە يولۇققاندا ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا توسالغۇ شەكىللىنىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي دەرستىن چېكىنىش ياكى دەرسكە قىزىقماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن، ياخشى پسىخىك ساپانى يېتىلدۈرگەن ئىستۇدېنتلاردا ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى يۇقىرى بولۇپ، پسىخىكىلىق توسالغۇلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۆزىدە ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ، جەمئىيەتنى چۈشىنىش ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەن بولىدۇ.

3) ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى، ئىنتايىن يۈزەكى بولۇپ، توغرا پسىخىكىلىق قاراش ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ پەرقى ئېنىق ئايرىلىۋاتقان شارائىتتا پسىخىك كۆز قارىشى ئېنىق بولغان ئىستۇدېنتلارنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، سەرخىل ئىستۇدېنتلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم مەسىلىدۇر.

4) ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، پسىخىكىسى ساغلام ئىستۇدېنتنىڭ ئارزۇ قىلغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. ھەربىر ئىستۇدېنت ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن پسىخىك ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ماسلىشالايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

5) ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش ئىستۇدېنتلارنىڭ چىقىش يولى تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. ئىستۇدېنتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق، نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى نەتىجە قازىنىۋاتقان كەڭ ئىستۇدېنتلارغا قارىساق، ئۇلارنىڭ پسىخىك ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، يەنە ھەرخىل كەسىپلەرگە بولغان تونۇشى، چۈشىنىشى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىقىش يولى تېپىش، جەمئىيەتتىكى بوشلۇقلارنى تولۇقلاش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى شارائىت ۋە پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، نەتىجە قازىنىش ئىمكانىيىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، پسىخىك ساغلاملىقنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئىستۇدېنتلاردا ئۈمىدۋارلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

6) ئىستۇدېنتلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پسىخىك ساپاسى يۇقىرى ئىستۇدېنتلارنىڭ ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش، ئەركىن پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ، دۆلەتكە، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئەتراپلىق پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىپ، ئىستۇدېنتلاردا توغرا ئەخلاقىي تونۇش، ئىشەنچ ۋە غايە تۇرغۇزۇش كېرەك.

## 2. ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسى دۇچ كېلىۋاتقان پۇرسەت ۋە خىرىس

پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر كۆپ بولسىمۇ، ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەر ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە بېسىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، قىسمەن ئىستۇدېنتلار ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ، مودا قوغلىشىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش، مۇھەببەت قوغلىشىش،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



جەمئىيەتتىكى تەسىرى يامان كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش قاتارلىق بىر تالاي مەسىلىلەرنى ئۆزىگە يۈكلىۋېلىپ، جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ، ئاتا- ئانا ۋە مەكتەپنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) تايىنىۋېلىش. بەزى ئىستۇدېنتلاردا دەرسكە قىزىقماسلىق، ئەپلەپ-سەپلەپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، كۆز بويامچىلىق قىلىش، ئويۇنغا بېرىلىش، ئائىلىسىگە بىسىم قىلىش، بىلمىگەننى سورىماسلىق، باشقىلارغا تايىنىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. مەسىلەن: باھانە- سەۋەب كۆرسىتىپ دەرس تاشلاش، تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئورۇندىماسلىق، ئويۇن تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش، ئاسىنى تاللاپ، قىيىننى شاللاش قاتارلىقلار پسىخىك ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ۋە سەل قارىلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر.

2) بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۇنتۇش. ھەربىر ئىستۇدېنت ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەجبۇرىيىتى ياخشى ئوقۇش، ئەڭ چوڭ بۇرچى جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش. بىراق، ئىستۇدېنتلار ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئالىي مەكتەپكە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىغان، ۋاقىتنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، نىشانسىز ياشايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خىل مەسىلە جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا. ئىجتىمائىي تۇرمۇش بېسىمىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى، خىزمەت بېسىمى ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىستۇدېنتلارنىڭ روھىي بېسىممۇ كۈنسېرى ئاشماقتا.

3) قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش. ئىستۇدېنتلارنىڭ قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشى، خىلمۇخىل ھەۋەسلەرگە بېرىلىشى، ھەرخىل چېكىملىكلەرگە ئۆزىنى ئېتىشى، ساۋاقداشلار ئارا جېدەل قىلىپ مەكتەپ زومىگەرلىرىدىن بولۇۋېلىشى، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ۋە سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكىدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزماقتا. شۇڭا، پسىخىك ساغلاملىقنى كۈچەيتىپ، بۇ مەسىلىلەرنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4) نامۇۋاپىق مودا قوغلىشىش ۋە نامۇۋاپىق مۇھەببەتلىشىش. ئىستۇدېنتلار ئاۋۋال ياخشى ئوقۇشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئاددى-ساددا تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىراق بەزى ئىستۇدېنتلاردا سالاھىيىتىگە ماس كەلمىگەن تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋېلىپ، قارىغۇلارچە مۇھەببەت قوغلىشىش، چاكىنا ھەۋەسلەرگە بېرىلىش، بولمىغۇر قىلىقلار ۋە گەپ- سۆزلەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە يامان تەسىر بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. شۇڭا، ھەربىر ئىستۇدېنت ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشى، ئەڭ مۇھىمى ئىستۇدېنتلىق سالاھىيىتىگە داغ تەگكۈزمەسلىكى كېرەك.

5) كەسىپكە توغرا مۇئامىلە قىلماسلىق. ئىستۇدېنتلار كەسىپ تاللىغاندا ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە، نەتىجە قازىنىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ماس كەسىپ تاللاپ ئوقۇشى كېرەك. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز كەسپىدىن زېرىكىش ھازىرقى ئىستۇدېنتلاردا ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كىچىككىنە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاللىغان كەسپىنى ئالماشتۇرۇش نورمال بولمىغان پسىخىكىلىق ھالەت بولۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا تەسىر قىلىدىغان مۇھىم ئامىل.

6) پسىخىك ساغلاملىققا سەل قاراش. پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى رولى چوڭ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، پسىخىك ساغلاملىققا سەل قاراش، توغرا بولغان پسىخىك تونۇش بولماسلىق سەۋەبىدىن ئەدەپ-ئەخلاقتىن چەتنەش، ئۈمىدسىز ياشاش، ئېغىرراقى ئۆلۈۋېلىش قاتارلىق يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقماقتا ھەم بۇ خىل ئەھۋاللار كۆز

ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىپ بىزنى قاتتىق تەشۋىشلەندۈرۈپ، چوڭقۇر ئويغا سالماقتا. مانا مۇشۇنداق خىلمۇخىل يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈن پىسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك.

## 3. ئىستۇدېنتلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ يوللىرى ۋە تەدبىرلىرى

پىسخىك ساپانىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققۇاتقان مەسىلىلەر جەمئىيەت تەرتىپىگە بەزى ناچار تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. پىسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ساغلام پىسخىكىغا ئىگە ئىستۇدېنتلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، شۇنداقلا گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش تولىمۇ مۇھىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1) ئائىلە تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەم ياخشى خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئەڭ ئاۋۋال سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى، پەرزەنت تەربىيەسىدە ئىلمىي ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىشى، پەرزەنتلىرىنى ئورۇنسىز ئەيىبلىمەسلىكى ياكى ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ توغرا بولمىغان ئىش ھەرىكەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا تۈزىتىش لازىم.

ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولغان ئىستۇدېنتنىڭ پىسخىك ساپاسى بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلارغا بولغان پىسخىك تەربىيەنى چىڭ تۇتۇپ، ئوخشاش بولمىغان يېتىلىش دەۋرىدىكى پىسخىك تەربىيەنى تەكىتلەپ، ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياخشى يېتىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ پىسخىك تەكۈپۈكلۈكى ۋە پىسخىك ھالىتىنى كۆزىتىشى، ئۇلار بىلەن داۋاملىق سىردىشىپ تۇرۇشى، يولۇققان قىيىن مەسىلە ۋە گاڭگىراشلىرىغا نىسبەتەن دوستانە، سەمىمىي پىكىرلەرنى بېرىشى ھەم بۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ توغرا پىسخىك ھالەتتە ئېرىشىشكە ياردەمدە بولۇشى، پەرزەنتلىرىدە ئۆز ئاتا-ئانىلىرى بىلەن ئەركىن، ئازادە پاراڭلىشالايدىغان، مەسلىھەت ئالالايدىغان ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

2) مەكتەپ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم. مەكتەپ-ئىستۇدېنتلارنى تەربىيەلەپ جەمئىيەتكە چىقىرىدىغان ياخشى بىر سورۇن. ئوقۇتقۇچى-ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ياشاش، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش، خاتا بولغان پىسخىك ھالەتلەرنى تۈگىتىش، خىلمۇخىل مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا جىددىي ئۆگىنىش مۇھىتىغا ماسلىشالايدىغان ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ئاساس سالغۇچىدۇر. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمى ۋە پىسخىك ساپاسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئىستۇدېنتلىق دەۋر ئادەتتە ياشلىق دەۋرى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكەلمىگەن، تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە بىلىپ يېتەلمىگەن، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن دەۋردۇر. ئۇلاردا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى دەسلەپكى مۇقىملىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلاردا ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان تونۇشتا بىر تەرەپلىمىلىك، ئېغىپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بولۇپمۇ زىددىيەتلەرگە ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا توغرا مۇئامىلە قىلالماي ناھايىتى ئاسانلا پىسخىك جەھەتتە بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل پىسخىكىلىق ھالەتلەرگە ۋاقتىدا تەربىيە بېرىلمىسە، ئىستۇدېنتلاردا جەمئىيەتكە، رېئاللىققا توغرا قارىيالماسلىق سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىش، جىددىيلىشىش، ئۈمىدسىز ياشاش، ھەتتا ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش قاتارلىق ھالەتلەر يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ غايە ھەم نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. شۇڭا مەكتەپلەر ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ھازىرلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەردە پسىخىكىلىق باھالاش سىستېمىلىرىنى تۇرغۇزۇش، ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقتىدا پسىخىكىلىق باھالاپ، مەسىلە بايقالغان ئوقۇغۇچىلارنى توغرا يۇسۇنلار ئارقىلىق يېتەكلەپ، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە ئىستۇدېنتلارغا ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئەخلاقىي تەربىيەنى كۈچەيتىش -- ئىستۇدېنتلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلىشىدە ۋە قانداق ئادەم بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ياخشى ئەخلاقىي ساپاغا ئىگە بولمىغان ئىستۇدېنتنىڭ پسىخىك ساغلاملىقمۇ ياخشى بولمايدۇ. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىدىيەۋى سىياسىي تەربىيەدىن ئايرىلىپ قالغان، پسىخىكىسى نورمال بولمىغان ئىستۇدېنتنىڭ ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل يېتىشىپ چىققان لاياقەتلىك ئىختىساسلىق خادىم بولالىشى ناتايىن. شۇنداق بولغان ئىكەن، ساغلام پسىخىكىغا ئىگە ئىستۇدېنت تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىدىيەۋى سىياسىي، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق لازىم. مەكتەپ يەنە پسىخىك توسالغۇغا ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلىغان ئاساستا ئۇلارغا نىشانلىق ھالدا پسىخىك تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ نورمال پسىخىك ھالەتكە قايتىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پسىخولوگىيە دەرسلىكىنى مۇھىم دەرسلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشى ھەم مەخسۇس پسىخولوگىيە كەسپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا مۇۋاپىق بولغان مەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلاردىكى روھىي بېسىمنى ۋە ئۆگىنىش جىددىيچىلىكىنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىش كېرەك.

دېمەك، مەكتەپ مۇۋاپىق بولغان تۈزۈملەر ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارغا مەكتەپنى ئىللىق ئائىلە ئورنىدا ھېس قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆز پەرزەنتلىرىدەك ئاتا-ئانىلىرىدەك مۇئامىلىدە بولۇپ، ساغلام بولغان مەكتەپ مەدەنىيەت پائالىيىتى سورۇنى ھازىرلىشى كېرەك، مەكتەپ تۈزۈمىدە ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇكاپات ۋە جازانى ئېنىق ئايرىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ يېڭى دەۋرگە لايىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىغا ئاساس سېلىش كېرەك.

3) پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشتە سەرخىل قوشۇن بولۇشى لازىم. دۆلىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ شارائىت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ۋە جەمئىيەتتىكىلەر ئورتاق ماسلىشىپ، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشى ۋە شۇ ئورۇنلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

4) پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە جەمئىيەت مۇھىم ھالقا. چۈنكى، جەمئىيەت پسىخىك ساپانى سىنايدىغان بىر مۇھىم سورۇن. شۇڭا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تېلېۋىزور، رادىيو، گېزىت-ژۇرناللار ۋە ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ پسىخىك ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈش، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە پسىخىكىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە توغرا قاراش كەيپىياتى پەيدا قىلىش، پسىخىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

5) قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە كىشىلىك قەدىر-

قىممەتنى تونۇتۇش لازىم. پسىخىك ساغلاملىقى ئۈچۈن ھەربىر ئىستۇدېنت ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى تونۇپ يېتىشى، باشقىلارنىمۇ ئۆزىدەك كۆرۈشى، ئەدەب-ئەخلاقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، ھەر ۋاقىت قانۇننى قورال قىلىپ، باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا بىر كىشىلىك ھەسسىنى قوشۇش، كەلگۈسىنىڭ ساپالىق، يارامىلىق ئىزباسارلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

يىغىنچاقلىغاندا، ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت ئورتاق كۈچ چىقىرىش بىلەن بىرگە، ھەر بىر ئىستۇدېنت پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزىدە ساغلام كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ناچار پسىخىك پائالىيەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا توختىتىپ، ئاكتىپ پسىخىك پائالىيەت فۇنكسىيەسىنى نورمال جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدا يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە ماسلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇنىياز مۇسا: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001- يىلى 4- سان.
2. ئابدۇرېھىم مۇھەممەد: « ئىستۇدېنتلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى پسىخىكىلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا»، « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007- يىلى 2- سان.
3. گۈلزەپەر مۇھەممەد: « ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2002- يىلى 7-سان.
4. سەي شياۋيۈ: « پسىخولوگىيە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001- يىلى 7- ئاي 1- نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كېچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

第 32 卷第 3 期 شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 32-يىللىق 3-سان
2011 年 9 月 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2011-يىلى 9-ئاي

ماقالە نومۇرى: 15-057-03 (2011) 5878-1005

# تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدىغان «ر» تاۋۇشىنى يېزىقتا ئىپادىلەش توغرىسىدا

يۈنۈس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ پېنسىيونېرى، 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر ئاغزاكى تىلىنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرىدە سۆزلەر قۇرامىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش، ئورۇن ئالمىشىش، ئاجىزلىشىش ھادىسىلىرى توغرىسىدا ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىش يوللىرى (ئىملا قائىدىلىرى) دا بەلگىلىك قائىدىلەر بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بار. تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدىغان «ر» تاۋۇشىنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشىنىڭ ئىزچىل بولماسلىقى ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئىچىدە خېلىلا گەۋدىلىك سانىلىدۇ. بۇ ماقالىدە مانا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 虽然对维吾尔语口语中不同方言词中的语音脱落，换位，弱化等语言现象制定了一定的正音正字形式，但还是存在一些待解决的问题。语流音变中脱落音“r”的正音正字形式的不规范性就是其中的显著问题之一。本文主要论述该问题。

**Abstract:** While orthographic guidelines have been set for the literary expression of dropped sounds, phoneme reversal, and weakening in words in various dialects of spoken Modern Uyghur, some remaining problems demand attention. One of the most significant of these unresolved problems is the lack of a unified way of expression dropped "r"s in writing. This problem will be considered in the present paper.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G122 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاغزاكى تىلىدا ۋە نۇتۇقتا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى [ئاتداش- ئاداش، تاغاي - تاغا، سەرگەك - سەگەك، تالاق-تال (ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزاسى)] ؛ بىر تاۋۇشنىڭ ئىككىنچى بىر تاۋۇشقا ئۆزگىرىشى (ئاداق - ئازاق -ئاياق، كۆزەگۈ - كۆسەي، ياپۇرغاق - ياپۇرماق- ياپراق -يوپۇرماق) ؛ ھازىر تۈپ سۆز دەپ قارالسىمۇ، ئەسلىدە تۈپ سۆزلەرگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان ياسالما سۆزلەردە يانمۇيان تۇرغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى (ئارغامچا - ئاغرامچا، بۇيرۇق - بۇرىيۇق، چاپلاق -چالپاق) ؛ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى [شاخچا - چاخشا – چاخسا (دەرەخ شاخلىرىنى يەرگە زىچلاپ سانچىپ ياسالغان قورۇق تام، قاشا)...] ۋە سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئۈچىنچى بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى (قارغىلاچ - قارلىغاچ...) ؛ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇم ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى (ئاغۇ - ئۇغا / ئوغا، ساغۇ - سۇغا / سوغا، قازىي-قىزا، ياغى-يېغا) قاتارلىق تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى لەھجە - شېۋىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سۆزلەر قۇرامىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ياكى ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. پەقەت ھەرقايسى شېۋىلەردە بۇ ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈشى بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، سۆزلەر قۇرامىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە ئازراق كۆرۈلسە، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى- يەتتەسۇ

---

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** يۈنۈس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق (1938-يىلى 1-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئىملا ۋە لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شېۋىلىرىدە خېلىلا كۆپ يۈز بېرىدۇ؛ تورپاق (قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە) / توپاق (باشقا شېۋىلەردە)؛ تورلىما ماتا (قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە) / تولىما (باشقا شېۋىلەردە)؛ كۆرتە (قومۇل شېۋىسىدە) / كۇدە (قەشقەر شېۋىسىدە)؛ كۇسۇرتكە (قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە) / كۇسۇتكە (ئەدەبىي تىلدا)؛ هاڭگىرت (قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە) / هاڭگىت (قەشقەر شېۋىسىدە) .... بىر سۆز قۇرامىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىغا مىساللار: ئايغىر (ئەدەبىي تىلدا) / ئارغىي (باي شېۋىسىدە)، لوق گۆش (ئەدەبىي تىلدا) / لوك گوش (چەرچەن شېۋىسىدە)، تونۇر (ئەدەبىي تىلدا) / تورۇن (چەرچەن شېۋىسىدە)، تەكشۇرۇش (ئەدەبىي تىلدا) / تەشكۇرۇش (قەشقەر شېۋىسىدە)، لايىھە (ئەدەبىي تىلدا / )لاھىيە (قەشقەر شېۋىسىدە) / لايە (چەرچەن شېۋىسىدە)....

بۇ خىل تىل هادىسىسى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئېنېرگىيەسى (فوناتسىيەلىك ئېنېرگىيە) نى تېجەش، ئىخچاملىق ـ يەڭگىللىككە ئېرىشىشنى كۆزلىشى ياكى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تاۋۇشچىقىرىش ئەزالىرى فۇنكسىيەسىنىڭ تولۇق يېتىلمەسلىكى [بولۇپمۇ گۆدەكلەر سۆزلىرىدە: قوقۇش (قوشۇق)، يۇسۇن بوۋا (يۇنۇس بوۋا)، بۇ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئورۇن ئالماشقان] ، يا بولمىسا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ كەمتۈكلۈكى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. ئەدەبىي تىل يېزىش يوللىرى تۇرغۇسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى هادىسىسىنى ئىلمىي يوسۇندا بىر ياقلىق قىلماق خېلىلا يۇقىرى نەزەرىيەۋى بىلىمنى ۋە ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى هادىسىسى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بىر بۆلۈك سۆزلەرنىڭ شەكىللىرى تىل تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مۇستەهكەم ئورۇن ئېلىپ، ئەدەبىي تىل ئۆلچەملىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: يامغۇر، چامغۇر، ياستۇق، ئۇۋي (ئەسلىدە «ئۇد»)، بويناق (ئەسلىدە بوينى ئاق ئىت)، نانۇشتا (ئەسلىدە نان+ ئۇشات = نان ئۇشات)، ... بۇلاردىن باشقا تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرىنى ئەدەبىي تىل ئۆلچەملىرى ئاساسىي جەهەتتىن رەت قىلىدۇ ۋە رەت قىلىشى كېرەك.

لېكىن تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىدىن ئىبارەت بۇ تىل هادىسىسى هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىش يوللىرى قوللانمىسى ۋە شۇ نېگىزدە تۈزۈلگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997) دە تولۇق ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل هەل قىلىنمىغان. بۇ هادىسىلەرنىڭ ئىچىدە «ر » تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئىملاسى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ سانىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاغزاكى تىلىدا ۋە نۇتۇقتا « ر» تاۋۇشىنىڭ نېمىشقا چۈشۈرۈلۈپ قالدۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئايرىم تەتقىقات ماقالىسىنى مەن تېخىچە ئۇچراتمىدىم. لېكىن تىل ـ يېزىقتا ئائىت ئەسەرلەردە بۇ هەقتە ئاز ـ تولا توختىلىپ ئۆتۈلگەن. قازاقىستان تىلشۇناسلىرىدىن ئا. قايداروف، غ. سەدۋاققاسوف، ت. تالىپوفلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆپكىدىن كەلگەن تاۋۇشلۇق هاۋا باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارغا قارىغاندا ‹ ر› تاۋۇشىنى ئېيتقاندا بىرقەدەر كۈچسىز بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ تاۋۇش تەلەپپۇزدا خېلى كۈچلۈك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، تولا ۋاقىتلاردا ئېيتىلماي چۈشۈپ قالىدۇ» (هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، 1 ـ قىسىم، 330ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983). غ. سەدۋاققاسوف ئۆزىنىڭ « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گىراماتىكىسى بىلەن ئىملاسى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ بابىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىدۇ. بۇ بابنىڭ «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى» بۆلۈمىدە هەربىر ئۈزۈك تاۋۇش ئۈستىدە ئايرىم توختىلىدۇ، بولۇپمۇ « ر» تاۋۇشى ۋە ئۇنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇشى مەسىلىسى توغرىسىدا كەڭ مۇلاهىزە ئېلىپ بارىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە هازىرغىچە تۈزۈلگەن يېزىش يوللىرى قوللانمىسى ۋە ئىملا سۆزلۈكلىرىدە «ر» تاۋۇشى هەم ئۇنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا ئېنىقسىزلىق ـ مۈجمەللىكلەر ساقلانغان بولۇپ، بۇنى قانداق بىر ياقلىق قىلىش ــ تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىدىن ئىبارەت تىل هادىسىسى مەسىلىسىنىڭ ئېغىرتقۇسى سانىلىدۇ. مېنىڭ هازىر جارى قىلىنىۋاتقان يېزىش يوللىرى قوللانمىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەر ئىچىدە « ر» تاۋۇشى مەسىلىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشۇمنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى مانا شۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



«ر» تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن ئومۇمىي تۈركىي تىللاردا بار بولۇپ، ئورقۇن ـ يەنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدىلا ئۇنىڭ يېزىق بەلگىسى (تامغىسى) بارلىققا كەلگەن. «ر» تاۋۇشى ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تىل ئۇچى تىترەڭگۈ، جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بولۇپ، تۇرپان شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى تەلەپپۇزىغا قارىغاندا سەل تىترەڭگۈ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. خوتەن شېۋىسىدە بولسا تۇرپان شېۋىسىدىكىدىنمۇ بەكرەك تىترەڭگۈ، تىل ئۇچى قايرىلما تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ھال سۆزلەردە مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ر» تاۋۇشى (ھەرپى) سۆزلەرنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا كېلەلەيدىغان تاۋۇش بولسىمۇ، لېكىن ساپ ئۇيغۇر (تۈركىي) تىلىغا خاس سۆزلەردە سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ: «رۇس» دېگەن مىللەت نامىنىڭ «ئورۇس» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بۇنىڭ بىر مىسالى. دېمەك، تىلىمىزدىكى بىرىنچى تاۋۇشى «ر» بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى باشقا تىللاردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆزلەردۇر: رەئىس (ئەرەبچە)، رەسسام (ئەرەبچە)، راست (پارسچە)، رايىش (پارسچە)، رادىئو (لاتىنچە)، رادىئۇس (لاتىنچە)، رېمونت (فرانسۇزچە)، رۇمكا (گېرمانچە)، رېكورد (ئىنگلىزچە)...

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرىدە «ر» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىدا تۆۋەندىكىدەك تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ:

خوتەن شېۋىسىدە (كېرىيە شېۋىسى بۇنىڭ سىرتىدا) ئەدەبىي تىلىمىزدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن«ر» تاۋۇشى«ي» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن: يەندە (رەندە)، يەخ (رەخت)، ئەتىيەت (ئەترەت)، تىيىگ (تىرىگ)...؛ سۈپەت دەرىجە قوشۇمچىسى «ـ راق / ـ رەك » مۇ « ـ ياق / ـ يەك » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: بوشىياق (بوشراق)، چىيايلىغياق (چىرايلىقراق)، سەتياق / سەتيەك (سەترەك)؛ بوغۇم ئايىغىدا كەلگەن«ر» تاۋۇشى «ي» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: بىيى (بىر)، تۆمۈي (تۆمۈر)، غەلۋىي (غەلۋىر) ، ... بوغۇم ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ «ي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى تۇرپان شېۋىسى دائىرىسىگە كىرىدىغان بەزى يۇرتلارنىڭ ئاغزاكى تىلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ: ـ بايلامۇ باي، كەمبەغەللەمۇ باي (ـ بايلارمۇ بار، كەمبەغەللەرمۇ بار) ـ پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى.

قەشقەر شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئايىغىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشى «ژ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: بىژ (بىر)، قىژ (قىر)، قىژغاق (قىرغاق)، كىژ (كىر)، كىژپە (كىرپە)، گىژدە (گىردە)، ...

يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال، قومۇل شېۋىسىدە ئەسلى قۇرامىدا «ر» تاۋۇشى يوق بەزى سۆزلەرگىمۇ«ر» تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: بورجى (箕籔)، مۇرجاڭ (匠木)؛ ئەرگىم: ئەرگىم ـ ئەرگىم يوللاردىن قىز كېلەدۇر، يار ـ يار («ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ»، قومۇل) .

ياخشى يېرى شۇكى، «ر» تاۋۇشىدا كۆرۈلىدىغان يۇقىرىدىكىدەك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ھادىسىلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېزىش يوللىرىدا ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ. لېكىن بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق مەسىلە ئاغزاكى تىلدا، نۇتۇقتا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدىغان«ر» تاۋۇشى ھادىسىسىنىڭ ئەدەبىي تىل يېزىش يوللىرىدا ئۆزۈل ـ كېسىل بىر ياقلىق قىلىنمىغانلىقى، ئەسلىدە «ر» تاۋۇشى بار سۆزلەر ئىملاسىنىڭ«ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» دە (1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان« ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى » كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بىر خىل قېلىپقا سېلىنمىغانلىقىدىندۇر. مۇنۇ مىساللارغا قاراپ باقايلى:

| ئىملا سۆزلۈكىدە | تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەردە | ئاغزاكى تىلدا |
|---|---|---|
| ئارغىماق | ئارغاماق / ئارغىماق | ئاغىماق / ئاغماق |
| ئالاڭغۇ | | ئالاڭغۇر/ ئالاڭغۇ |
| ئامۇت | ئارمۇت / ئالمۇرت | ئامۇت |
| ئايغىر | ئايغىر | ئارغىي / ئاغىر |
| ئەتە | ئېرتە / ئەرتە | ئەتە |
| باداڭ | باردان / بارداڭ | بارداڭ/ باداڭ |
| پالاندى(سۇرگۈن) | | پارلاندى / پالاندى |
| پەلپەتىش | پەلە-پەرتىش | پەلپەتىش |
| تارغاق | تارغاق | تارغاق / تاغاق / تاراق |

| | | |
|---|---|---|
| تاغىل | تارغىل | تارغىل / تاغىل |
| تورپاق | تورپاق | تورپاق / توپاق |
| تورغاي | تورغاي | تورغاي / توغاي / توخەي |
| چەم | چەرم | چەم |
| دەز | دەرز | دەز |
| كارداڭ | كاردان / كارداڭ | كاردان / كاداڭ |
| مارجان | مارجان | مارجان / ماجان |

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى « ئارغىماق، ئالاڭغۇ، ئامۇت، ئايغىر، ئەتە، پەلىپەتىش، تارغاق، تاغىل، تورپاق، تورغاي، قاتاڭغۇر » دېگەن ئۇيغۇرچە (تۈركىي) سۆزلەردە تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەرگە قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرىنچى بوغۇم ئايىغىدا (« پەلىپەتىش » سۆزىنىڭ ئۈچىنچى بوغۇم ئايىغىدا) « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) بار. لېكىن « ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى » دە بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىدە « ر» ئىپادىلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە ئىپادىلەنمىگەن. يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى « باداڭ، كارداڭ، دەز، چەم، مارجان » دېگەن سۆزلەر فارسچىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆزلەر بولۇپ، ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) بار. لېكىن « ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى » دە بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىدە « ر» ئىپادىلەنگەن، بەزىلىرىدە بولسا ئىپادىلەنمىگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مەيلى ئۇيغۇرچە (تۈركىي) سۆزلەر، مەيلى ئۆزلەشمە سۆزلەر بولسۇن، قانداق ئەھۋالدا«ر» تاۋۇشى ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ۋە قانداق ۋاقىتتا ئىپادىلەنمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە 1954 ـ يىلىدىن بۇيان تۈزۈلگەن بىرنەچچە قېتىملىق يېزىش يوللىرى قوللانمىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە « ر» تاۋۇشىغا ئائىت ماددا بېرىلگەن بولسا، بەزىلىرىدە بېرىلمىگەن. مەسىلەن، 1954 ـ يىلى تۈزۈلگەن « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ « ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى » 3 ـ ماددىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا « ر» تاۋۇشى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا ئاڭلانمايدۇ: بەدى، كودى، با، قا، بازا، قاغا، يوغا ئوخشاش.

لېكىن مۇنداق سۆزلەرنى تۈرلىگەندە « ر» تاۋۇشى پەيدا بولسا، تومۇر سۆزدە « ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئاڭلىنىشى | يېزىلىشى | چۈنكى |
|---|---|---|
| بازا | بازار | بازىرى |
| با | بار | بارىمەن |
| قا | قار | قارى |

ئەگەر تۈرلەنگەندە « ر» تاۋۇشى پەيدا بولمىسا، « ر» يېزىلمايدۇ.

مەسىلەن: بارماق ئەمەس باماق، چۈنكى بامىغى. قارغا ئەمەس قاغا، چۈنكى قاغىنى، ۋە باشقىلار.

(شۇ كىتاب، 14 ـ 13 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1954).

1973 ـ يىلى دېكابىردا نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى » نىڭ « ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى » 12§ دا: «جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدىغان بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار تۈرلەنگەندە پەيدا بولسا يېزىقتا ساقلىنىدۇ، پەيدا بولمىسا ساقلانمايدۇ، دېگەن ئومۇمىي قائىدىدە قۇرامىدا «ر» بار ئىككى سۆز مىسالى كەلتۈرۈلگەن:

| سۆز | ئېيتىلىشى | يېزىلىشى |
|---|---|---|
| بازار | بازا | بازار (بازىرى) |
| تۆرت | تۆت | تۆت (تۆتى) |

(يۇقىرىقى كىتاب 41 – 31 ـ بەتلەر).

1983 ـ يىلى نويابىردا نەشر قىلىنغان« ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىمـــــــــلا

www.uyghurkitap.com



قائىدىسى» 81 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى ‹ر› تاۋۇشى جانلىق تىلىدا چۈشۈپ قالسىمۇ، يازغاندا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن: خار (خا ئەمەس)، تار (تا ئەمەس)، قار (قا ئەمەس).

لېكىن بەزى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى «ر» تاۋۇشى ئادەت بويىچە چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: قوساق، قاغا، كاناي، سۇناي، گەدەن، ئۆدەك، توپاق، تۆت « (شۇ كىتاب، 16 ـ بەت).

1984 ـ يىلى دېكابىردا ئېلان قىلىنغان « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى » نىڭ «ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى » بابىدا «ر» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇشى ۋە بۇ ھالنىڭ يېزىقتا قانداق بىر ياقلىق قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئايرىم مەزمۇن يوق («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى »، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىگە دائىر ھۆججەت – ماتېرىياللاردىن تاللانما I») (، 246ـ بەت، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن، 1991)

1995 ـ يىلى تۈزۈلگەن 7 ـ قېتىملىق ئىملا قائىدىلىرىدىمۇ «ر» تاۋۇشى (ھەرپى) توغرىسىدا ئايرىم ماددا يوق. پەقەت، «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى » بابىنىڭ 5§ دا: «كار ـ كارى، تار ـ تارى، يار ـ يارى، قار ـ قارى، چار ـ چارى، بار ـ بارى » دېگەن سۆزلەر مىسال كەلتۈرۈلۈپ، «ئا » سوزۇق تاۋۇشىنىڭ سوزۇلۇپ ئېيتىلىپ، ئۆز ئورغۇسىنى يوقاتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېزىقتا «ئې، ئى » غا ئاجىزلاشمايدىغانلىقىغا مىسال قىلىنغان (قاراڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى »، 32 – 22 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997).

«ر» تاۋۇشى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قائىدىلەردىن مۇنداق بىرنەچچە خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ: بىرىنچىسى، بۇ قائىدىلەرنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشىنىڭ، كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن فونېتىكىلىق پرىنسىپ نېگىزىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، زادى قانداق شارائىتتا سۆزلەر قۇرامىدىكى «ر» تاۋۇشى يېزىقتا ئىپادىلىنىدۇ، قانداق شارائىتتا ئىپادىلەنمەيدۇ، دېگەننى ئايرىماق ۋە ئەستە ساقلىماق قىيىن. چۈنكى، «ر» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش شارائىتى ھەرقايسى شېۋىلەردە بىردەك ئەمەس. ئەدەبىي تىلنى ۋە ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇش — بىرلىككە كەلتۈرۈش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە « ر» تاۋۇشى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قائىدىلەر پايدىلىق ئەمەس؛ ئىككىنچىسى، يۇقىرىدىكى قائىدىلەردە كەلتۈرۈلگەن مىساللار ۋە شۇ قائىدىلەر نېگىزىدە تۈزۈلگەن ئىملاسۆزلۈكلىرىنىڭ ئىلگىرىكىلىرىدە سۆزلەر قۇرامىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇش ئەھۋالى كۆپرەك بولسا، كېيىنكى سۆرۈلگەنسىرى«ر» تاۋۇشىنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى كۆپىيىپ بارىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يىغىپ ئېيتقاندا، «ر» تاۋۇشى توغرىسىدىكى بۇ قائىدىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا — قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى تۈزگەن يېزىش يوللىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى (يەنى بىز دەۋاتقان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ») ئەنئەنىلىرى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرىدىن بولغان تۇرپان، قومۇل شېۋىلىرى تىل پاكىتلىرىغا قىلچە ئېتىبار قىلىنمىغان.

مۇشۇ يەردە شۇنى دەپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم: 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 – 30 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر يېڭى ئەدەبىي تىلنى يارىتىش ۋە ئۇنىڭ يېزىش يوللىرىنى تۈزۈش مەسىلىسىدە قىلىدىن قېيىق كەتكەن ئىدۇق، بىر قىرىق ئەمەس، ئىككى قىرىقتىمۇ ئۇتۇشلالمايۋاتىمىز. كەمىنىنىڭ قولىدا ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي ۋە قادىر ئاشۇروف (كۈنتۇغدى) لار تۈزگەن » يېزىش يوللىرى قوللانمىسى » نىڭ ئۆزى ۋە يا ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا ئائىت ماتېرىياللار يوق. شۇنداقتىمۇ بەختىمىزگە يارىشا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا تاشكەنت شەھىرىدە لاتىن گرافىكىسى نېگىزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان بىر بۆلۈك دەرسلىك كىتابلار ۋە 40 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھەرلىرىدە ئەرەب گرافىكىسى نېگىزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەر ۋە باشقا ئىلمىي، سىياسىي كىتابلار بار بولۇپ، شۇ كىتابلارنىڭ ئىملاسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، شۇ چاغلاردا جارى قىلىنغان يېزىش يوللىرىنىڭ مەزمۇنىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېگىدۇرمىز. گەپنى يەنىلا « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نىڭ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇشىغا دائىر مىساللارنى كەلتۈرۈشتىن باشلايلى.

لاتىن گىرافىكىسى نېگىزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلاردا: (ئەززان) azan ، (قار)qa ، (يار، قىيا)ja ، (ھور) ho ، (ناكار) naka ، (پۇرچاق)poqak ، (پاكار) paka، (خەرجلىمەك) xaslimak .....

ئەرەب گىرافىكىسى نېگىزىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلاردا: بۇجەك (بۇرجەك / بۇرجەك)، ئۆدەك (ئۆردەك)، ئوغاق (ئورغاق)، پالاش (پارلاش)، سۇرگۇن، قالىغاچ (قارلىغاچ)، چامغۇ (چامغۇر)، ...

غ. سەدۋاققاسوف ۋە ئە.ئىلىيېفلارتەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى » (ئالمۇتا «مېكتېپ » نەشرىياتى، 1983) 1960 ـ يىلىدىن بېرى قازاقىستاندا قوللىنىلىۋاتقان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى » دە بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار نېگىزىدە تۈزۈلگەن. غ. سەدۋاققاسوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « ئىملا قائىدىلىرى » تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن «كتاب علم املا» غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى سۆزلەرنىڭ تاۋۇش تەركىبىنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئاجرىتىپ، ھەربىر تاۋۇشنىڭ يېزىقتىكى توغرا يېزىلىش شەكلى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەزمۇن جەھەتتىن بولسا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ-قارشى، يەنى «كتاب علم املادا» مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ يېتەكچى ئورۇنغا قويۇلغان بولسا، كېيىنكىسىدە فونېتىكىلىق پرىنسىپ ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان. لېكىن چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئىملاسىغا بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوپمۇئوخشاش، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، «كتاب علم املا » دا ئەرەبچە، فارسچىدىن كىرگەن سۆز ـ ئىبارىلەر ئەسلى يېزىق شەكلىگە ئوخشاش يېزىلغان بولسا (بىر يەردە «زاود» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ)، كېيىنكىسىدە رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆز ـ ئىبارىلەر، يەنى ئاتالمىش «سوۋېت ـ ئېنتېرناتسىئونال سۆزلىرى » رۇس تىلىدا ياكى ئۇيغۇر تىلىدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينەن رۇس گىرافىكىسى شەكلىدە بېرىلگەن ۋە شۇنداق يېزىلىشى كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ غ. سەدۋاققاسوفنىڭ ئەسەرلىرىدە.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن ئۆتكەن ئەسىر 30 ـ يىللىرىدا بېكىتىلگەن ئىملا قائىدىلىرى پىرىنسىپلىرىغا تا ھازىرغىچە ئىزچىل ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئۆز تەسىرىنى تېخىچە يوقاتمىدى. غ. سەدۋاققاسوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى » بۆلىكىدە ئالدى بىلەن « ر» تاۋۇشى ئۈستىدە توختالغان. بۇ توغرىسىدىكى قائىدە مۇنداق: ئا، سۆز ئاخىرىدىكى « ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، يېزىقتا ساقلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان بىرەر قوشۇمچە ئۇلانغاندا، قاچقۇن« ر » تاۋۇشى ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئېيتىلىشى | يېزىلىشى | چۈنكى | |
| با | بار | بارىدۇ | |
| قا | قار | قارى | |
| تە | تەر | تەرى | |
| قوشقا | قوشقار | قوشقارى | |
| تاغا | تاغار | تاغارى | |
| ئوقۇ | ئوقۇر | ئوقۇرى | |
| كۆمۈ | كۆمۈر | كۆمۈرى | |
| تۆمۈ | تۆمۈر | تۆمۈرى | |
| چامغو | چامغۇر | چامغۇرى | ۋ. ب. |

ئەسكەرتمە: چا، سا، بۇلتۇ، توكۇ ئوخشاش بىرقانچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى "ر» ئەنئەنە بويىچە چۈشۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ.

ب، سۆز ئوتتۇرىسىدىكىقاچقۇن « ر » مۇشۇ سۆزلەرگە ھەرقانداق قوشۇمچە ئۇلىغاندىمۇ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل سۆزلەر ئاساسەن مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ بويىچە « ر» تاۋۇشىنى ساقلىغان ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئېيتىلىشى | يېزىلىشى |
|---|---|
| قاچىغا | قارچىغا |
| قاغا | قارغا |
| تاقماق | تارقماق |
| تاتىش | تارتىش |

لېكىن خۇددى مۇشۇ شارائىتتا نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى « ر» سىز يېزىش ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن:

| ئەسلى | ئېيتىلىشى ۋە يېزىلىشى |
|---|---|
| تارغىل | تاغىل |
| ئورغاق | ئوغاق |
| ئورما | ئوما |
| هاردۇق | هادۇق |
| سارمساق | سامساق |
| كورلىماق | كولىماق |
| تورپاق | توپاق |

ئەسلىتمە: « ر» تاۋۇشى ساقلىنىپ ۋە چۈشۈرۈپ يېزىلغان سۆزلەرنىڭ تىزىمى ئىملا لۇغىتىدە بېرىلدى. (قاراڭ: غ. سەدۋاققاسوف، « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گىرافىكىسى بىلەن ئىملاسى » ، 106-105- بەتلەر، ئالمۇتا «مېكتېپ » نەشرىياتى، 1984.

دېمەك، بىرىنچىدىن غ. سەدۋاققاسوف تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1960 - يىلىدىن بېرى قوللىنىلىۋاتقان « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ قاچقۇن « ر » توغرىسىدىكى ماددىسىنى (غ. سەدۋاققاسوف قۇرامىدا « ر» تاۋۇشى بار سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا « ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇشى هادىسىسىنى يومۇرلۇق قىلىپ «قاچقۇن ر » دەپ ئاتايدۇ. مەنمۇ مۇشۇنداق ئاتاشنى ئەپلىك كۆردۈم. ( ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا تۈزۈلگەن « ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ « ر» تاۋۇشى توغرىسىدىكى ماددىسى بىلەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن سۆز مىساللىرى ئىسپاتلايدۇ. پەرقى بار دېيىشكە توغرا كەلسە، 30 ـيىللاردا يا، قا، يوپۇماق، پاچا، تاتماق ... دەپ يېزىلغان سۆزلەرنىڭ 60 ـ يىللاردىن تارتىپ يار، قار،، يوپۇرماق، پارچە، تارتماق ... دەپ يېزىلغانلىقىنىلا كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇهەممەد زىيىدىي تەرىپىدىن 1954 - يىلى تۈزۈلگەن « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ « ر» تاۋۇشى توغرىسىدىكى ماددىسىنى غ. سەدۋاققاسوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ « قاچقۇن ر » توغرىسىدىكى ماددىسىغا سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشىدە پەرق بار بولسىمۇ، مەزمۇنىدا هېچقانداق پەرق يوقلۇقىنى كۆرىمىز. گەپنى ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ بۇ يەردە تۈزۈلگەن يېزىش يوللىرىدىكى بەزىبىر قائىدىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا - قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يېزىش يوللىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ياكى شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان. مۇهەممەد زىيىدىي تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ كىرىش سۆزىدىكى: « ئۇنىڭغا (ئۇشبۇ « ئىملا قائىدىلىرى » نى دېمەكچى - مۇئەللىفتىن) 1951 - يىلى ئالمۇتا تىل - ئىملا كېڭەشمىسى ئىشلەپ چىققان ‹ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى› ئاساس قىلىپ ئېلىندى » ، دېگەن سۆز پىكرىمىزنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ (قاراڭ: « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى » ، كىرىش سۆز، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1954.)

غ. سەدۋاققاسوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ « قاچقۇن ر » توغرىسىدىكى قائىدىسى ۋە

مۇھەممەد زىيىدىي تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى » نىڭ « ر» تاۋۇشى توغرىسىدىكى قائىدىسى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يا فونېتىكىلىق پىرىنسىپقا، يا مورفولوگىيەلىك پىرىنسىپقا ياتمايدىغان بولۇپ، ئىلمىيلىكى كەمچىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى تۈزگەن قائىدىگە ئۆزلىرى زىت مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، غ . سەدۋاققاسوف تۈزگەن قائىدىنىڭ ئا، تارماقچىسى بويىچە تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدىغان سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى سوزۇق تاۋۇشتىن باشلىنىدىغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا، ياڭلىۋاشتىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن يېزىقتا ئىپادىلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن شۇ تارماقچىنىڭ ئايىغىغا « چا، سا، هو، بۇلتۇ، توكۇ، ... » ئوخشاش سۆزلەرگە ئالاھىدە ئەسكەرتمە بېرىلىپ، يۇقىرىقى قائىدىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ ئېتىلگەن. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەرمۇ تۈرلەنگەندە « قاچقۇن ر » ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ: چا ـ چارى: بۇغداي چارى، سا ـ سارى، سارىم؛ هو ـ هورى: سۇ هورى، بۇلتۇ ـ بۇلتۇرى، بۇلتۇرقى؛ توكۇ ـ توكۇرى: xx نىڭ توكۇرى.

شۇنداقتىمۇ، قۇرامىدا « ر» تاۋۇشى بار سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە تۈزۈلگەن يېزىش يوللىرىدا كەسكىن بىر ياقلىق قىلىنمىغان چىگىچ مەسىلە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى غ. سەدۋاققاسوف ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گىرافىكىسى بىلەن ئىملاسى » دېگەن كىتابىنىڭ « ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى » بۆلىكىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنى بىر ـ بىرلەپ تەۋسىفلىگىنىدە، بەزى تاۋۇشلارغا ئاز بولغاندا ئۈچ قۇر، جىق بولغاندا ئون نەچچە قۇر ئورۇن بەرگەن بولسا، « ر» تاۋۇشىغا توپ ـ توغرا ئۈچ يېرىم بەت ئورۇن بەرگەن ۋە ئۇ مۇشۇ ئابزاسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: « كۆرۈپ تۇرىمىزكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا ‹ر› تاۋۇشى كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى چوڭ قالايمىقانچىلىقلارنى، سىستېمىسىزلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى‹بىر تاياقتا ھايداپ›، مەلۇم بىرلا قائىدىگە بېقىندۇرۇش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسىدە ‹ر› تاۋۇشىنىڭ يېزىقتا ئەكس ئېتىلىشى ياكى ئېتىلمەسلىكى مەسىلىسى كۆپ ئويلىنىشنى ۋە ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ » (قاراڭ: غ. سەدۋاققاسوف، يۇقىرىقى كىتاب، 55 ـ بەت).

مېنىڭچە، قۇرامىدا « ر» تاۋۇشى بار سۆزلەرنىڭ ئىملاسى مەسىلىسىنى بىر ياقلىق قىلىشنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ مورفولوگىيەلىك پىرىنسىپ ئۇسۇلىدۇر. پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا « قاچقۇن ر » نى تۇتۇپ ئېلىش مۇمكىن. يەنى ئەسلى قۇرامىدا « ر» تاۋۇشى بار سۆز ـ ئىبارىلەر، مەيلى ئۇ ئۇيغۇرچە (تۈركىي) سۆزلەر، ياكى ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر بولسۇن، تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئۇلار قۇرامىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ـ قالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، يېزىقتا بىردەك ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا « قاچقۇن ر» نىڭ ئىملاسى توغرىسىدىكى چىگىچ يېشىلىدۇ، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا مەھمۇد ھۈسەيىن ئوغلى كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، سەككۇسەلى تۇتۇڭ، ئەلىشىر نەۋائىي، ... قاتارلىق بۇ يۈكلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭ يىل بۇرۇن ئىلمىي دەلىللەپ بېكىتىپ بەرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى بىلەن بىردەكلىككە ئېرىشەلەيمىز، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا بىز ھازىرقى بوغۇم ـ ئەۋلاد ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا يۈز كېلەلەيمىز.

مېنىڭچە، « ر» تاۋۇشىنىڭ ئىملاسى مەسىلىسىنى پەقەت مورفولوگىيەلىك پىرىنسىپ يولى بىلەنلا توغرا بىر ياقلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىمنىڭ توغرىلىقىنى غ. سەدۋاققاسوفنىڭ «... مانا بۇنىڭدىن مەلۇم بىر سۆزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن يېزىلىشىنىڭ ھەممە ۋاقىتتا ئوخشاش بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن، تىلىمىزدىكى ھەر خىل تەلەپپۇزلاردىن قەتئىينەزەر، سۆزلەرنىڭ ئاساسىنى، ئەسلى شەكلىنى ئۆزگەرتمەي يېزىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدىغان مورفولوگىيەلىك پىرىنسىپ ئۇيغۇر ئورفوگرافىيەسىنى توغرا ھەل قىلىشتا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ » ، دېگەن سۆزىمۇ ئىسپاتلايدۇ (قاراڭ: غ. سەدۋاققاسوف، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گىرافىكىسى بىلەن ئىملاسى»، 79 ـ بەت، ئالمۇتا « مېكتېپ » نەشرىياتى، 1984).

مەن بىرنەچچە يىللىق ئىزدىنىش ـ ئۆگىنىش جەريانىدا ئەسلى قۇرامىدا « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) بار سۆزلەردىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىر بۆلىكىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىقتىم. مېنىڭ تاپقانلىرىم شۇنداق سۆزلەرنىڭ بىر بۆلىكىلا بولۇشى ئېھتىمال، يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ تىزىملىككە كۆنىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان « هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى » دە « ر» تاۋۇشى (هەرپى) تاشلىنىپ قالغان سۆزلەرنىلا كىرگۈزدۈم، « ر» تاۋۇشى (هەرپى) ئىپادىلەنگەن سۆزلەرنى كىرگۈزمىدىم (ئەسلەتمە: يۇلتۇز « * » بەلگىسى قويۇلغان سۆزلەر مەن هازىرچە تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەردە ئۇچراتمىغان، لېكىن قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە بار سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**يەر ـ سۇ ناملىرى**

| توغرا يېزىلىشى | تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەردە | هازىرقى ئىملادا | ئاغزاكى تىل، شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| ئارتۇچ | ئارتۇچ | ئاتۇش | ئاتۇش |
| ئارغۇ | ئارغۇ | ئاغۇ | ئاغۇ |
| تارتار | تارتار | تاتا / تاتاساڭ / تۆگە تاتا | تاتا / تاتاساڭ / تۆگە تاتا |
| چارقىلىق | | چاقىلىق | چاقىلىق |
| دىغار | | دىغار / دىغاي | دىغار / دىغاي / دىغا |
| سارغان | سارغان | ساغان | ساغان |
| ساقارقۇ / ساقارغۇ* | ساقارقۇ | ساقاغۇ | ساقاغۇ |
| سالار ئۆستىڭى | | | سالا ئۆستىڭى |
| شەهرىيار / شەهيار | شەهرىيار / شەهيار | شايار | شايار |
| قارغالىق | قارغالىق | قاغىلىق | قاغىلىق |
| قورغان | قورغان | قوغان | قوغان |
| كۆرجاي / كۆرجەي | | كۆجەي | كۆرجەي / كۆجەي |
| مارجانلىق | مارجانلىق | مارجانلىق | ماجانلىق |
| مەركىت | مەركىت | مەكىت | مەكىت |
| مۇزئارت | مۇزئارت | | مۇزات |
| مىشەر يېزىسى | مىشەر / مىشار | مىشا يېزىسى | مىشا يېزىسى |
| مىشەر ئۆستىڭى | | مىشا ئۆستىڭى | مىشا ئۆستىڭى |
| هاڭگىرتلىق | | هاڭغىتلىق | هاڭغىتلىق، هاڭگىرتلىق* |
| ياركەنت | ياركىند / ياركەنت | يەكەن | يەكەن |
| ياندۇرما | | ياندۇما | ياندۇرما / ياندۇما |
| يوپۇرغا | ياپۇرغا / يوپۇرغا | يوپۇغا | يوپۇرغا / يوپۇغا |

ساقارقۇ / ساقارغۇ ـ كۇچا ناهىيە ئۇچار بازىرىغا قاراشلىق كەنت نامى. « دىۋان لۇغاتىت تۈرك » نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 1981 ، 1 ـ توم 637ـ بېتىدە : سىقرقۇ ـ ساقاتقا، كانا، دەپ يېزىلغان.

«قەدىمكى تۈرك تىلى سۆزلۈكى » ، « پەن » نەشرىياتىنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمى، لېنىنگراد، 1969 ـ يىلى نەشرى، 486ـ بېتىدە saqarqu (ئەرەبچە يېزىق شەكلى بېرىلمىگەن) ـ تۆگە كانىسى (مەهمۇد كاشغەرىي، 1 ـ توم 489 ـ بەت) دېيىلگەن. (ئەسكەرتمە: ئۇشبۇ سۆزلۈكتە كۆرسىتىلگەن « دىۋان » نىڭ توم، بەت نومۇرلىرى بەسىم ئاتالاي تەرجىمە قىلغان تۈركچە نەشرىنىڭ توم، بەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ). « دىۋان » نىڭ 2008 ـ يىل نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخا 245 ـ بېتىدە بۇ سۆز « سقرقو » شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، « ق » هەرپىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىغا هەرەكە بەلگىلىرى قويۇلغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، « دىۋان » نىڭ قوليازمىسىنى بىر كاتىپ كۆچۈرگەن، سۆزلەرگە قويۇلغان هەرەكەلەرنى بولسا باشقا بىرسى قويغان ئىكەن. ئەهۋالدىن قارىغاندا سۆزلەرگە هەرەكە بەلگىلىرىنى قويغان كاتىپ تەرىپىدىن كىچىككىنە سەۋەنلىك كۆرۈلگەن. لېكىن بىز « دىۋان » نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە ۋە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىمىزدە بار « ساقاتقا / ساقاتقۇ » دېگەن سۆزگە هەم « ساقارغۇ » دېگەن يەر نامىغا تايىنىپ تۇرۇپ، « سقرقۇ » نى « ساقىرقۇ » ئەمەس، « ساقارقۇ » دەپ ئوقۇساق توغرا بولۇر ئىدى. ئەپسۇسكى، « دىۋان » نىڭ يېڭى نەشرىدە بۇ سۆز توغرىسىدا هېچقانداق تۈزىتىش

بېرىلمىگەن. ھازىر خەلق ئاغزىدا « ساقاغۇ » دەپ ئېيتىلىغان ۋە شۇنداق يېزىلىۋاتقان بۇ يەر نامىنى تىلشۇناسلىق تۇرغۇسىدىن مۇنداق تەھلىل قىلىش مۇمكىن: ساقارقۇ ـ ساقارغۇ ـ ساقاغۇ (تەلەپپۇزدا « ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان ياكى ھازىر تىلىمىزدا بار « ساقاتقا / ساقاتقۇ » سۆزى (نىيە شېۋىسىدە ) باشتا « ساقارقا » («ساقارقۇ » نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى، سېلىشتۇرۇڭ: قاپارتقۇ / قاپارتقا ، قاپاتقا («ر» تاۋۇشى «ت » تاۋۇشىغا ئالمىشىپ قالغان)، يا بولمىسا بۇ سۆز ئەسلىدە «ساقارتقا » بولۇپ، كېيىن « ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن «ساقاتقا » بولۇپ قالغان. مېنىڭچە، مەيلى قانداق بولسۇن «ساقارقۇ / ساقارغۇ » ۋە « ساقاتقا / ساقاتقۇ » سۆزلىرى ئەسلىدە بىر سۆز بولۇپ (ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى «كانا »)، پەقەت تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن. بۇ سۆزلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

باشقا سۆز ـ ئاتالغۇلار

| توغرا يېزىلىشى | تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەردە | ھازىرقى ئىملادا | ئاغزاكى تىل، شېۋىلەردە |
|---|---|---|---|
| ئاپقۇرت | | ئاپقۇت | ئاپقۇرت*/ ئاپقۇت |
| ئارداب | ئارداب | ئاداپ | ئارداپ* / ئاداپ |
| ئارمۇت | ئارمۇت / ئالمۇرت | ئامۇت | ئارمۇت* / ئامۇت |
| ئالاگەردەن | | ئالاگەدەن | ئالاگەردەن / * ئالاگەدەن |
| ئەرتە | ئېرتە/ ئەرتە | ئەتە | ئەتە |
| ئەرتىگەن | ئېرتەگەن / ئەرتەگەن | ئەتىگەن | ئەتىگەن |
| ئەرگەشمەك | ئېرگەشمەك / ئەرگەشمەك | ئەگەشمەك | ئەگەشمەك |
| ئەرگۈز | ئەرگۈز / ئەرگىز | ئەگىز | ئەگۈز / ئەگىز |
| ئەرمەن | | ئەمەن | ئەمەن |
| بارداڭ | باردان / بارداڭ | باداڭ | بارداڭ* / باداڭ |
| بارغاق | بارغاق | باغاق | باغاق |
| بالا ـ بارقا | بالا ـ بارقا | يوق) | بالا ـ ۋاقا |
| بالار(لىم) | بالار | بالا | بالا |
| بوسۇرغا | باسۇرغا / بوسۇرغا | بوسۇغا | بوسۇغا / بوسۇق* |
| بوقۇرسا | بوقۇرسا | بوقۇسا | بوقۇسا |
| بۆرك | بۆرك | بۆك | بۆك |
| بىشەرم | بىشەرم | بىشەم | بىشەم |
| پارتاڭ | | پاتاڭ | پارتاڭ / * پاتاڭ |
| پارچاق | پارچاق | پاچاق | پارچاق / پاچاق* |
| پارلاندا(سۇرگۈن) | | پالاندى | پارلاندا*/ پالاندى |
| پارلىماق(1. ئىلغىماق، 2 . سۇرگۈن قىلماق) | | پالىماق | پارلىماق*2. پالىماق |
| پاگىر | پاگىر | پاگى | پاگى |
| پەر(پەت) | پەر | پەي | پەر / پەر ياستۇق* پەي / پەي ياستۇق |
| پەردە(چالغۇئەسۋابلىرىنىڭ) | پەردە | پەدە | پەدە |
| پەرچىن / پەرچىم | پەرچىن / پەرچىم | پەچىم | پەرچىن/ * پەچىم / پەچىن |
| پەرچىنلىمەك/ پەرچىملىمەك | پەرچىنلىمەك / پەرچىملىمەك | پەچىملىمەك | پەرچىنلىمەك / پەرچىملىمەك |
| پەركار | پەركار / پەرگار | پەركا | پەركا |
| پەرلىگۈچ (1.چىراق پەرلىگۈچ، 2. پاختا پىلتە) | 1. پەرلىگۈچ 2. پەلكۈچ | 1. پەرلىگۈچ 2. پەلكۈچ | پەرلىگۈچ* / پەلكۈچ |
| تاربۇز | تاربۇز | تاۋۇز | تاۋۇز / تاگۇز* |
| تارتۇق(جاراھەت ئىزى) | تارتۇق | تاتۇق | تارتۇق* / تاتۇق |
| تارتىراڭغۇ | | تاتىراڭغۇ | تارتىراڭغۇ* / تاتىراڭغۇ |
| تاردان | | تادان | تاردان* / تادان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تارس(تەقلىدىي سۆز) | | تاس | تارس*/ تاس |
| تارغاق سۆگەك | | تاغاق سۆگەك | تاغاق سۆگەك |
| تارغىل | تارغىل | تاغىل | تارغىل، تاغىل |
| تەر بولماق(ئاچچىقلانماق) | تەر بولماق | (يوق) | تە بولماق |
| تەگۈرمەن / تۆگۈرمەن | تەگىرمەن ــ تەگۈرمەن | تۆگمەن | تۆگۈرمەن* / تۆگمەن |
| تەرس(1. قىيىن،2. ئارقا، كەينى، تەتۈر) | تىرس/ تەرس | تەس | تەس |
| تەرسكەي | تىرسكەي ــ تەرسكەي | تەسكەي | تىرسكەي*، تەسكەي |
| تورلامچاق | | تولامچاق | تولامچاق |
| تورلما(بۆزنىڭ بىر خىلى) | تورلاما ــ تورلما | تولما | تورلما* / تولما |
| تورلماق | تورلماق | تولماق | تورلماق / تولماق |
| تۆرت | تۆرت | تۆت | تۆرت*/ تۆت |
| تىمىرسقلىماق | | تىمسقلىماق | تىمىرسقلىماق ــ تىمسقلىماق |
| جەردە(ئات) | | جەدە | جەردە*/ جەدە |
| جۇرمەك | جۇرمەك | جۇمەك | جۇرمەك*/ جۇمەك |
| جىرت(تەقلىدىي سۆز) | | جىت | جىرت*/ جىت |
| جىمجىرت | | جىمجىت | جىمجىرت* / جىمجىت |
| چارەكار / چارىكار | چارەكار | چاكار | چاكار/ چاكا |
| چارسا | | چاسا | چارسا*/ چاسا |
| چورغا- جورغا | | جوغا | چورغا* / جورغا* / جوغا* |
| چورلىماق | | چولىماق | چورلىماق*/ چولىماق |
| چۈرس | | چۈس | چۈرس* ــ چۈس |
| چۆركىمەك | چۆركەمەك | چۆمكىمەك | چۆمكىمەك / چۆگكىمەك |
| چۆرگىلىمەك | چۆرگەلەمەك | چۆگىلىمەك | چۆگىلىمەك |
| چۆرلىمەك(كېۋەز چۆرلىمەك) | | چۆلىمەك | چۆرلىمەك* / چۆيلىمەك / چۆلىمەك* |
| چىرلىماق(چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق) | چىرلاماق | چىللىماق | چىللىماق |
| خارمان | خارمان / خىرمان | خامان | خارمان* / خامان |
| خەرج(خىراجەت) | خەرج | خەج | خەج |
| خەرجلىمەك | خەرج قىلماق / خەرجلىمەك | خەج قىلماق ــ خەجلىمەك | خەج قىلماق / خەجلىمەك /خەشلىمەك* |
| دەرز | دەرز | دەز | دەز |
| دەرمەھەل* | | دەمال | دەمال |
| دەرمەھەللىككە* | | دەماللىقا | دەماللىقا |
| دەستۇرخان | دەستۇرخان | داستىخان | داستىخان / دوسقان* |
| دۆشكەرلىمەك | | دۆشكەلىمەك | دۆشكەرلىمەك* / دۆشكەلىمەك |
| زەردەك | زەردەك | زەدەك | زەردەك* / زەدەك |
| زەردىۋار | زەردىۋار / زەردىۋال | زەدىۋال | زەردىۋال / زەدىۋال / زەدىگال / زىدىگال |
| سارىمساق / سېرىمساق | سارمۇساق / سامۇرساق / سارىمساق | سامساق | سېرىمساق* / سامساق |
| سەرت | سەرت | سەت | سەرت*- سەت |
| سەرتاراش | سەرتەراش | ساتراش | ساتىراش / ساتراش / سەتراش |
| سەرساماق | سەرساماق | سەپسالماق | سەپسالماق |
| سەرگەك | سەرگەك | سەگەك | سەگەك |
| سۇرناي | سۇرناي | سۇناي | سۇناي |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شارتراق | | شاتراق | شاتراق/ شاتىراق |
| شەرپە | شەرپە | شەپە | شەپە |
| غۇرت (تەقلىدىي سۆز) | | غۇت | غۇرت* / غۇت |
| غۇرتۇلدىماق | | غۇتۇلدىماق | غۇرتۇلدىماق* / غۇتۇلدىماق |
| غىرت (تەقلىدىي سۆز) | | غىت | غىرت*/ غىت |
| غىرتمەك | | غىتمەك | غىرتمەك* / غىتمەك |
| غىرجەك | غىرجەك | غىجەك | غىرجەك* / غىجەك |
| غىرچ (تەقلىدىي سۆز) | | غىچ | غىچ / غىرچ* |
| غىرچىلدىماق | | غىچىلدىماق | غىرچىلدىماق* /غىچىلدىماق |
| قارس (تەقلىدىي سۆز) | | قاس | قارس*/ قاس |
| قارسىلدىماق | | قاسىلدىماق | قارسىلدىماق* / قاسىلدىماق |
| قارغا | قارغا | قاغا | قارغا/ قاغا |
| قورداي | قورداي | قوداي | قورداي* / قوداي |
| قورۇماچ | قورۇماچ | قوماچ | قورۇماچ* / قوماچ |
| كارسان / كارساڭ | كارسان | كاساڭ | كارسان* / كارساڭ*/ كاساڭ |
| كارناي | كارناي | كاناي | كارناي*/ كاناي |
| كەركە | كەركە | كەكە | كەكە |
| كورلىماق | كورلاماق | كولىماق | كولىماق |
| كۆرتە | | كۆدە ـ كۆدە | كۆرتە* / كۆدەي / كۆدە |
| كۆسۈرتكە | كۆسۈرگە / كۆسۈرگەن | كۆسۈتكە | كۆسۈرتكە* / كۆسۈتكە |
| كۆركۆم | كۆركۆم | كۆكۆم | كۆكۆم / كۆكۆن |
| گەردەن | گەردەن | گەدەن | گەردەن* / گەدەن |
| گىرچ (تەقلىدىي سۆز) | | گىچ | گىرچ* / گىچ |
| لاپقۇرت | | لاپقۇت | لاپقۇرت* / لاپقۇت |
| مەردەك | مەردەك | مەدەك | مەردەك* / مەدەك |
| مەردىكار | مەردىكار | مەدىكار | مەدىكار / مەردىكا |
| مۇرچ | مۇرچ | (يوق) | مۇرچ*/ مۇچ |
| مىرت (تەقلىدىي سۆز) | | مىت | مىرت / مىت |
| ھاگگىرت | ئاڭگىرت / ھاڭگىرت | ھاڭگىت | ھاڭگىرت* / ھاڭگىت |
| ھەزىر بولماق | ھەزىر بولماق | ھېزى بولماق | ھېزىر بولماق* / ھېزى بولماق |
| ئوغۇر(شال سوقا) | | (يوق) | ئوغۇ |
| ئۆتكەرمە / ئۆتكۈرمە | | ئۆتكەمە | ئۆتكەرمە* / ئۆتكەمە |
| ئۆرتەك | ئۆرتەك | ئۆتەك | ئۆرتەك* / ئۆتەك |
| ئۆرگۈن / ئۆركۈن | ئۆرگۈن | ئۆگۈن | ئۆگۈن |
| ئۆرمەچۈك / ئۆرۈمچۈك | ئۆرمەچۈك / ئۆرۈمچۈك | ئۆمۈچۈك | ئۆمۈچۈك / ئۆمچۈك / ئۆرمەك چىۋىن* |
| ئۆرمىلىگۈچى | ئۆرمەلەگۈچى | ئۆمىلىگۈچى | ئۆمۈلىگۈچى |
| ئۆرمىلىمەك | ئۆرمەلەمەك | ئۆمىلىمەك | ئۆمۈلىمەك |
| ئۆگرىنمەك / ئۆرگەنمەك | ئۆگرىنمەك / ئۆرگەنمەك | ئۆگەنمەك | ئۆگەنمەك |
| ئىر جايماق | | ھېجايماق | ئىرجايماق* / ھېجايماق |
| ئىرلىڭ ـ سىرلىڭ | | ئىلەڭ ـ سىلەڭ | ئىرلىڭ ـ سىرلىڭ* / ئىلەڭ ـ سىلەڭ |
| ياداڭغۇر | ياداڭغۇر | ياداڭغۇ | ياداڭغۇر* ــ ياداڭغۇ |
| يارغاق (تېرە) | يارغاق | ياغاق | ياغاق |
| يارماشماق | يارمانماق / يارماشماق | ياماشماق | ياماشماق |
| يولبارس | يولبارس | يولۋاس | يولۋاس |
| يۇرتماق | | يۇتماق | يۇرتماق ــ يۇتماق |
| يۇتۇم (مىقدار سۆز) | | يۇتۇم | يۇرتۇم * / يۇتۇم |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۆرگەك | يۆرگەك | يۆگەك | يۆرگەك* / يۆگەك |
| يۆرگەم(مىقدار سۆز) | يۆرگەم | يۆگەم | يۆرگەم / يۆگەم |
| يۆرگەي(ئوت) | يۆرگەنچ / يۆرگەي | يۆگەي | يۆرگەي* / يۆگەي |
| يۆرگىمەچ (مىقدار سۆز) | يۆرگەمەچ / يۇرگۇمەچ | يۆگىمەچ | يۆرگىمەچ* / يۆگۇمەچ |
| يۆرگىمەك | يۆرگەمەك / يۆرگىمەك | يۆگىمەك | يۆرگىمەك* / يۆگىمەك |
| يۆرمىمەك | يۆرمەمەك | يۆمىمەك | يۆرمىمەك* / يۆمىمەك |

* - 波斯语汉语词典(商务印书馆，北京，1989)

« ئۆزبەك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » نىڭ ئىككى توملۇقىدا (موسكۋا « رۇس تىلى » نەشرىياتى، 1981) ۋە بەش توملۇقىدا (« ئۆزبەكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى » دۆلەت ئىلمىي نەشرىياتى، تاشكەنت، 2006-2008) «دەر » (فارسچە « در » – دە، ئىچىدە، داۋامىدا؛ بويلاپ ( ۋە « مەھەل (ئەرەبچە « مهل » – چاغ، پەيت، ۋاقىت) سۆزى ۋە قوشۇمچىسى بار بولسىمۇ، « درمهل » (دەرمەھەل) دېگەن سۆز ئۇچرىمىدى. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا « دەرمەھەل » (ئېغىز تىلىدا « دەمال » )،« دەرمەھەللىككە » (ئېغىز تىلىدا « دەماللىققا » ) سۆزى (رەۋىش) بار بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ، ئېغىز تىلىدىمۇ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » نىڭ 3 ـ توم 54 ـ بېتىدە بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىلگەن ۋە توغرا يېزىلغان.

يەنە پېئىللارنىڭ خەۋەر شەكىللىرىنىڭ سۈپەتداش ئاساسىدا ياسالغان « ئالاتتىم، ئالاتتىڭ، ئالاتتى // ئالماستىم، ئالماستىڭ، ئالماستى // كۆرەتتىم، كۆرەتتىڭ، كۆرەتتى... » دېگەندەك شەكىللىرىمۇ مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ بويىچە يېزىلماي، فونېتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ شەكىللەرنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلىدىغان بولساق، ئۇلارنى چۈشەندۈرەمەك قىيىن. ئەسلىدە پېئىللارنىڭ بۇنداق خەۋەر شەكىللىرى: « ئال+ ئار + ئىدى » دېگەن بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، « ئال ـ پېئىل يىلتىزى، يەنى بۇيرۇق شەكلى، « – ئار – ئەر // ـ ئۇر / ـ ئۈر » ئۆزۈك تاۋۇشلار بىلەن تۈگىگەن پېئىللاردىن كەلگۈسى زامان سۈپەتدىشى شەكلىنى ياسايدىغان قوشۇمچە، « ئىدى » بولسا ياردەمچى پېئىلدۇر. « ئال + ماس / مەس ( ما + س / مە + س) + ئىدى » دېگەن بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئال ـ » پېئىل يىلتىزى، يەنى بۇيرۇق شەكلى، « ـ ماس / ـ مەس » سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلىنى ياسايدىغان قوشۇمچە، « ئىدى » بولسا ياردەمچى پېئىلدۇر، « ـم، ـ ڭ » قوشۇمچىلىرى شەخس قوشۇمچىلىرىدۇر. شۇڭلاشقا، پېئىللارنىڭ بۇنداق خەۋەر شەكىللىرى « ئالار ئىدىم، ئالار ئىدىڭ، ئالار ئىدى؛ ئالماس ئىدىم، ئالماس ئىدىڭ، ئالماس ئىدى » ، ... شەكلىدە يېزىلسا دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى كىتابلىرىنىڭ بەزىلىرىدە يۇقىرىقىدەك پېئىل خەۋەرلىرىنىڭ (كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ) ھەر ئىككى شەكلى بېرىلگەن بولسىمۇ، ‹ ئار ئىدى› شەكلىنى ئەدەبىي تىل شەكلى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ » ، دېيىلگەن. (قاراڭ: « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى » ، 2 ـ قىسىم 324 – 323 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983). مېنىڭچە، يۇقىرىقىدەك پېئىل شەكىللىرىنى ئايرىپ يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى (ھازىر بىز دەۋاتقان « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ») ئەنئەنىلىرى بويىچە ئېيتقاندا تېخىمۇ توغرا ۋە ئىلمىي ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى تىزىمدىكى يەر ـ سۇ ناملىرىنىڭ ۋە باشقا سۆزلەرنىڭ ھەم پېئىل شەكىللىرىنىڭ « توغرا يېزىلىش شەكلى » (1 ـ كاتەكچە) ئاساسىي جەھەتتىن تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەردىكى يېزىلىش شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، ئاز بىر بۆلۈكىنىلا ھازىرچە ئىزدەپ تېپىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدىكى تەلەپپۇزغا تايىنىپ ھەل قىلىندى. مېنىڭچە، مۇشۇنداق قىلىش توغرا بولۇپ، تىل بىلىمى نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇن. يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نى ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، بەزىلەر: نۆۋەتتە ۋە يېزىقتا « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نى ئىپادىلىمەيمۇ ھېچقانداق چۈشەنمەسلىك ـ ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلمەيۋاتىدۇ ـ غۇ، دېيىشلىرى مۇمكىن. بۇنىسى راست دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمما، بىرىنچىدىن، گەرچە مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلى شۇ مىللەتنىڭ ئاغزاكى تىلى (خەلق تىلى) نېگىزىدە شەكىللەنسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، بەلكى خېلىلا چوڭ پەرق بار بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئەدەبىي تىل نورمىلىرى يازغۇچى ـ شائىرلار، تەرجىمان ـ مۇھەررىرلەر، ... ئومۇمەن قەلەمكەشلەر تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇ يۈكسەك

ئىلمىيلىققا ئىگە ۋە بەلكى شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن تىلدۇر. كېيىنكى 80 نەچچە يىللىق تىل ـ يېزىق ئىسلاھاتلىرى جەريانىدا ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بەزى جەھەتلەردە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى (يەنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى») ئەنئەنىلىرىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭدا بىر قاتار چىگىچ مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نىڭ يېزىقتا چۈشۈرۈلۈپ قالدۇرۇلۇشى ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر. بولۇپمۇ يەر ـ سۇ ناملىرىدا « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نىڭ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنى ئۇياتتا قالدۇرىدۇ. باشقا خەلقلەر ئۇيغۇرچە يەر ـ سۇ ناملىرىنى ئەسلى شەكلى بويىچە يېزىۋاتسا، بىز ئۆزىمىزنىڭكىنى ئۆزىمىز بۇزۇپ يېزىۋاتىمىز. مەسىلەن، رۇسچە خەرىتىلەر توپلاملىرىدا ...... دەپ يېزىلىدۇ، ۋە باشقىلار. دېمەك، ئاغزاكى تىلىمىزدا، تەلەپپۇزدا سۆزلەر قۇرامىدىكى « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) چۈشۈپ قالسۇن ـ قالمىسۇن، يېزىقىمىزدا ئۇنى جەزمەن ئىپادىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، تىلىمىزدا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان سۆز ـ ئىبارىلەردىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىپ قېلىشىغا ئوخشاش تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ھادىسىسىنى توسۇش لازىم. ھازىر ئاغزاكى تىلدا يۈز بېرىۋاتقان «نەشكۈرۈش (تەكشۈرۈش)، لاھىيە (لايىھە)، ئۇرغۇي (ئۇيغۇر)، نالەت (لەنەت)، نەرۋە (نەبرە / نەۋرە)، مۇھابات (مۇھەببەت)، مۇھارىر (مۇھەررىر)، گويۇۋەن (گوۋۇيۇەن)، ... » دېگەندەك بۇزۇلۇشلار يازما تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگىلى تۇردى. بۇنداق ئەھۋاللارنى توسۇمىغاندا تىلىمىزنى ئىلمىيلىككە قاراپ يۈزلەندۈرەلمەيمىز. سۆزلەر قۇرامىدىكى « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نىڭ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇشىنى ئىملادا توغرا بىر ياقلىق قىلىشمۇ مۇشۇ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ.

سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئىملاسىدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ، مېنىڭچە، ئاز دېگەندىمۇ مۇندىق ئۈچ تۈرلۈك ئەھمىيىتى بار: بىرىنچىدىن، سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى – ئېتىمولوگىيەسىنى ۋە ياسىلىش يوللىرىنى ئۆگىنىشكە ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، « ئۆگرەنمەك » دەپ يېزىلسا، بۇ سۆزنىڭ « ئۆگ (ئەقىل، ئىدراك، پىكىر) + رەن (تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە) + مەك (پېئىللاردىن تۇرغۇن سۆز، يەنى ھەرىكەتنام ياسىغۇچى قوشۇمچە) شەكلىدە ياسالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يەنە «زەردىۋار » دەپ يېزىلسا، بۇ سۆزنىڭ فارسچە « زەر » (ئالتۇن) ۋە « دىۋار » (تام، توسۇق) دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى، گەزلىمىلەرگە زەر ـ يىپەك يىپلاردىن گۈل ـ نەقىش تىكىلىپ، ئۆي تېمىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ۋە شىپقا ئايلاندۇرۇپ تارتىلىپ قويۇلىدىغان بېزەك بۇيۇمنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. ئىككىنچىدىن، سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى ئەسىر ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تۈركچىسى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى(بىز ئاتاۋاتقان « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى » ) نىڭ ئىزچىللىقىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى تىزىمدىكى سۆزلەرنىڭ « تارىخىي ـ ئەدەبىي پۈتۈكلەردە » دېگەن كاتەكچىسىدە بېرىلگەن يېزىق شەكلى شۇ سۆزلەرنىڭ ترانسلىتېراتسىيىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالدى ئورقۇن ـ يەنسەي تاش پۈتۈكلىرى (5 – 8 ـ ئەسىرلەر)، ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۇرپان تېكىستلىرى (8 – 13 ـ ئەسىرلەر)، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىگ » ئەسىرى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ « دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك »، ئەسىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن (14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىر باشلىرىغىچە)، ئەڭ كېيىنكىسى قەشقەر باسما بۇيۇملىرى (20 ـ ئەسىر 10 ـ يىللىرى بېشىدىن 30 ـ يىللار ئاخىرىغىچە) دىن ئىزدەپ تېپىلغان سۆزلەردۇر. ئۈچىنچىدىن، سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قېرىنداش تۈركىي تىللار بىلەن ئورتاقلىق ـ ئوخشاشلىقىنى، يىلتىزداشلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ھازىر زورىيىپ كېتىۋاتقان تىل تەلەپپۇز پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئۆزئارا پىكىرلىشىش ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى قولايلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ھازىرقى تۈركىي تىللار ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدە ھەر خىل يېزىقلارنى قوللىنىۋاتقان، ھەر قايسىسى ھەر خىل تىللاردىن سۆز ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتالغۇ قوبۇل قىلىنىۋاتقان ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە لېكسىكىلىق پەرق چوڭىيىۋاتقان بولسىمۇ، تىلنىڭ ئۆزىگىنى تەشكىل قىلىدىغان تۈپ - تومۇر سۆزلەر يەنىلا ھەممىسىدە نېگىزىدىن ئوخشاش، پەقەت فونېتىكىلىق جەھەتتىدىنلا پەرقلىنىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز - ئىبارىلەردىكى « ر» تاۋۇشى (ھەرپى) نى يېزىقتا ئىپادىلەش ئەنە شۇ پەرقلەرنى كىچىكلىتىش تەدبىرلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇشبۇ ماقالىنى يېزىشتا قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلىرىنى بەرگەن ۋە تېگىشلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئۇستاز، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوفقا ھەم ئىنىمىز ئا. م. ئورخۇنغا تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن.

## پايدىلانمىلار

1. مۇھەممەتربھىم سايىت، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000.

2. ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 1983.

3. تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەتربھىم سايىتلار نەشرگە تەييارلىغان: «ئالتۇن يارۇق»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 2001- يىلى.

4. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى »، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 1989.

5. مەھمۇد كاشغەرىي:«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»، 1ـ3 ـتوملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 1981-، 1982-، 1984- يىللار، ئىككى توملۇق يېڭى نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 2008.

6. ئا . قايداروف، غ. سەدۋاققاسوف ، ت. تالىپوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 1-قىسىم ـ لېكسىكا ۋە فونېتىكا، 2-قىسىم ـ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 1983.

7. ئا . قايداروف، غ. سەدۋاققاسوف: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرافىكىسى بىلەن ئىملاسى» (سلاۋيان يېزىقىدا)، ئالمۇتا، «مېكتېپ » نەشرىياتى ، 1984.

8. غ. سەدۋاققاسوف، ئە.ئىبلىيىپ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى »، ئالمۇتا «مېكتېپ »نەشرىياتى، 1983.

9. ئا. شەمى قىزى: «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى»(باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1-سىنىپى ئۈچۈن)، «قازاق ئېلى» ژۇرنالىنىڭ نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1950.

10. «مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتىگە دائىر ھۆججەت- ماتېرىياللاردىن تاللانما»(1) ، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن، ئۈرۈمچى ، 1991.

11. مۇھەممەد زىيىدىي: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 1954.

12. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈرۈمچى ، 1997.

13. گۇستاق ئالىبرت، ئابدۇلقادىر ئاخۇن:«كىتابى ئىلمى ئىملا»، فۆينىتاڭ باسمىخانىسى، كاشغەر، 1929.

14. «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى »، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن، «پەن» نەشرىياتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسى، لېنىنگراد، 1969.

15. «ئۆزبەك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »(بەش توملۇق)، «ئۆزبەكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى» دۆلەت ئىلمىي نەشرىياتى، تاشكەنت، 2006-2008 .

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

第 32 卷第 3 期　　شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　32 ـ يىللىق 3 ـ سان
2011 年 9 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 05 ـ 072 ـ 03 (2011) 5878 ـ 1005

# ئىككى خىل تەرجىمە ئۇسۇلى ــ ياتلاشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۇرۇش توغرىسىدا*

ئابدۇشۇكۇر روزى

(شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تەرجىمىدىكى ئىككى ئۇسۇل ــ ياتلاشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۇرۇش قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، بىر بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە تايىنىدۇ. تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تەرجىمىنىڭ مەقستى، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ ژانىر خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى، تەرجىمانىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئوخشاشماسلىقى ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۇرۇش ئۇسۇلىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە ياتلاشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 异化和归化是翻译的两个技巧。它们是对立的统一，相互依赖和补充。在翻译实践过程中，因译者的目的、原文的语体特点、译者的情况和社会环境等因素的不同对异化和归化影响很大。本文对翻译中的异化和归化进行论述。

**Abstract:** Foreignization and localization are two kinds of translation talent. They comprise a pair of diametrical opposites, and they depend on each other. During the process of translation, the peculiarities and genre of the translation text, as well as the circumstances, social environment, and other characteristics of the translator, exert unpredictable influence on both foreignization and localization techniques. This paper will describe and consider the techniques of localization and foreignization.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H059　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

تەرجىمە ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىككى خىل تىل ياكى ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ۋە ئالاقە قورالى بولغان تىل بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتنى توشۇغۇچى ۋە خاتىرىلىگۈچى. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەم ئورتاقلىق ھەم پەرق بولىدۇ. ئورتاقلىق بولغاچقا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تىل ۋە مەدەنىيەتتە ئالاقىلىشىش مۇمكىنچىلىكى بارلىققا كەلگەن؛ پەرق بولغاچقا، مىللەتلەر ئارىسىدا ئالاقىلىشىش جەريانىدا توسالغۇلار بارلىققا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن، تەرجىمە جەريانىدا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ياتلاشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىققان. لۇ شۈننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش كېرەكمۇ ياكى ئەجنەبىيلىك پۇرىقىنى ئىمكان قەدەر ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە دۇنيادا پۈتۈنلەي

* بۇ ماقالە 2009- يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇشۇكۇر روزى (1962-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى، خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزلەشتۈرۈلگەن تەرجىمىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس؛ ئەگەر بولىدىكەن، تۇرقى ئوخشاش، روھى باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ، تازا پەرق ئەتكەندە ئۇنى تەرجىمە دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ئەسلىنى ساقلاش كېرەك، لېكىن بۇنداق ساقلاش كۆپ ھالللاردا چۈشىنىشلىك بولۇش بىلەن زىت بولۇپ قالىدۇ، يات كۆرۈنىدۇ. بىراق ئۇ ئەسلىدە ئەجنەبىي ئالۋاستى بولغاچقا، ھەممە ئادەمگە يات كۆرۈنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنى يات كۆرۈنمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىلا ئۆزگەرتىش مۇمكىن، ئۇنىڭ بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويماسلىق، كۆزلىرىنى ئويۇۋەتمەسلىك كېرەك. مەن بۇرنىنى يونۇۋېتىشنى، كۆزىنى ئويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى جايلىرىنى ئوقۇشقا راۋان چۈشۈپ بەرگۈدەك تەرجىمە قىلىشنى ئورۇنلۇق كۆردۈم » [1].

تەرجىمىدىكى ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىلىق، مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن، مەيلى جۇڭگودا بولسۇن، تالاش-تارتىش ۋە مۇھاكىمە-مۇنازىرە ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە. گېرمانىيە تەرجىمەشۇناسى سىلېيرماخ (Schleiermacher) نىڭ قارىشىچە، «تەرجىمە ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ. يا ياتلاشتۇرۇش، يا ئۆزلەشتۈرۈش، ئىككىسىدىن بىرى، ئۈچىنچى خىل ئەھۋال، يەنى ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش يولى يوق »[2].

ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى شۇ دەرىجىدە قارىمۇ قارشىمۇ؟ بۇ يەردە بىز مۇشۇ مەسىلە توغرىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

## 2 . ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئېنگلىز تىلىدا «alienation»، رۇس تىلىدا «отчуждение»، خەنزۇ تىلىدا «异化» دەپ ئاتالماقتا. ئۇيغۇر تىلىدا «ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى»دەپ ئالغان مۇۋاپىق. ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئېنگلىز تىلىدا «domestiation»، رۇس تىلىدا «адаптации»، خەنزۇ تىلىدا «归化» دەپ ئاتالماقتا. ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى»دەپ ئالغان مۇۋاپىق. ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تەبىرىگە كەلسەك، ئەسلىي ئەسەرگە زىيادە سادىق بولۇپ، ئۇنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى ــ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتالسا، ئەسلىي ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنى پۈتۈنلەي قايرىپ قويۇپ، تەرجىمە تىلىغىلا ئېغىپ كېتىش ئۇسۇلى ــ ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. كونا تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتالسا، مەنە بويىچە تەرجىمە قىلىش ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار

ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدا جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ توغرىلىق تالاش-تارتىشلار ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكىلىق مەشھۇر تەرجىمەشۇناس لاۋرېنس ۋېنۇت( Laurence Venuti) 1955-يىلى ئۆزىنىڭ «تەرجىماننىڭ كۆلەڭگۈسى» ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئەسلىي تىل ۋە ئەسلىي ئەسەر ئاپتورى چىقىش نۇقتىسى قىلىنسا، ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا تەرجىمە تىلى ۋە تەرجىمە ئوقۇرمەنلىرى چىقىش نۇقتىسى قىلىنىدۇ.

ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پەرقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىيلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، بۇ ئارقىلىق يات مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە تىل ئۇسلۇبى تۈسىنى ساقلاپ ھەم ئىپادىلەپ، شۇ

ئارقىلىق تەرجىمە تىلى ئوقۇرمەنلىرىگە يات ئەلنىڭ پۈرىقى، ھېسسىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە تىل ئەنئەنىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى بىلىش مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا، تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى پايدىلىق، ئەلۋەتتە. گېرمانىيەلىك سىللېر ماخنىڭ قارىشىچە، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى دۆلەت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا پايدىلىق، لېكىن، ئۇ تەرجىمە تىلىغا بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. لاۋرېنس ۋېنۇت ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكتىن چىقىپ، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى بەكرەك تەشەببۇس قىلىدۇ. تەرجىمشۇناس لېفىرۋېر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى بەكرەك تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، زىيادە ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى تەرجىمە تىلىنى كاردىن چىقىرىدۇ،چۈشىنىكسىز، راۋان بولمىغان بىرنېمە قىلىپ قويىدۇ. داڭلىق تەرجىمشۇناس نەيدا(Nida)مۇ ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قۇۋۋەتلەپ،ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۇچۇر-مەلۇماتلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت شەكلىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ.

جوڭگونىڭ تەرجىمە تارىخىدىمۇ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىلىق ئىزچىل تالاش-تارتىش مەۋجۇت بولۇپ ، بەزىلەر ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىلەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتە.

ئەمەلىيەتتە ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە ئۈچىنچى خىل يول، يەنى كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىقمۇ كۆيمەيدىغان مۆرەسسە يولىمۇ بار.ئۇ بولسىمۇ، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇددا پىركاملىى شۈەن زاڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغاندا ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. چەت ئەل تەرجىمە تارىخىدىكى يوھان دىرىدىن، روبىنسون، تورى قاتارلىقلارمۇ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس ۋە تەرغىپ قىلىدۇ.

تەرجىمە جەريانى ۋە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، تەرجىمىدە بىرلا خىل پىرىنسىپ، بىر خىللا ئۇسۇل ياكى قېلىپ بولمايدۇ، بەلكى تۈرلۈك پىرىنسىپ، ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇب بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نوقۇل ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ياكى نوقۇل ئۆلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يا ئۇنىڭدا تۇر، يا بۇنىڭدا تۇر، ئارىلىقتا يول يوق، دېگىلى بولمايدۇ. ئەڭ ئاقىلانە يول شۇكى، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىقمۇ كۆيمىسۇن. تەرجىمە قىلىنغۇچى تىل ئىپادىلىگەن ئىدىيەۋى مەزمۇن، ئۇچۇر-مەلۇمات، ئۇسلۇب-تۈس سادىقلىق بىلەن توغرا ئىپادىلەنسۇن، تەرجىمە قىلغۇچى تىلمۇ ئىپادىلەش جەريانىدا راۋان، چۈشىنىشلىك ۋە تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولسۇن. بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى قۇربان قىلىشقا بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، ھەر ئىككىسىگە پاراللېل ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا، ئالاقىلىشىش ئۈنۈملۈك بولسىلا كۇپايە. ياتلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرى ياكى ئۆزلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرى مەزھىپىنى شەكىللەندۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

## 4 . ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى — تەرجىمىدىكى ئىككى خىل ئۇسۇل بولۇپ، ئۇلار قارىماققا قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى، ئۇلار بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى شەرت ھەم تەقەززا قىلىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، ياتلاشتۇرۇش ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىچىدە ياتلاشتۇرۇش بار. تەرجىمە جەريانىدا نوقۇل ياتلاشتۇرۇش ياكى نوقۇل ئۆزلەشتۈرۈش مەۋجۇت ئەمەس. ئىككىسى كۆپ ھاللاردا ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ، تەرجىمىنىڭ

خاھىشچانلىقى(ئېغىشچانلىقى) مەسلىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى تەرجىمانلار ياتلاشتۇرۇشنى ئاساس، ئۆزلەشتۈرۈشنى قوشۇمچە قىلىشى مۇمكىن، يەنە بەزى تەرجىمانلار ئۆزلەشتۈرۈشنى ئاساس، ياتلاشتۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ئەسەرلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ياكى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن قايسىسىنى ئاساس قىلىشنى بەلگىلەيدۇ ياكى تەلەپ قىلىدۇ. ئالايلۇق، سىياسىي-نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر، پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرى ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئەسەرلەر خاراكتېر جەھەتتىن نازۇك، ئىنچىكە كېلىدۇ. تەرجىمە جەريانىدا، ئەسلىگە سادىق بولۇش، ئەينەن بولۇش، تولۇق بولۇش، توغرا بولۇش تەكىتلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ.كونىلارنىڭ «چالا پەنيى(تەرجىمان) ئادەم ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن گېپىنىڭ مەنىسى دەل مۇشۇ يەردە.

تەرجىمە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىمۇ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر تەرجىمان ئەسلىي تىل(تەرجىمە قىلىنماقچى بولغان ئەسەر) ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلسا، بۇ مەقسەت ياكى نىيەتكە پەقەت ياتلاشتۇرۇش (ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش) ئۇسۇلى ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان تەرجىمە شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، ئوقۇش ئېھتىياجى ۋە ئوقۇپ چۈشىنىش يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەقسەت قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى(مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلىش) ئاساس قىلىنىپ، تەرجىمە تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولۇشى ئۇستۇنلۇككە ئۆتۈپ قالىدۇ. تەرجىمە جەريانىدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە ئىقتىدارىنى قايرىپ قويۇپ، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى زىيادە قوللىنىشمۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ئوخشاشلا تەرجىمە تىلى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ،ئەسلىي ئەسەر ئۇستىگە ئالغان مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكتىن بەك يىراقلاپ كېتىشمۇ، خۇددى ئىتالىيەلىكلەرنىڭ دېگىنىدەك «خائىن»لىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمە نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەرجىمىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئۆلچىمى بار. بىرى، ئەسلىي مەزمۇنغا سادىق بولۇش. يەنە بىرى، تەرجىمە راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇش.ئاخىرقىسى، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش. بۇ ئۆلچەملەردىن ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسى ئەسلىي ئەسەرگە قارىتىلغان، ئوتتۇرىدىكىسى تەرجىمە تىلىغا قارىتىلغان. پۈتكۈل تەرجىمە جەريانىدا، بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. دېمەكچى، تەرجىمە جەريانىدا، نوقۇل ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ياكى نوقۇل ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىغىلا ئېغىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەڭ ياخشى چارە شۇكى، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشىمىز لازىم.

## 5. قىسقىچە يەكۈن

ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى تەرجىمەشۇناسلىقتىكى مۇھىم ئىبارىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل تەرجىمە ئۇسۇلىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە ئەمەس، بەلكى قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدۇر. ئۇلار بىر-بىرىنى ئىستىسنا(ئىنكار) قىلمايدۇ، بەلكى بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. خۇددى يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ، دېڭى چىقماس دېگەندەك، نوقۇل ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەرجىمە تىلىنى غەيرىي بىر نېمە قىلىۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس، نوقۇل ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسلىي تىل، مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇبتىن بەك يىراقلىشىپ كېتىشمۇ ياخشى ئەمەس.

ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئەڭ ياخشى چارە ھېسابلىنىدۇ. ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك مەسىلىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم: بىرىنچىدىن، تەرجىماننىڭ خاھىشى(ئۇسلۇبى)غا قاراپ، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى يانداشتۇرۇش كېرەك. ياكى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يانداشتۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان ئاڭ فورماتسىيەسىمۇ مۇئەييەن ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ياكى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوخشاش بولمىغان تەرجىمە مەقسىتى-نىيىتىمۇ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ياكى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، تەرجىمە قىلىنغۇچى ئەسەرنىڭ ژانىر خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىمۇ ياتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ياكى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ پەرقلىق قوللىنىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە باشقىلار.

## ئىزاھلار

[1] «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1975- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 133-، 134-بەتلەر.

[2] «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2006 -يىل 4-سان، 43-بەت.

## پايدىلانمىلار


1. توختى باقى: «تەرجىمە تەجرىبىلىرىدىن تەرمىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىل 8-ئاي 1-نەشرى.

2. غىلاجىدىن ئوسمان: «تەرجىمىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 2- ئاي 1-نەشرى.

3. لۇ شۈن: « تەرجىمە توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1975-يىل 2-ئاي 1-نەشرى.

4. 孙迎春：《译学大词典》，中国世界语出版社 1999 年 10 月第 1 版。

5. 林煌天主编：《中国翻译词典》，湖南教育出版社 1997 年 11 月第 1 版。

6. 张敬仪主编：《汉维—维汉翻译理论与技巧》，民族出版社 2004 年第 1 版。

7. 范仲英：《实用翻译教程》，外语教学与研究出版社 1994 年 6 月第 1 版。

8. 包惠南：《文化语境与语言翻译》，中国对外翻译出版社 2001 年 1 月第 1 版。

9. 桂乾元：《翻译学导论》，上海外语教育出版社 2004 年 1 月第 1 版。


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com

32 ـ يىللىق 3 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 32 卷第 3 期
2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2011 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 077 ـ 01 (2011) 5878 ـ 1005

# ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى ھەققىدە*

ئەخمەت سەيدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئەدەبىياتنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىش جەريانىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ساھەسىدىكى مۇھىم مۇھاكىمە تېمىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك جەريانى ماكرو جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈلىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ بىر پۈتۈن جەرياندىن قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ھالەت ئۆزگىرىشىدىن يەنە بىر خىل ھالەت ئۆزگىرىشكە بۇرۇلۇشنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن تاماملايدۇ. بۇ ماقالىدە، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بۇ ئۆزگىرىش جەريانىنى تەكشۈرۈشتىكى بەزى ئاساسىي ئۇسۇللار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 文学的演变是文学理论领域中重要的论题之一。文学的演变是指不同时代文学的变化过程。它以宏观上综合检查文学演变的复杂性和多向过程。在文学演变的整个过程来看，它从一种变态到另一种变态的转向用不同的方式来完成。本文简要论述文学的演变及其检查这个演变过程的一些主要方式。

**Abstract:** Literary change is one of the main themes of debate in the field of literary theory. The study of literary change refers to the process of literary change in different eras; it considers on a macro level the complex and multi-directional process of change undergone by literature. Considered from the standpoint of overall literary change, a turn from one kind of situational change to another kind can be completed via various methods. This article will discuss some of the basic methods used in examining literary change and the process by which it occurs.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G122    **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. «تەرەققىيات» دېگەن ئەنئەنىۋى ئۇقۇمغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزگىرىش دېگەن ئۇقۇمدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى كۆپرەك ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئورگانىك پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش جەريانى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈلىدۇ، تەرەققىيات دېگەن ئۇقۇمدا بولسا ئەدەبىيات ئالدى بىلەن مەدەنىيەت كونتېكىستىدىن ئايرىپ ئېلىنىپ ئادەتتىكىچە رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ؛ ئۆزگىرىشتە كۆپرەك ئۆزگىرىشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا، تەرەققىياتتا تولاراق تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ يۈزلەنگەن تاق يۆنىلىشلىك ئىلگىرىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئۇسۇللىرى ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى بېسىپ ئۆتىدىغان كونكرېت مۇساپىگە قارىتىلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە مەيدانغا كەلگەن ئەھۋاللارنى ئىگىلەش تەكىتلەنگەن بولغاچقا، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئىگە بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 12-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئەخمەت سەيدۇللا (1956- يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، باللار ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بېرىلىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات پائالىيىتى بىر خىل ھالەت ئۆزگىرىشىدىن يەنە بىر خىل ھالەت ئۆزگىرىشكە بۇرۇلۇشنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تاماملايدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ئالاھىدە كونتېكىستتا يۈز بېرىدىغان، بۇ كونتېكىست ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنى بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆلگە قىلىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىراسلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئۇسۇلى بويىچە تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ئەدەبىيات پائالىيىتى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغان زامان شارائىتىدا يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشنىڭ يىپ ئۇچى ۋە ئىجرا قىلىنىش ھالىتى دېگەندەك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇنى تاق لىنىيەلىك بولۇش ۋە كۆپ لىنىيەلىك بولۇش، داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش دېگەندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، ئۆلگە قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش، تاق لىنىيەلىك بولۇش ۋە كۆپ لىنىيەلىك بولۇش، داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇللار ھېسابلىنىدۇ.

## 1. ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ھەمىشە بىر باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلىنىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ. باشلىنىش نۇقتىسى ئەنئەنە ئىچىگە يىلتىز تارتقان بولىدۇ، باشلىنىش نۇقتىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئەدەبىيات كېيىنكى باسقۇچنىڭ مەلۇم ھالەتلىك ھەرىكەتتە بولۇپ ئۆزگەرگەندە، مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭدا ئىلگىرى يوق بولغان بەزى يېڭى ئامىل ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكلەر پەيدا بولىدۇ، ئەدەبىياتتىكى بۇنداق يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەركىبلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش جەريانىدىن ئىبارەت توختاۋسىز پائالىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ھەرىكەت ھالەتلىك جەريان بولۇپ، بىر خىل ئەدەبىيات ھالىتىدىن يەنە بىر خىل ئەدەبىيات ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر بىرىنچى خىل ھالەت ئەنئەنە دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئىككىنچى خىل ھالەت يېڭىلىق يارىتىش بولغان بولىدۇ، ئۆزگىرىش بولسا ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋاستىچى ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئۆزگىرىش جەريانىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، ئۇ ھالدا ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش يولى بىلەن ئورۇنلانغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسى، يېڭىلىق يارىتىش ئەنئەنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



راۋاجلاندۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ ھەممىشە بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ تارىخىنى تۈزۈشى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈشى ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىش مۇساپىسىنى تەتقىق قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئىلگىرىكى بىر تارىخىي باسقۇچنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك باشلىنىش نۇقتىسىنى ۋە ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ تېمىسى، ئىدىيەسى، ئۇسلۇبى، ماھارىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئامىللارمۇ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيالغا ئايلىنىدۇ، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ بۇ ماتېرىياللاردىن مۇستەسنا ھالدا يېڭى ئەدەبىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈلىشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخ بولمىغىنىدەك، ھەر قانداق دەۋردە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەدەبىياتمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملىشىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. تارىخىي ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، يېڭىلىق يارىتىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ كېيىنكى باسقۇچى بولۇپ، ئىلگىرىكىسىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ھالەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇرۇندىن بار بولغان ئەدەبىيات ئەنئەنىسى تەمىن ئەتكەن ماتېرىياللار ئارقىلىق پىششىقلىنىپ يارىتىلغان بولىدۇ. ئۇچىنچىدىن، ئىلگىرىكىسى ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەررەر چىقىش يولى، ئۇ ئەنئەنىنى ئاساس قىلىدىغان ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بېرىش جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسۇلى يېڭىلىق يارىتىشتا كۆرۈلىدۇ، يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا ئۆزگىرىش بولۇشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ۋارىسلىق قىلىش نىسپىي ئېيتىلغان بولۇپ، ئەنئەنە بولمىسا يېڭىلىق يارىتىشمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇلى ھەممىشە ئەنئەنىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. يۆنىلىش جەھەتتىن ئالغاندا، يېڭىلىق يارىتىش تارىخىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى بويلاپ داۋاملىشىش ھېسابلىنىدۇ. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش ئەنئەنىگە قارشى ھالدىكى يېڭىلىق يارىتىش بولغان تەقدىردىمۇ، تارىخنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنىڭ چەكلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇسۇل جەھەتتىن ئالغاندا، يېڭىلىق يارىتىش ئاساسلىقى ئەنئەنىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە ئىپادىلىنىدۇ، كەسكىن تەنقىد ئەنئەنىسى ئۇسلۇبى بويىچە يېڭىلىق يارىتىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا شۇ ئەنئەنىگە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ.

ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدا قانداق ئىشقا ئاشىدىغانلىقى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىككى قاتلام بويىچە ئورۇندىلىدۇ. بىرىنچىدىن، مەنىۋى قىممەت قاتلىمىدا ئورۇندىلىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى مەرىپەتچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت مەنىۋى قىممەتكە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلدى. ئىنسان ھاياتىغا كۆيۈنۈش، ئىنسانىي قەدىر- قىممەتنى قوغداش، ئىنسانىي گۈزەللىككە مەدھىيە ئوقۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنگەن مەرىپەتچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈش تېمىلىرىمۇ قەدىمدىن تارتىپ دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ۋارىسلىق قىلىپ

كېلىنىۋاتقان مەنىۋى مىراسلاردۇر. بۇ جەھەتتە، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى يېڭىلىق يارىتىش يېڭى تارىخىي شارائىتتا مەرىپەتچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈش قىممىتىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى تېمىلىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئالغا سۈرۈلۈشىگە يۈزلەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئىقتىدارلىق ئايال يازغۇچىلاردىن خالىدە ئىسرائىل، رىزۋانگۈل ياسىن قاتارلىقلارنىڭ ئاياللارنىڭ پسىخىك ۋە جىسمانىي كەچۈرمىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۇزاققىچە ئەرلەر ھوقۇقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك تەڭسىزلىكلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يارقىن كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاياللارنى قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلىش يولىدا دادىل ئىزدەنگەنلىكى ـــ بىر خىل مەنىۋى قىممەت قاتلىمىدا يېڭىلىق ياراتقانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، بەدىئىي شەكىل قاتلىمىدا ئورۇندىلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش جەريانىدا ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى سۆزلۈكلەر ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلىنىڭ تىل سىستېمىسى بولۇش سۈپىتىدە ئالاھىدە تىل قائىدىسى بولۇپ ۋارىسلىق قىلىشقا ئېرىشىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ تىل سىستېمىسىدىن پەرقلىنىدۇ، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي ئورتاق تىلى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنىدۇ. تىلنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مەنىسى، ئۆزگىچە بولغان گىرامماتىكىلىق فورما ـ شەكىللەر ۋە ئەدەبىياتتىكى ئالاھىدە قائىدىلەر شۇ دەۋر ئەدەبىياتى تىلىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قاتلامدىن ئالغاندا، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ئاساسلىقى ئىلگىرىكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تىلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ياتلىشىپ بېرىۋاتقان تىل ـ سۆزلۈك، گىرامماتىكا، ئۇسلۇب ۋە شەكىل قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئۆزگەرتىلىدۇ. بىراق، بۇنداق ئۆزگەرتىش يەنە ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىلىم ـ پەن تىلى سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق داۋاملىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ.

## 2 . ئۆلگە قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش

ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيتى جەريانىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ھەرگىز يېپيېڭى ھالەتلىك بولمايدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش جەريانىدا ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىنى ساقلاپ، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ بەلگە سىستېمىسى ۋە مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆلگە قىلىش بىلەن، ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدا باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆلگە قىلىش بىلەن ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىللە مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇقەررەر يولدۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بىرىنچىدىن، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئەدەبىياتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە روشەن پەرقى بولىدۇ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەر باشقا مىللەت كىتابخانلىرىغا نىسبەتەن يېڭىلىق بىلىنىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئوخشاش بولمىغان يېڭى ئامىل ۋە يېڭى ئەھۋاللارنىڭ مەيدانغا كېلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆلگە قىلىش يېڭىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يارىتىشنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان كونكرېت ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىدا ئاجىز ياكى كەم بولغان تەرەپلىرىنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۆلگە قىلىش يولى بىلەن تولۇقلاش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ماكرو نۇقتىدىن قارىغاندا، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشمۇ ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ توختىماي ئۇچرىشىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆلگە قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىش تارىخى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆلگە قىلىنىش جەريانىدا ئورۇندالغان تارىخ. ئۆلگە قىلىش ھەرىكىتى ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى بىر خىل ئۇسۇل، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلتۈرۈلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى شۇ مىللەت ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى چەكلەپ قويىدۇ، بىر مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭدا مۇقەررەر ھالدا باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆلگە قىلىش، ئۇلاردىن زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى توغرىلىق ئىزدىنىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆلگە قىلىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پىشاڭغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشتە ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. تۆتىنچىدىن، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىش بارغانسېرى قويۇقلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى ئۆز ئارا ئۆلگە قىلىشمۇ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسىي ئۇسۇللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ (ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ).

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى، گەرچە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنى داۋاملاشتۇرۇشتەك كونكرېت پائالىيىتىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىسىمۇ، لېكىن، بۇ ھەرگىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆلگە قىلىشنى كېرەك قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەرگىز باشقا مىللەتلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش ۋە تەسىرلىشىشنى رەت قىلغانلىق ئەمەس. دۇنياۋى ئەدەبىيات بىر تەرەپتىن، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا قارىتىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ جەزمەن ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ۋە بىرلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆلگە قىلىش بىلەن ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل كونكرېت ئۇسۇلدىن ئىبارەتتۇر.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئۆلگە قىلىش بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى بايلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، ئۇمۇ ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئىككى قاتلام بويىچە ئورۇندىلىدۇ. بىرىنچىدىن، مەنىۋى قىممەت قاتلىمى جەھەتتە، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىنسانىي قەدىر-قىممەتكە كۆڭۈل بۆلۈشتەك يادرولۇق تېما بولىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىنى ئۆلگە قىلىش ئاساسى بولۇپ قالىدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا قىممەت يۈزلىنىشىنىڭ نېگىزلىك قاتلىمىدا بىردەكلىكنىڭ بولۇشى ئۆلگە قىلىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممەتكە كۆڭۈل بۆلۈشتەك تۈپكى مەنىۋى مەقسىتىدىن ئالغاندا، مىللىي مەدەنىيەتتىكى پەرقلەر

پەيدا قىلغان كونكرېت ئىدىيە، ۋەقەلىك، غايە قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئوخشىماسلىقلار ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلىشى، ئۆلگە قىلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم ئامىل بولۇپ قالىدۇ. بۇ قاتلامدىكى ئۆلگە قىلىشمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەرىپەتچىلىك روھى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى مەرىپەتچىلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىشمۇ ئۆلگە قىلىشنىڭ بىۋاستە مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىدىكى مەرىپەتچىلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئېگىشلىك مەنىۋى ئەنئەنىلەرنى ئۆلگە قىلغاندا، ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىدىكى كەم تەرەپلەرنى تولۇقلىغىلى ۋە ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مەنىۋى قاتلام جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بەدىئىي شەكىل قاتلىمى جەھەتتە، ئوخشىمىغان تىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇناسىپ ھالدا، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تىل بىلەن ئىلىم- پەنگە خاس سۆزلەر بولىدىغان بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تىلىدا ئەدەبىياتقا خاس كۆركەم بەدىئىي تىلنى شەكىللەندۈرىدىغان، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تىلىنىڭ ئەدەبىيلىكىنىڭ قائىدە جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى ئوخشايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ، بۇ ھال ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆلگە قىلىش ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۈرلۈك تىللاردا پەرقلەر بولىدىغانلىقى ھەمدە ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنىڭ باسقۇچلۇقلۇقىدىكى پەرقلەر شەكىللەندۈرگەن ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلەر بولغانلىقتىن، ئەدەبىياتىنىڭ تىلىنى ئۆلگە قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ھەر مىللەت ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بىر تۈرلۈك زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان. كونكرېت ئۆلگە قىلىش تىل، گىراماتىكا، ژانىر قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردە يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئۆلگە قىلىشمۇ ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆلگە قىلىشتا بىر تەرەپتىن، ئۆلگە قىلىنغان ئامىللار ئۆزگەرتىلىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆلگە قىلىنغان تەرەپلەر ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى تىل شەكلى ۋە ئادىتىگە بىرلەشتۈرۈلىدۇ، مۇشۇنداق قىلىشلا ئۈنۈملۈك ئۆلگە قىلىش بولغان بولىدۇ.

## 3 . بىر لىنىيەلىك بولۇش ۋە كۆپ لىنىيەلىك بولۇش

ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئەدەبىيات پائالىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىدىن ئىبارەت. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش جەريانى مەلۇم ئىز بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنداق ھەرىكەتلىك ئىز ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ يىپ ئۇچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش بىر لىنىيەلىك بولۇش بىلەن كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنداق بىرلىكنىڭ مۇنداق ئىككى مەنىسى بار. بىرىنچىدىن، ئۇ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىغا قارىتىلىدۇ. ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىر لىنىيەلىك بولۇشمۇ، كۆپ لىنىيەلىك بولۇشمۇ، ياكى بۇ ئىككىسىدە نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشمۇ مۇمكىن. ئومۇمىي ئۆزگىرىش جەريانىدىن قارىغاندا، بىر لىنىيەلىك بولۇش بىلەن كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنىڭ ئىككىلىسى ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا بىر خىل يىپ ئۇچى، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدا مەۋجۇت بولىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بىر جەرياندىكى ئوخشاشمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىر لىنىيەلىك بولۇش كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنى، كۆپ لىنىيەلىك بولۇش بىر لىنىيەلىك بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا قارىتىلىدۇ. بىر لىنىيەلىك بولۇش ئومۇملۇقىنىڭ، كۆپ لىنىيەلىك بولۇش كونكرېتلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىنى مىسال ئالساق، يۈزەكى قارىغاندا، بۇ ئەدەبىيات خىرىستىيان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



دىنى ئەدەبىياتتىن يىپ ئۇچى بەرگەندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە تۆۋەن قاتلام جەمئىيىتىگە دائىر رومانتىك ھېكايىلەر ۋە باشقا دىندىن خالىي ئەدەبىياتمۇ مەۋجۇت. يەنە مەسىلەن، مودېرنىزم پىكىر ئېقىمىنى ئومۇمىي يىپ ئۇچى دەپ قارىساق، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كونكرېت ئېقىملاردا كونكرېتلاشقان يىپ ئۇچلىرى تاق لىنىيەلىك بولۇش بىلەن كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنىڭ بىردەكلىك ئەھۋالىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى بىر لىنىيەلىك بولۇش بىلەن كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يۈز بېرىشى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپكە باغلىق بولىدۇ. بىرىنچى، ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئېستېتىك چۈشىنىش ۋە كۆرسىتىشنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ، ئىنسانىي پەزىلەتلەر توغرىلىق ئېستېتىك ئۇسۇلدا ئىزدىنىش، ھاياتلىققا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى توغرىلىق ئىزدىنىش قاتارلىقلار ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مۇھىم پىسخىك ئاساس بولۇپ، بۇ ئاساس ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي يىپ ئۇچىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشى توغرىلىق مۇشۇ ئاساسىي يىپ ئۇچىنى چۆرىدەپ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر بايقىلىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر لىنىيەلىك بولۇشنى ھاسىل قىلىدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللەتكە تەۋە يازغۇچى-ئىجادكارلار ئىنسانىي پەزىلەتلەر توغرىلىق ئىزدەنگەندە، ئوخشاش بولمىغان مەيدان ۋە چىقىش نۇقتىسىغا ئىگە بولىدىغان بولغاچقا، ئېرىشىدىغان نەتىجىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ-دە، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككىنچى، دەۋر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەلۇم بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالاھىدە دەۋردە ئالاھىدە ئەدەبىي تېمىلار مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە بولغان ئىزدىنىشلەر ھەمدە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ-دە، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ غول لىنىيەسى (بىر لىنىيەسى)نى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچى-ئىجادكارلارنىڭ خاسلىقىدىكى پەرقلەر، ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىگە ئويغۇنلىشىپ كېتەلمەيدىغان ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ-دە، كۆپ لىنىيەلىك بولۇش ئەھۋالىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ «4-ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتىدا «كىشىلەرنى غەپلەتتىن ئويغىتىش» باش تېما ئىدى، لېكىن، شۇ چاغدىكى ئامىباب ھېكايىچىلىقتا مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەر بۇ باش تېمىدىن يىراق بولۇپ، بىر لىنىيەلىك بولۇشنىڭ سىرتىدا كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى سۆز ھوقۇقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كۈچلۈك ئەدەبىيات گۇرۇھلىرىنىڭ زومىگەرلىكى ئالاھىدە دەۋر ئەدەبىياتىدا بىر خىللىقنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ-دە، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدا بىر مەزگىللىك بىر لىنىيەلىك بولۇش ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىراق بۇنداق سۆز ھوقۇقى زومىگەرلىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەدەبىيات پائالىيىتى داۋاملىشىۋېرىدۇ ھەمدە ئۆزىدە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى تەييارلايدۇ. سۆز ھوقۇقى زومىگەرلىكىنىڭ تىزگىنى بوزۇپ تاشلانغان ھامان، كۆپ مەنبەلىشىش ۋە گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى كۆپ لىنىيەلىشىش دەۋرى مەيدانغا كېلىدۇ.

بىر لىنىيەلىك بولۇش ۋە كۆپ لىنىيەلىك بولۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بىر جەريانغا مۇھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇنداق بىر نەچچە خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بولىدۇ: بىرىنچى، ئالمىشىش، يەنى بىر لىنىيەلىك بولۇش بىلەن كۆپ لىنىيەلىك

بولۇشىنىڭ ئۆز ئارا نۆۋەتلىشىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ئەدەبىيات پائالىيىتى بىر لىنىيەلىكتىن كۆپ لىنىيەلىككە ياكى كۆپ لىنىيەلىكتىن بىر لىنىيەلىككە ئايلىنىۋاتقان چاغدا، ئەدەبىيات مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىش جەريانىدىلا ھەقىقىي يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئازادلىقتىن ئىلگىرى كۆپ لىنىيەلىك ئىدى، 1949 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلىغىچە ئاساسەن بىر لىنىيەلىك ئەدەبىيات بولدى، 1978 ـ يىلدىن كېيىنكى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بولسا ھەقىقىي مەنىدىكى كۆپ لىنىيەلىك ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، يىپ ئۇچىنىڭ نۆۋەتلىشىشى ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلىدۇ. ئىككىنچى، تەڭشەش، يەنى كۆپ خىل يىپ ئۇچى ئىچىدىكى مەلۇم يىپ ئۇچىنىڭ ئورنىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ئارقىلىق يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان يىپ ئۇچىغا ئايلىنىدۇ ياكى ئۇ باشقا يىپ ئۇچلىرىنىڭ چەتكە قېقىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي يوقىلىدۇ. تەڭشەش جەريانىدا ھەم ئەسلىدىكى كۆپ لىنىيەلىك بولۇش ئەھۋالى ساقلاپ قېلىنىشى، ھەم بىرلا يىپ ئۇچى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان بىر لىنىيەلىك بولۇش ئەھۋالى شەكىللىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، دېھقانلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات يىپ ئۇچى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىگە ئوخشاش. ئۈچىنچى، پارچىلىنىش، بىر يىپ ئۇچىنىڭ ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارچىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ يىپ ئۇچلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى يىپ ئۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يىپ ئۇچلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى جەزمەن ئوخشاش بولمىغان يىپ ئۇچلىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ ـ دە، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى ئۆزگىرىشچان يىپ ئۇچلىرى كۆپ خىل بولىدۇ، يىپ ئۇچىدىكى ئۆزگىرىش ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش يىپ ئۇچلىرى ئارىسىدىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ئىچىدە ئورۇندىلىدۇ.

## 4. داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش

ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئەدەبىيات پائالىيىتىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى ئۆزگىرىشچان يىپ ئۇچى جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىش ھالىتى تەرەپتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىش ھالىتىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىيات پائالىيىتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئېنىق ئۈزۈلۈش ياكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان باغلىنىش (داۋاملىشىش)نى بايقاش ئارقىلىق، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە يۈز بەرگەن ئاساسىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ. ئۈزۈلۈش — ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان ئىككى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان چوڭ پەرقلەرگە، ھەتتا قارىمۇ ـ قارشى بولغان ئەھۋاللارغا قارىتىلىدۇ. داۋاملىشىش بولسا ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان ئىككى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان بىۋاسىتە، ئېنىق بولغان ئوخشاشلىق ياكى روشەن ۋارىسچانلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ئاساسىي ئۆزگىرىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر قاچان ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى باغلىنىشلارنى چېلىقتۇرۇش تەس ئەمەس. ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشى ۋە يېڭى ئەدەبىياتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئەمەس، بەلكى، دائىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىرتقى ھادىسە سۈپىتىدە، ئادەتتە ئەدەبىيات ھالىتىدىن يەنە بىر خىل ئەدەبىيات ھالىتىگە بۇرۇلۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا كەلسەك، بۇنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار: بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئېستېتىك ئىپادىلەش ھېسابلىنىدۇ، بۇ خىل ئالاھىدە مەنىۋى پائالىيەت ئەلمىساقتىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى تونۇش پائالىيىتى بىلەن ئېستېتىك ئىجاد قىلىش پائالىيەتلىرى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىمۇ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى ۋە توختىماي داۋام قىلىدۇ. بىراق، بۇ جەريان يەنە ھەر خىل ئەگرى- توقايلىق ۋە زىددىيەتلەرگە تولغان، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى كىشىلەردە ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە دائىر ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرگە قارىتا پەيدا بولغان بۇرۇلۇشلارغا، شۇنداقلا ئېستېتىك پائالىيەتلەر جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان ئېستېتىك تۈرلەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشتىمۇ نۇرغۇن قېتىم ئۈزۈلۈش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ياۋروپا ئەدەبىياتىنى ئالساق، قەدىمكى يۇنان-رىم دەۋرىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات- سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىگىچە بىر قېتىم ئۈزۈلۈش بولدى. دۆلىتىمىز ئەدەبىياتىنى ئالساق، «4- ماي» يېڭى مەدەنىيەت ئەدەبىياتى دۆلىتىمىز قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پاسىلى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەنئەنە مۇقىملىققا ئىگە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى بولۇپ، چەكلەش رولىنى ئويناش ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىتا داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇشقا ئىگە قىلىدۇ. ئەنئەنە ئەدەبىياتنى بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى، يەنە ئۆزگىرىش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەش ئارقىلىق، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئېنىق ۋە ئاشكارىلىق ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىياتتىن ئۇنىڭ سەۋەب-نەتىجىسىگە نەزەر تاشلىيالىشىمىزنىڭ ئۆزى داۋاملىشىش ھېسابلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى جۇغلانما ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ تارىخىي تۈرلىرىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا يېڭى بىر تۈر بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، بۇ تۈر ئۆزىنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق كونا تۈرنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدىكى ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇشىنى پەيدا قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلۈشكە ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن قارىغاندا، قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىپ ئىنتايىن پىشقان بىر تۈرگە ئايلانغانلىقتىن، ئۇنىڭ قايتىدىن ئۆسۈش بوشلۇقىغا ئېرىشىشىنىڭ قىيىنغا توختىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. شېئىرىيەتنى مىسال قىلساق، تاڭ دەۋرى شېئىرىيىتىدە يېقىملىق بولۇش تەكىتلەنسە، سۇڭ دەۋرى شېئىرىيىتىدە قائىدىلىك ۋە قىزىقارلىق بولۇش تەكىتلىنىدۇ، «4- ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدىكى جانلىق تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى يېڭى تۈرنىڭ كونا تۈرنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇشنىڭ قانداق ئىشقا ئاشىدىغانلىقى مەسىلىسىنى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ماكرو نۇقتىدىن قارىغاندا، داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش بىلەن ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش باش تېما جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، ئىنسان ماھىيىتىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش پائالىيىتىنىڭ ئۆزىدىكى ئۈزلۈكسىزلىك ۋە ئۈزۈلۈش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇشنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ئاساس ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە

ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش ئىنسان ماھىيىتىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش پائالىيىتى جەريانىدا ئورۇندىلىدۇ. بۇ باش تېما بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋاملاشماقتا، ئۈزۈلۈش ۋە ھەر خىل ئەگرى-توقايلىقلار ھەمىشە ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھەمراھ بولىدۇ. ئىككىنچى، ئەدەبىيات تارىخى تۈرىنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى داۋاملىشىش ۋە ئۈزۈلۈش تىل سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ئەدەبىياتنىڭ تارىخى تۈرى شەكىللىنىشتىن پارچىلىنىشقىچە بىر داۋاملىشىش ھالەتلىك جەريانغا ئىگە بولغان بولىدۇ، بۇ جەرياندا ئەدەبىيات پائالىيىتى ئۆزىنىڭ داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇشىنى ساقلاپ، ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەر ئەدەبىياتىنى ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە قىلىدۇ. بىراق، ئۇ شەكىللەنگەن چاغدا كونا تارىخي تۈردىكى ئۈزۈلۈشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا يېڭىلانغان تارىخي تۈرنىڭ ئۈزۈلۈش ھالەتلىك ئۇسۇلى بولۇپ تاماملىنىدۇ. ئۈچىنچى، ئوخشاش بولمىغان تارىخي تۈرلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە تارىخي تۈردىن ھالقىغان ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارمۇ ساقلىنىدۇ ۋە يوشۇرۇن داۋاملىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھاياتي كۈچكە ئىگە بىر تارىخي تۈر ئۆز ئورنىتاسىدا ئۆزگىرىۋاتقان چاغدا، يېڭى تارىخي تۈر ئاللىقاچان ئۇنىڭ قوينىدا بىخ سۈرۈۋاتقان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان تارىخي تۈرلەر يەنە نۆۋەتلىشىپ ئۆزگىرىش تۈسىنى ئالىدۇ. داۋاملىشىشنىڭ ۋە ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئوخشاش بولمىغان داۋاملىشىش ھالىتىنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى تەكشۈرگەندە، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش بىلەن داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئوخشاش بولمىغان تارىخي تۈرلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر خىل داۋاملىشىش مەۋجۇت بولىدۇ، ئۈزۈلۈش بولسا كونا تارىخي تۈر ئاجىزلاپ، يېڭى تارىخي تۈر پىشىپ يېتىلىۋاتقان چاغدا پەيدا بولىدۇ. ئۈزۈلۈش داۋاملىشىشنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئەنە شۇنداق يېڭى بىلەن كونا ئالماشقان دەۋردۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، كونىسى بولمىسا يېڭىسىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇرەككەپ ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. داۋاملىشىش ھالىتى باش تېما قاتلىمى بىلەن تارىخي تۈر قاتلىمىدا تەڭ مەۋجۇت بولغان بولىدۇ، داۋاملىشىشنى تاق لىنىيەلىك تۈز سىزىق بويىچە تەرەققىي قىلىش دەپ قاراپ، ئۇنى ھەرگىز ئوخشاش بولمىغان ئامىللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە رول ئوينىشىدىن بولغان باغلىنىش دەپ چۈشىنىۋالماسلىق لازىم، چۈنكى، داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسىي ئۇسۇل بولسا، ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش بىر خىل سىرتقى قەۋەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇشنىڭ كەينىدە يەنە بىر خىل داۋاملىشىش ھالىتى بولىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك جەريانى ماكرو جەھەتتىن تەكشۈرۈلىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات پائالىيىتى بىر خىل ھالەت ئۆزگىرىشىدىن يەنە بىر خىل ھالەت ئۆزگىرىشكە بۇرۇلۇشنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئورۇندايدۇ. ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشى دائىم بىر باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلىنىپ كېيىنكى باسقۇچتىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەنئەنە ئىچىگە يىلتىز تارتىدىغان باشلىنىش نۇقتىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ

www.uyghurkitap.com



قىلغانلىق بولىدۇ. ئەدەبىيات كېيىنكى باسقۇچنىڭ مەلۇم ھالەتلىك ھەرىكىتى بولۇپ ئۆزگەرگەن چاغدا، ئۇنىڭدا جەزمەن ئىلگىرى بولمىغان بەزى يېڭى ئامىل ۋە ئالاھىدىلىكلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى بۇنداق يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېتىراپ قىلىش ـ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە بىللە مەۋجۇت بولىدۇ؛ ئۆلگە قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە تەرەپلەرنى ئۆلگە قىلىش، شۇنداقلا ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئەدەبىيات ئۆزگىرىشنى يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم قانۇنىيەتلىك ھادىسە. بۇ ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە ھەر قاچان بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش مەلۇم ھەرىكەتلىك ئىز بويىچە بولىدۇ، بۇنداق ھەرىكەتلىك ئىز ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىنىڭ يىپ ئۇچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. داۋاملىشىش ھالەتلىك بولۇش ۋە ئۈزۈلۈش ھالەتلىك بولۇش ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بىز ئەدەبىيات پائالىيىتى جەريانىدىكى ئېنىق ئۈزۈلۈش ياكى بىۋاسىتە باغلىنىشلاردىن ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىلەلەيمىز. ئۈزۈلۈش ھالىتى — بىر- بىرىگە تۇتىشىدىغان ئىككى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان چوڭ پەرقلەرگە قارىتىلسا، داۋاملىشىش ھالىتى — ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان ئىككى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان بىۋاسىتە ۋە ئېنىق ئوخشاشلىق ياكى روشەن ۋارىسچانلىق مۇناسىۋىتىگە قارىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە داۋاملىشىش ئاساسلىق ئۆزگىرىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ، ئۈزۈلۈش — كۆپرەك ئەدەبىيات ئۆزگىرىشىدىكى سىرتقى ھادىسە سۈپىتىدە بىر خىل ئەدەبىيات ھالىتىدىن يەنە بىر خىل ئەدەبىيات ھالىتىگە بۇرۇلۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## پايدىلانملار


1. ئابلەت ئۆمەر قاتارلىقلار: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىلى 6- ئاي 1- نەشرى.
2. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى 4- ئاي 1- نەشرى.
3. ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىلى 10- ئاي 1- نەشرى.
4. توڭ چىڭبىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن بېكىتىلگەن دەرسلىك) (خەنزۇچە)، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000- يىلى 4- ئاي 1- نەشرى.
5. چيەن جۇڭشۈ: «ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە» (خەنزۇچە)، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2005- يىلى 6- ئاي 1- نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 03 ـ 088 ـ 10

# «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئىستۇدېنتلارغا بېرىلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيەنىڭ ئۇسۇلى ۋە رولى ھەققىدە ئىزدىنىش*

رەناگۈل ئابدۇللا

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، خوتەن. 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك خىرىسلار ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇڭلاشقا بىز ھەرخىل ۋاستىلىك ئۇسۇللارنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشىمىز لازىم. ماقالىدە ئالدى بىلەن غەرب ئەللىرىدىكى مائارىپنىڭ رولى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ۋاستىلىك ئۇسۇللارنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىم رولى قىسقىچە ئىزاھلىنىپ، رايونىمىزدىكى ھازىرقى زامان ئىستۇدېنتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك خاراكتېر مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ئەسەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىلىمنى ھۆرمەتلەش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئەخلاقىي تەربىيە بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە كەم بولسا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.

**摘要:**世界经济的发展和就业问题带来的各种挑战，使大学生们在思想上产生了很大的变化。所以我们应该采取一些创新间接的方法增加他们精神上的积极因素。本文首先简单的叙述西方国家教育的作用与对教育、教学的看法，从指出我区现代大学生性格上存在的一些问题，探讨了《外国文学》作品在于提高学生的素质、扩大学生的知识面、培养爱国主义精神、崇拜知识、培养欣赏优秀外国文学作品的能力、进行道德教育等方面不可缺少的作用。

**Abstract:** the rapid development of the international economy and the problem of employment, has made tremendous challenge and change in students values .So it is necessary to activate positive factors in their mind by applying various methods to enrich their spiritual world. In this paper, firstly role and different views of education in western countries were introduced, and some of the psychological and spiritual problems existing among college students has discussed and put forward possibility of making positive change in college student's value system by introducing relevant works in foreign literature.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G410**　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

مائارىپ بىلىش ئىقتىدارىنى تەربىيەلەش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىۋېرسال مائارىپنى بىزگە يەتكۈزگەن يۇنانلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنگەن. ئۇلار مائارىپ بىلىم، پەن ۋە ئەخلاقىيلىقتىن باشقا يەنە ئىنسانلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 17-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رەناگۈل ئابدۇللا (1975- يىلى 1-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، چەت ئەل ئەدەبىياتى، كەسپىي خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قارايدۇ. يۇنانلىقلارنىڭ قارىشىچە، مائارىپنىڭ ئۈچ خىل رولى بار، ئۇلار: جىسمانىي گۈزەللىك ۋە ماھارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەخلاقىي پەزىلەتنى شەكىللەندۇرۇش، بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[1]. ئالىي مەكتەپ ـ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىلىشىدىكى ئاساسىي بازا. نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ تەلىم تەربىيەسىدە چوقۇم « ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىش، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەربىيەسى ئىچىدە ئىدىيە ۋە ئەخلاقىي تەربىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر. ئىستۇدېنتلار ئۇلۇغۋار ۋە مۈشكۈل تارىخىي ۋەزىپىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك. بولۇپمۇ، پېداگوگىكا خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلار ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدا قوش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ھەم مۇكەممەل كەسپىي بىلىم ۋە ساپاغا ئىگە بولۇشى، ھەم ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان قابىلىيەتنىمۇ ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بۇ نىشانغا يېتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا، ئۆزىنى ھەرقايسى جەھەتتىن بىر تەربىيەلىگۈچىگە خاس سۈپەت ھەم ساپاغا ئىگە قىلىشدۇر. شۇنداق بولغاندىلا بىر ئىستۇدېنت ئۆزىنى دەۋر ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا قەرزدار ھېس قىلمايدۇ، بەلكى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئېلىپ كەلگەن غەلىبە شادلىقىدىن بىر ئۆمۈر مەمنۇن بولىدۇ.

تەربىيەلەش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قاراتمىلىقى بولغان نىشانلىق تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئوقۇتۇشتىكى بىر ئاقىلانە تاللاش. شۇڭا ئالدى بىلەن ئەتراپىمىزدىكى ئىستۇدېنتلارنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشىنىش، ھېس قىلىش ئالدىنقى شەرت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئىلىم-پەن ئىشقىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان تىرىشچان ئىستۇدېنتلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەتتا ئىلمخۇمارلىقى تۈپەيلى، مەكتەپتە ئالغان بىلىمىگە قانائەت قىلماي، سىرتتىكى ھەر خىل تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىۋاتقانلارمۇ بار، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىۋاتقانلارمۇ بار. ئەكسىچە بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، روھىي ھالىتى نورمالسىز بولۇپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

## 1 . ھازىرقى زامان ئىستۇدېنتلىرىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى سەلبىي تەرەپلەر

بىرىنچىدىن، بىپەرۋا، ئىرادىسى تۇراقسىز. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىلىپلا، خۇددى بۇ يەرنى ساناتورىيەدەك ھېس قىلىپ، بىكار كۈن ئۆتكۈزۈپلا يۈرىدىغان «بوۋاي مىجەز » بولۇۋالىدۇ. خۇددى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئۆزى ۋە ئاتا-ئانىسى ئۆچۈن ھاياتىدىكى چوڭ بىر ئىشنى تامام قىلىپ بەرگەندەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاQدەك ھەر ۋاقىت ئۆزىنى روھىي ئەمىنلىككە ئېرىشكەندەك ھېس قىلىدۇ. ئۆگىنىدىغان بىلىملەرنىڭ تېخى ئەمدى ھەقىقىي باشلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ھەتتا، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ، نىشانى يوق. ئۆگىنىش ئىرادىسى بىر دەم بار، بىر دەم يوق، ئۇلۇغۋار ئارزۇلاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. قىزىق يېرى شۇكى، ھەر قېتىم ئىمتىھانغا ئاز قالغاندا بىر مەۋسۇم ئېچىلماي ئۇخلىغان كىتابلار ئېچىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىلارغا تولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئورۇن تالىشىپ ئۇرۇشىدىغانلارمۇ بار. ئەجەبا بىر مەۋسۇم بىغەم، ئورۇندۇق ساقلاپ ئولتۇرۇپ، نەچچە ئايلىق دەرسنى شۇنچە ئاز ۋاقىتتا ئۆگىنىپ بولغىلى بولارمۇ!؟

ئىككىنچىدىن، شۆھرەتپەرەس. بۇ كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ئەھۋال. شۆھرەتپەرەسلىك ئىنسان روھىغا چۈشكەن مىتە. بۇ يامان ئىللەت تەرەققىي قىلىپ كەتسە، ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش ھەقىقەتەن تەس. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار (ئاساسەن قىزلار) ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ھىسابلاشماي، باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش

تەمەسىدە يۇقىرى ئىستېمال مۇھىتىدا ياشاش ئارزۇسى كۈچلۈك. ھەرخىل داڭلىق ماركىلىق مودا كىيىملەر، تېلېفون ، قىممەت باھالىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى، چەتئەلنىڭ تاتلىق-تۈرۈملىرى... قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئارمىنى. ئىككى كىشى مائاشلىق ئۈچ جانلىق ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بۇنداق ئىستېمال شۇ ئائىلىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلىلا تەۋرىتىپ قويىدۇ. كىمدۇر بىرى: «سىز ھېلىھەم ئاتا-ئانىڭىزنىڭ قولىغا قاراشلىق بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۈچىڭىزدىكى داڭلىق ماركىلىق كىيىم-كېچەكلەر سىزنىڭ نومۇسسىزلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ » دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. چوڭچىلىق، مەنمەنچىلىك، ھالىغا باقماي ھال تارتىش ـ ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى تېخىمۇ پۇچەكلەشتۈرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، پۇلغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا « پۇل ھەممىگە قادىر» ئىدىيەسى ھۆكۈمران. ئۇلاردا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ ، يات جايلاردا، يات شەھەردە تۇرمۇشتا ئاز ـ تولا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراش سەۋەبلىك، بارا-بارا پۇلنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە دەپ قارايدىغان يامان قاراش شەكىللىنىپ قالغان. دۇرۇس يول بىلەن پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش باشقا گەپ، ئەمما، پۇل مەستانىلىقى يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارە ھالەتكە ئۆتسە، بۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلەش تەس. بۇ ھەۋەس ئۇلارنى ھەرخىل يامان يوللارغا سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن.

تۆتىنچىدىن، مەنىۋىلىك، ئادىمىلىك كەم. ئالىي مەكتەپ باسقۇچى تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئادىمىلىك ۋە مەنىۋىلىك جەھەتتە يۈكسىلىدىغان، ئېسىل، ئالىيجاناپ خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغان مەزگىل. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا قارايدىغان بولساق شۇنچىلىك شەخسىيەتچى، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، كۆيۈنۈش روھى يوق. قىلغان ھەر بىر ئىشى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا. كۆز ئالدىدىكى ماددى نەرسىلەرلا ئۇلارنىڭ كۆرۈش دائىرىسىگە كىرەلەيدۇ، ئاددى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىنسان روھىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش، مەنىۋى ئىنساننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ئىستىكى ئۇلاردا يوق.

بەشىنچىدىن، ئۆزىنى قەدىرلەشنى، غۇرۇرىنى ساقلاشنى بىلمەيدۇ. ئەڭ ئەقەللىسى كىشىلىك قەدىر-قىممەت ئېڭىمۇ يوق. مىللىتىمىز ئەزەلدىن سالماق، ئۇياتچانلىق بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ھۆرمەت قىلىپ، ئوچۇق-ئاشكارە ھېسسىيات ئىپادىلەشنى نومۇس دەپ بىلگەن. لېكىن، ھازىرقى زامان ئىستۇدېنتلىرى مۇھەببەتلەشكەندە، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ يېنىدا ئادەم يوقتەكلا ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. تېخى ئۆزىنى ناھايىتى چىرايلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ھەتتا ئىمتىھانلاردا كۆچۈرۈشنى نومۇسسىزلىق دەپ قارىمايدۇ.

ئالتىنچىدىن، پسىخىكىسى بىنورمال. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: بىلىشى بىرتەرەپلىمە بولۇش؛ ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىك ياكى ئۆزىنى كەمسىتىش، خۇشال بولۇشى ۋە غەزەبلىنىشى نورمال بولماسلىق، كەيپىياتى تۆۋەن، چۈشكۈن بولۇش؛ سۇبيېكتىپچانلىقى كەمچىل، بېقىندىلىقى كۈچلۈك بولۇش؛ تەرسا، ئىچى تار، ھەسەتخور ، شۆھرەتپەرەس، ھەشەمەتچى، ئابرۇيپەرەس بولۇش، كىشىلىك مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس، باشقىلارغا ياردەم بېرىشى كەمچىل بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ھالەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا: (1) ئۇلارنىڭ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرى؛ (2 ) ئائىلە مۇھىتىنىڭ تەسىرى؛ (3) مەكتەپ تەربىيەسىدىكى پاسسىپ ئامىللارنىڭ تەسىرى؛ (4) جەمئىيەتنىڭ تەسىرى قاتارلىق ئامىللار رول ئوينىغان.

ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىچكى-تاشقى ساپاسىدا ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەر تەربىيە ئارقىلىق ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، ۋەتەن، خەلقنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى بىراقلا بەربات بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ بىر يۈك، ئائىلە ئۈچۈنمۇ ئېغىر تالاپەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى ياشلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاسان ئۇچرايدىغان، يېڭى شەيئىلەرنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىدىن ئىجابىي يوسۇندا پايدىلىنىپ، مەلۇم ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دەپ قارىدىم. مېنىڭچە، ھەرقايسى كەسىپلەر ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق، جانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان دەرسلەرنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتسە بۇ جەھەتتە چوقۇم ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز، دەپ قارايمەن.

تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتتە ماس يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەدەبىيات دەرسىدە ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى بېرىدىغان ماتېرىياللار كۆپ بولۇپ، ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە. ئەخلاق-پەزىلەت، خاراكتېر بىر ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىملا مەشىقى، ئەقلىيە سۆزلەرنى يادلاش ياكى نەسىھەت ئاڭلاش ئارقىلىق يېتىلمەيدۇ، ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقنى بىۋاسىتە ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، بەلكى، مەلۇم ۋاستىلىك ئۇسۇللارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر، ئەخلاقىي خاراكتېرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل-- ئۈلگە كۆرسىتىشتۇر. بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بىر ئەقلىيە سۆز بار: « ئۈلگىنىڭ كۈچى چەكسىز ». ئۈلگە كۆرسەتكۈچى بەلكىم ئوقۇتقۇچى، ئاتا-ئانا ۋە باشقىلار بولۇشى مۇمكىن، يەنە تارىخ ۋە ئەدەبىياتتىكى ئۇلۇغ شەخسلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

« چەت ئەل ئەدەبىياتى » دەرسى ئالىي مەكتەپلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي دەرس. بۇ دەرسنى ئۆگىنىشتىكى پرىنسىپ: قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. مەزكۇر دەرستە ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەدەبىياتنىڭ ئىزنالىرى ئەڭ دەسلەپ شەكىللەنگەن يىراق شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتلىرىدىن باشلىنىپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن مودېرنىزم ئەدەبىياتىغىچە بولغان رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات سۆزلىنىدۇ. بۇ دەرستىكى ھېكايە ۋەقەلىكلىرى، تەسىرلىك بەدىئىي تىپلار، يازغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچە يېزىش ماھارىتى، ئەسەرلەردىكى ئۆزگىچە تۇرمۇش پۇرىقى، باشقا ئەل كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ... تەبىئىيكى، ئوقۇغۇچىلاردا باشقا دەرسلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ھەۋىسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئىدىيەۋى تەربىيە ئىشلەشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن، دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ ، ھەر بىر تىپنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بىز قوبۇل قىلىشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلەرنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئەستايىدىل تەھلىل قىلدىم ھەم ئوقۇغۇچىلار ئارا بۇ ھەقتىكى بەس-مۇنازىرىنى قانات يايدۇردۇم. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ چىرايىدىن دەرسكە بولغان مەمنۇنىيەت ۋە قايىللىق ئالامەتلىرىنى ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەن بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىدىيەۋى تەربىيە بېرىش ئەدەبىيات كەسپى ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئۇسلۇب يېتىلدۈرۈش، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلەش، خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، غەيرى مىجەزلىرىنى ئۆگىشىۋېلىش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىكى باش قېتىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش... قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ . دېۋېي[2] ئەخلاقىي تەربىيەنى دەرسخانىدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېۋېينىڭ قارىشىچە، خاراكتېر نورمال ئۆگىنىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدىلىك دەل ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقتۇر. دېمەك، دەرسخانا ئوقۇغۇچىلارغا ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش ۋەزىپىسىنى

ئاتقۇرۇشتىكى مۇھىم كۆزنەك.

«چەت ئەل ئەدەبىياتى» دەرسى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار ۋە رەڭدارلىقى بىلەن ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسى بېرىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك قوراللىرىدىن بىرى، ئەلۋەتتە. بىراق، چەت ئەل ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىلغار دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە باھا بېرىمىز. گەرچە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورتاقلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما، ئوخشاش بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئورتاقلىقتىن سۆز ئېچىش تامامەن مۇمكىن.

## 2 . «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ئەسەرلىرىدىكى ئىلغار مەزمۇنلاردىن ئوقۇغۇچىلارغا يېتىدىغان ئەمەلىي نەپ

1) ۋەتەنپەرۋەرلىك مەڭگۈلۈك تېما. چەت ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى قوراللىرىدىن بىرى.

دۇنيادا ياشىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئانا ۋەتىنى بولىدۇ. مەيلى ئۇ قانچىلىك باي ، قانچىلىك گۈزەل دۆلەتتە ياشىسۇن ، ھامان ئۆزىنىڭ ئەشۇ يىراقتا قالغان ئەسكى كەپىسىنى ياد ئېتىدۇ ھەم بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ئۆتىدۇ. « چەت ئەل ئەدەبىياتى » دەرسىدە ئەنە شۇنداق ۋەتىنى ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بەرگەن، ۋەتىنى ئۈچۈن ئىسسىق جانلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان قەھرىمان ئوبرازلار يازغۇچىلارنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆلمەس تىپ بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان. قەدىمكى يۇنان ئېپسانىلىرىدە، ھومېر[3] نىڭ « ئىلىئادا»، «ئودېسسا» داستانلىرىدا ۋەتىنى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانلار بەك كۆپ. يەنى يۇنان ـ تىرويا ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلغان 10 يىللىق ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان يۇقىرىقى داستانلاردا ئاخىللىس ، ھېكتور، ئودېسسا قاتارلىق مەشھۇر قەھرىمانلار ۋەتىنى ئۈچۈن جەڭ قىلغان، ئۆز ھاياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان قەھرىمانلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، «دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ پىرى»دەپ نام ئالغان مۇپاسسان[4]نىڭ « دونداق»، « 29 ـ كېسەل كارىۋىتى»... قاتارلىق ھېكايىلىرى مەخسۇس ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان. يۇقىرىقى ھەر ئىككىلا ھېكايىدە ئەينى ۋاقىتتىكى فرانسىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان پاھىشە ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ، ئۆزىنى«ۋەتەنپەرۋەر» ھېسابلايدىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل روھتىن ناھايىتى يىراقتا قالغان ئەشۇ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇتۇپ قويغان. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. ئەنە شۇنداق تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ روھىدىكى ئەڭ گۈزەل تەرەپلەرنى بايقاپ چىقىش ـ- مۇپاسساننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. فرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى دائودېتنىڭ فرانسىيە ـ پرۇسسىيە ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان «ئاخىرقى دەرس» ناملىق ئەسىرىدە تاجاۋۇزچىلار ئىشغالىيىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەسەر باش قەھرىمانى خەنمېر ئەپەندىنىڭ روھىي ھالىتى ئارقىلىق ، ئۆز ئانا تىلىدىن ئايرىلىشقا قىيالماسلىق ھېسسىياتى جانلىق كۆرۈنۈش ۋە ئوبرازلارنىڭ ياردىمىدە ئىپادىلەنگەن. مەيلى باشقا ئەل بولسۇن ياكى ئېلىمىزدە بولسۇن، ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئوخشاش. مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا : «بىز ھازىرغىچە ۋەتىنىمىز ئۈچۈن، ئاددىيسى يۇرتىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟» دېگەن تېمىدا بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارساق، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىكىدىن ۋەتەن ھەققىدىكى چوڭقۇر ـ تېيىز چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا يېڭىچە تۇيغۇلارغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە

مۇشۇنداق ئەسەر ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق، ئۇلارغا ئەمەلىي مىساللار بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ۋە قانداق قىلغاندا ئۆز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىزباسارلاردىن بولغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەربىيە بېرىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2) بەزى ئەسەرلەردە شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئېچىپ بېرىلگەن، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئىنسان روھىغا چۈشكەن بىر مىتە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ھەرۋاقىت يىراق تۇرۇش لازىملىقى ھەققىدە تەربىيە ئىشلىسەك، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە، شۆھرەتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ بىزگە مەلۇم جەھەتتىن ساۋاق بولالايدۇ. «مارجان» فىرانسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى مۇپاسساننىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور بولغان مەشھۇر ھېكايىسى. ئەسەر باش قەھرىمانى ماتىلدانىڭ تېپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن. ئەسەردە ماتىلدا بىر قېتىملىق تانسا كېچىلىكىگە بېرىش ئۈچۈن، دوستىدىن بىر مارجان ئارىيەت ئالىدۇ، تانسا كېچىلىكىدە ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىپ مۇرادىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ مارجاننىڭ يىتكەنلىكىنى بىلىپ شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمايدۇ، ئاخىرى ئائىلىسىنى ئۆمۈرلۈك قەرزگە بوغىدىغان نۇرغۇن پۇل ھېسابىغا بىر دۇكاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش مارجاندىن بىرىنى سېتىۋېلىپ، دوستىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، نۇرغۇن يىللارنى قەرز تۆلەش ئۈچۈن يوقسۇزلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، دوستى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ يىتىپ كەتكەن مارجاننىڭ ئەسلى ناھايىتى ئەرزان، ھەقىقىي مارجان ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ-دە، ھېكايە ئاخىرلىشىدۇ. يەكۈنىنى كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ئاشكارە قىسمى ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىلغان، يوشۇرۇن قىسمىدا بولسا چوڭقۇر مەنا يوشۇرۇنغان. شۇڭا بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندا، كىشى چوڭقۇر ئويغا چۆمىدۇ.

ھازىرقى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە، «شۆھرەتپەرەسلىك» خۇددى ئەيدىزدەك تېز يامرىماقتا. جەمئىيىتىمىزدە كىچىكلەردىن تارتىپ چوڭلارغىچە بۇ ئىللەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بولۇپمۇ قىزلار ئارىسىدا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتمايدىغان، باشقىلار بىلەن ئۆگىنىشتە ئەمەس، ياسىنىشتا بەسلىشىدىغان ئەھۋال خېلى ئېغىر. بۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش ھەقىقەتەن تەس. ئاددىيلىق-پېششىق يېتىلگەنلىكنىڭ بەلگىسى. بىز كۆپىنچە ھاللاردا شۇنچە كاتتا شان-شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغان، يۇقىرى ئۇنۋانلىق ، مول سۈپەت-ساپاغا ئىگە، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن، يۈرۈش-تۇرۇشىدىن ، گەپ-سۆزلىرىدىن ئاددىيلىق، كەمتەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقايمىز. ئەكسىچە، قورسىقىدىكى ئۈمىچىنىڭ تايىنى يوق، ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان ، سۆلتىنى ئات تارتالمىغۇدەك يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇستىبېشىنىڭ ناھايىتى «نوچى»لىقىنى بايقايمىز. بەلكىم «مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى بۇ ھېكايىدىكى «مارجان» تىراگېدىيەسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «ئەتراپىمىزدا 2-ماتىلدا بارمۇ-يوق؟ قانداق ئىپادىلىرى بار؟» دېگەن تېمىدا تەسىرات سۆزلەتكۈزسە، بۇ ئىللەتلەرنى يوقىتۇرۇۋالغانلار بولسا بۇ تەنقىدلەردىن خىجىل بولۇپ تۈزىتىدۇ، يوق بولسا ساقلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچى كۆز ئالدىدىكى ئاددىي-ساددا، بارىغا شۈكرى قىلىدىغان، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنى مىسال ئېلىپ، ئاددىي-ساددا ياشاش، دورامچىلىق، مودىكەشلىكتىن ساقلىنىش. شەكلەنى نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلماي، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، دۇرۇس ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە ئىشلىسە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

3) پۇلنىڭ كىشىلەر ئەخلاقىغا ئېلىپ كېلىدىغان سەلبىي رولى ئېچىپ بېرىلگەن ئەسەرلەر ئارقىلىق ،

ئوقۇغۇچىلارغا توغرا بولغان پۇل قارىشى تۇرغۇزۇش ھەققىدە تەربىيە ئىشلىگىلى بولىدۇ .

«چەت ئەل ئەدەبىياتى»دىكى بىر قىسىم ئەسەرلەردە كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى «ئاقچا مۇناسىۋىتى»گە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، پۇلنىلا تونۇيدىغان جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇنىڭغا بالزاك[5]نىڭ«گورىيو بوۋاي» رومانى، مۇپاسساننىڭ «تاغام ژيۇل» ھېكايىلىرى... تىپىك مىسال بولالايدۇ. «گورىيو بوۋاي»رومانىدا بالزاك گورىيو بوۋاينىڭ ئاتىلىق مۇھەببىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ ۋە ھېسداشلىق قىلىدۇ. گورىيو بوۋاي بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئىككى قىزىغا قىز مېلى قىلىپ بېرىۋېتىدۇ، كېيىن ھېچنېمىسى قالمىغان بۇ ئاتىنى ئىككى قىزى رەھىمسىزلەرچە ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە بوۋاي ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇپاسساننىڭ «تاغام ژيۇل» ھېكايىسىدە بولسا، ئەر ـ خوتۇن فىلىپلار چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ئىنىسى ژيۇلنىڭ بىر پارچە خېتىدىن ئۇنىڭ بېيىپ كەنلىكىنى بىلىپ، تېزراق قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ، ئۇنى پاراخوتتا قەلەندەر سىياقىدا كۆرگەندە بولسا، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ .گەرچە، بۇ ھېكايىلەر خېلى بۇرۇنلا باشقا ئەللەردىكى ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم شارائىتى ئاستىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما، ھېلىھەم بۇنداق ئامىللارنى ئەتراپىمىزدىن تېپىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. ئىككى تەڭگە تاپقىنىدىن كۆرەڭلەپ، ئاتا ـ ئانىسىنى نامرات كۆرۈپ ياراتمايدىغان، پۇللىرىنى سىرتتا بۇزۇپ ـ چاچسا چاچىدۇكى، ئۇلارنى يوقلىمايدىغان، باقمايدىغان ئىنساپسىزلارنىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۆيىدىن ئەۋەتكەن ئازغىنە پۇل ھاجىتىدىن چىقالمايۋاتقان، ئەھۋالى ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى«جەمئىيەت داشقاللىرى»نىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن دۇرۇس بولمىغان يوللار ئارقىلىق پۇل تېپىپ، تېخى «نوچى»لىقتا باشقىلار بىلەن بەسلەشكۈدەك بولغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كەلگەن چاغدىكى قىياپىتى بىلەن كەتكەن چاغدىكى ھالىتى پۈتۈنلەي باشقىچە. بۇ ئەستۇدېنتلار ئارىسىدا بولۇۋاتقان، قۇتقۇزۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر يامان ھالەت. بۇنىڭ ئۈچۈن «پۇل ھەممىگە قادىرمۇ؟» تېمىسىدا مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن پۇلغا چوقۇنۇشنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان، پۇلنى ئەمەس روھنى، دوستلۇقنى ئەلا بىلىدىغان تونۇشقا كەلتۈرۈش، پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى سۆزلەپ قايىل قىلىش كېرەك. قەدىمدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «پۇلپەرەسلىك جىنايەتنىڭ ئانىسى » دېگەن ھېكمەتنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش لازىم. دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا پۇلغا چوقۇنماسلىق، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەلا بىلىش ، شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاپ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆز خاسلىقىمىز بويىچە ئاددىي-ساددا، تېجەشلىك ياشاشتەك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بەرسەك بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.

4) بەزى ئوبرازلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى نىكولاي ئوستروۋسكى[6]نىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بۇنىڭغا ئۈلگە بولالايدۇ. رومان باش قەھرىمانى پاۋېل كورچاگىننىڭ ئوبرازى ئالىيجاناب ئەدىبىيەۋىلىك بىلەن مۇكەممەل بەدىئىيلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئاپتور پاۋېلنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەسۋىرلىگەن. كىچىككىدىن باشلاپ جاپا-مۇشەققەتتە چوڭ بولغان پاۋېل ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، نۇرغۇن شەرەپلەرگە ئېرىشىدۇ، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدىنى پالەچ، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، قىلچە بوشاشماي قەلەمنى قورال قىلىپ، يەنە باتۇرلارچە كۆرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شانلىق ھاياتىغا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مۇناسىپ يەكۈن بېرىدىغان مۇنداق ئۇلۇغ بىر ئابزاس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆزى بار: « ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە هايات، هايات ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئىنسان شۇنداق ياشىشى كېرەككى، ئۇ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىدە، ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىغان، شۇنداقلا ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن ئۇكۇنمەيدىغان بولسۇن؛ ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا: مېنىڭ پۈتكۈل هاياتىم ۋە پۈتكۈل كۈچۈم دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىش ــ ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشكە بېغىشلاندى، دېيەلەيدىغان بولسۇن» [7]. يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئۆزىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا خېلىلا داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچى پاۋېلنىڭ مېيىپ تۇرۇپمۇ هاياتىدىن ئۈمىد ئۈزمەي كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىدەك قىممەتلىك روھىنى چىڭ تۇتۇپ، «قانداق قىلغاندا چىدامىلىق، ئىرادىلىك بولغىلى بولىدۇ؟» دېگەن تېمىدا تەسىرات سۆزلەتكۈزۈپ، بىر قىسىم بوشاڭ، ئىرادىسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىغا تېگىش قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ئويغىنالايدىغان هالەتكە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. باشتا دەپ ئۆتكىنىدەك، ئىرادىسىزلەر ھەقىقەتەن ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ، مەكتىپىمىزدە بىر قىز ئوقۇغۇچى بىر دوستى بىلەن تېلېفوندا تاكاللىشىپ قالغىنىغا ياتاق بىناسىنىڭ 6-قەۋىتىدىن سەكرىگەن، بەختكە يارىشا ئامان قالغان. ئەگەر بۇ «دوت» قىزچاق ئۆلۈپ كەتسە ئاتا-ئانىسى نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى-ھە! بۇنداق ئىشلارنى يەنە يۈز بەرمەيدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پاۋېلنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى ئېغىر كۈنلىرىنى دېمىسەكمۇ، كېيىنكى مەزگىلدىكى قاتتىق جىسمانىي ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ كۈرەش قىلىش روھىنى دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ هاياتنى قىزغىن سۆيۈش، باتۇر، قەيسەر بولۇپ، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەسلىك تەربىيەسى ئىشلەش ھەقىقەتەن ئەرزىگۇدەك بىر ئىش.

5) ئوقۇغۇچىلاردا ئىلىمنى هۆرمەتلەش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن هوزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بۈيۈك تاتار ئالىمى رىزائىددىن ئىبىن فەخرىددىننىڭ «ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى» ناملىق كىتابىدا تەلىم-تەربىيە ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار: «ئىلىم-بىلىمەك دېمەكتۇر. ئىلىم سايىسىدە ھەقىقەتنى تونۇماق، ئەبەدىي بولغان هاياتقا ئېرىشمەك، دائىمىي بەختسىزلىكتىن خالاس بولماق مۇمكىن. ئىلىم بىر روھ لەززىتى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىككىنچى بىر لەززەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننى ئەڭ بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىمۇ يەنە ئىلىمدۇر. ئىلىم ئىززەتراپ ۋاقتىدا سىرداش، غۇربەتتە يولداش، خىلۋەتتە قولداش، دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغۇچى ئىشەنچلىك قورالدۇر. شاگىرتنىڭ كۆڭلىگە ئىلىم ئۈچۈن شادلىق ۋە هۆرمەت، ۋەتەن سۆيگۈسى، ئادىمىيلىك كەبى شەرەپلىك ھېسسىيات ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئۇستاز ئىقتىدارىغا قويۇلغان بىر ئامانەت. ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىمگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم قىلىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم بىلەن تەربىيەلىمەك مۇئەللىمنىڭ بىرىنچى ئىشى ھېسابلىنىدۇ.ئوقۇتقۇچى ئالتۇن بولىدىغان ئوقۇغۇچىنى تۇپراق قىلىۋېتەلەيدۇ، ھەم تۇپراق بولىدىغان ئوقۇغۇچىنى ئالتۇن قىلىۋېتەلەيدۇ» [8]. شۇڭا، دېمىز؛ ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ھەر بىر ئوقۇغۇچىنى ئىلىمگە يېتەكلەش، ئىلغار يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ زېھىن بۇلىقىنى ئېچىش بىر مۇقەددەس بۇرچ.

« چەت ئەل ئەدەبىياتى » دىكى بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ، ئوقۇغۇچىلاردا ئاڭلىق هالدىكى كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇغان نەرسىلەرنى ياخشى چۈشىنىش، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلاشقا يېتەكلەش ھەم ئەسكەرتىش لازىم. ئۇلۇغ كىتابلاردا ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە چۈشەنچە، تۇيغۇ ۋە پاراسەت ئاتا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ماتېرىياللار بار.قەدىمقى يازغۇچىلار تالاي ئەسىرلەردىن هالقىپ كېلىپ، بىز بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ، ئۇلار تىلغا ئالغان ئىنسانلار جەمئىيەتكە دائىر ئورتاق مەسىلىلەر بۈگۈنمۇ بىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەكلىپ بولالايدۇ. بۇ تەرەپلەرنى ھەرۋاقىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەمىگە سېلىپ، كىتاب ئوقۇشنىڭ بىزگە زور پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى،

ساپايىمىزنى ئۈستۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. دەرس مەزمۇنىغا ئاساسەن، كىتاب ئوقۇپ تەسىرات يېزىش تاپشۇرۇقى بېرىش ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل. مەسىلەن: ئىسپانىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر رېئالىزمچى يازغۇچىسى سېرۋانتېسنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىڭ «دون كىخوت» ناملىق رومانىدىن دون كىخوتنىڭ «تەلۋە» خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان جايلارنى تېپىپ كېلىش تاپشۇرۇقى بەرسەك، ئۇلار تەبىئىي ھالدا بۇ ئەسەرنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. دېمەك، ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب ئوقۇشنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر ئادەت ئىكەنلىكىنى، بىرگە ھەر ۋاقىت خۇشاللىق ھەم بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم.

6) بىر قىسىم چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ روھىي ۋە دۇنيا قارىشىدىكى ئىلغار تەرەپلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا توغرا بولغان ئادىمىلىك ۋە مەنىۋىلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشىلەر ماددىي جەھەتتىن ئەمەس بەلكى، مەنىۋى جەھەتتىن باي بولۇشنى ئويلايدۇ. دەرۋەقە، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى قانچىكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشىلىسىمىز، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باشقىلارغا شۇنچىلىك ياردەمدە بولالايسىز. بىرقىسىم ئۇلۇغ ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەقىل دۇردانىلىرى ئارقىلىق ، مەنىۋىيەت ئالەمىگە يورۇش قىلىپ، مەنىۋى مۇكەممەللىك ئىزدەپ، زېھنىنى سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ مەڭگۈ قانائەت قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى، ئۇلار ئارزۇلىغانلىرىنىڭ قۇربى يېتىدىغان دائىرىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئېينشتېين : «كىشىلەر توخلاتقۇ، ماشىنا ۋە ئۆي دەپ چېپىپ يۈرۈيدۇ، مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى. لېكىن، شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار بۇنداق ماددىي نەرسىلەرنى قوغلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى غايە ۋە ھەقىقەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىچكى ئەركىنلىك ۋە ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ»، دېگەن. لېۋ تولستوي[9] دۇنياغا مەشھۇر روھىي ئانالىز ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسەرلىرىدە ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىدىيەۋى تۈۋرۈك قىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ھەممىدىن كەڭ، چوڭقۇر، ماھىيەتلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقچىللىقنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ ۋە تەنقىدلەپ، «ئويغاق رېئالىزمچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. ئۇ «قەلب دىيالېكتىكىسى» دەپ ئاتىلىدىغان پسىخىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان قەلب دۇنياسىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ ، ئۆزىگە خاس پسىخىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەل يازغۇچىلىرىغا، شۇنداقلا مۇدېرنىزم ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇن ئۆلمەس ئوبرازلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. مەسىلەن: «تىرىلىش» رومانىدا، ئەر، ئايال باش قەھرىمان نېخليۇدوف بىلەن ماسلوۋانىڭ مەنىۋى جەھەتتىن تىرىلىشىنى يەنى ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى، پسىخىكىسىنى ئىنچىكە، چىن تەسۋىرلىگەن. رومانىنىڭ بىر «قەلبلەر دۇنياسى» بولالىشىنىڭ توپ سەۋەبىمۇ دەل مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ ئۆزىنىڭ «ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ- تولستوي ھېكمەتلىرىدىن كۆڭۈلگە بىر نەقىل» ناملىق كىتابىدا: «باللىق مەزگىلدىن باشلاپ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بىز مەنىۋى كۈچىمىزنىڭ ئېشىپ، جىسمانى كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى بارا- بارا ھېس قىلىمىز، روھىي يېتىلدۈرۈش كۈچ- قۇدرەت ۋە شان-شەرەپتىنمۇ مۇھىم» دېگەن. دېمەك، يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئاساسىدا ئوقۇغۇچىلارغا روھىي خامۇش كىشىلەر مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلىرى ئارىسىدا قايمۇقۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ئەكسىچە، روھىي ئويغاق ئادەم قەدەمدە بىر ھېكمەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، كۆزلەر ھېكمەت نۇرلىرى بىلەن ئېچىلسا، بىر ئۆمۈر غۇۋالىشىپ قالمايدىغانلىقى، قەلب دەرۋازىسى بىر ئۆمۈر قۇلۇپلانمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. نادانلىق بىر مىللەتنى مەڭگۈ جاھالەتتە قالدۇرىدىغان، كىشلەرنىڭ ئىچكى ساپاسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان بىر يامان كېسەل. بۇنى يەنىلا مەنىۋى دۇنيايىمىزنى بېيىتىش، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش، ئادىمىلىك خۇرۇچلىرىمىزنى كۆپەيتىش يولى بىلەن يېڭىپ

كېتەلەيمىز.

ئوقۇغۇچىلارغا «چەت ئەل ئەدەبىياتى » دەرسىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش بىلەن بىرگە، دەرس بىلەن ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى چوڭ پاكىتلارنى بەك كۆچەپ چۈشەندۈرۈپ كەتسە، ئەسەردىكى ئىدىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالالمايدۇ، ئۇلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىيالمايدۇ. ئەدەبىيات دەرسىگە ئەخلاق تەربىيەسىنى سىڭدۈرۈشتە ئوقۇتقۇچى ماتېرىيالنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنى كىشىلىك تۇرمۇش تەلىماتلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى بايقاشقا، ھېس قىلىشقا، ئۇلاردا توغرا قىممەت قاراش ، ئاكتىپ ياشاش پوزىتسىيەسى تىكلەش ۋە ئالىيجانابلىق، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىشقا يېتەكلەش لازىم.

دېمەك، «چەت ئەل ئەدەبىياتى» دەرسىدە ۋاستىلىك ئۇسۇللارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ئادىمىيلىك ساپاسىنى موللاشتۇرغىلى ، ھەر جەھەتتىن ئىدىيەۋى تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىلاردىن باشقا يەنە تەربىيە بېرىش ئۈنۈمى زور بولغان نۇرغۇن ئامىللار بار. قىسقىسى، بۇ دەرسنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان ئېستېتىكىلىق تەسىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئۇنى بىر مۇكەممەل، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەلىم-تەربىيە ئوقۇشلۇقى دېيىشكە بولىدۇ. ئاۋگۇستىن[10] ئوقۇتقۇچىلىقنى ئەڭ ئالىي ساخاۋەت، دەپ تەرىپلىگەن. شۇ ۋەجىدىن، ئوقۇتقۇچى كەمتەرلىك بىلەن ئەۋلادلارغا ياردەم بەرگۈچى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ كېيىنكىلەرنى تەربىيەلەش ھەققىدىكى ھەر بىر خالىس مېھنىتى، ئۈن-تىنسىز ئەجرى تالاي نەۋقىرانلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى نۇرلۇق ماياك بولۇپ قالغۇسى!

## ئىزاھلا

[1] مورتىمېر ئادلېر: «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005- يىلى3- ئاي 1- نەشرى، 151- بەت.

[2] دېۋېي: ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە مائارىپشۇناسى.

[3] ھومېر: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 9-ئەسىرلەردە ياشىغان يۇنانلىق ئەما شائىر.

[4] مۇپاسسان: (1850-1893) فىرانسىيەنىڭ دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچىسى.

[5] ھونورى دې بالزاك (1779-1850) فىرانسىيەنىڭ 19-ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ پىشۋاسى.

[6] نىكولاي ئوستروۋسكى، (1904-1936) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر پىرولېتارىيات يازغۇچىسى، ئىنقىلابچىسى.

[7] مۇھەممەت ئىمىن تۈزگەن «چەت ئەل ئەدەبىياتى» دەرسلىكى ياۋروپا قىسمى ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى 508-بەت

[8] رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىن: «ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005- يىلى5- ئاي1 -نەشرى، 120-بەت

[9] لېۋ تولستوي: (1828-1910) رۇسىيەنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئۇلۇغ رېئالىزمچى يازغۇچىسى.

[10] ئاۋگۇستىن، قەدىمكى رىمنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى.

## پايدىلانمىلار


1. مورتىمېر ئادلېر، «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىلى3-ئاي 1-نەشرى
2. رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىن: «ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005- يىلى 5- ئاي 1-نەشرى.
3. «دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىكلار» ( (2-قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى-ئاي 1-نەشرى.
4. «چەت ئەل ئەدەبىياتى » دەرسلىكى ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى : ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

32 ـ يىللىق 3 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 32 卷第 3 期
2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2011 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 03 ـ 098 ـ 11

# چېخوپ ھېكايىلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك مەزمۇننىڭ كومېدىيەلىك ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا*

ئابدۇغېنى ھوشۇر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپ 19 ـ ئەسىر رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، دۇنياغا مەشھۇر ھېكايە يازغۇچىسى ۋە دىراماتورگ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رۇسىيە ئىجتىمائىي رېئاللىقى ــ مۇدھىش، شەپقەتسىز ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ «ئاددىي كىشىلەر»نىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتى ئىپادىلەنگەن. بۇ ماقالىدە، چېخوپنىڭ «ھەسرەت»، «خامېلېئون»، «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى»، «غىلاپ بەندىسى»، «ۋانكا»، «ئۇخلىغۇسى كېلەتتى»، «قارىقات» قاتارلىق ھېكايىلىرى مىسال ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋىي تىراگېدىيەلەر، ھەمدە ئاپتورنىڭ بۇ خىل تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى كومېدىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەش ماھارىتى، نەزەرىيەۋى ئاساسلار ۋە تېكىست تەھلىلىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 安东 · 巴甫洛维奇 · 契诃夫是 19 世纪俄罗斯批判现实主义文学的杰出代表之一，是世界闻名的短篇小说艺术大师和戏剧家。他的小说反映了从 19 世纪末至 20 世纪初俄国社会现实，即暗淡无日的社会现实；表现了“小人物”的苦难和悲哀。本文以契诃夫的短篇小说《苦恼》、《变色龙》、《一个文官的死》、《套中人》、《万卡》、《渴睡》、《醋栗》为例，就小说中所表现的社会悲剧和精神悲剧，以及作者把悲剧内容用喜剧手法来表现的艺术技巧，结合理论依据和文本分析，加以探讨。

**Abstract:** Anton Pavlovich Chekhov is one of the most famous representatives of 19th-century Russian Critical Realism, and a world-renowned short story writer and dramaturge. His stories reflect the frightening, merciless social reality of Russia in the late 19th and early 20th centuries, and portray the sufferings and sorrows of "ordinary people". This article, taking examples from "Suffering", "Chameleon", "The Death of Chinovnik", "Servant of the Scabbard", "Vanka", "He Wanted to Sleep", "Gooseberry" and other stories by Chekhov, will combine theory and textual analysis to examine expressions in Chekhov's work of social and spiritual tragedy, as well as the author's skill in conveying this kind of tragedy by comedic means.

كىتابلارنى جۈملىگە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I1 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«كومېدىيەلىك ــ ئىپادىلىنىش ئوبيېكتىنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكىل، ماھىيەت بىلەن ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغان، ئەمما كىشىنى كۈلدۈرىدىغان، ھەمدە كۈلكە ۋاستىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدۇغېنى ھوشۇر (1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور. چەت ئەل ئەدەبىياتى، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

uyghurkitap.com



ئىنكار قىلىدىغان ياكى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيە.»[1] . ئۇ، كومېدىيە ۋە باشقا شەكىلدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولۇشى مۇمكىن بولغان خاسلىقتۇر. 19-ئەسىر رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، دۇنياغا مەشھۇر ھېكايە يازغۇچىسى ۋە دراماتورگ ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپ (1860-1904) ئىجادىيىتىنى مۇشۇ خىل خاسلىقتا ئىگە ئىجادىيەت دېيىشكە بولىدۇ. چېخوپ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى بايانلاردا: ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى يانچىلىق تۈزۈم ئىسلاھاتىدىن 1905-يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رۇسىيە جەمئىيىتىدىكى قاششاقلىق، رەزىللىك، شەپقەتسىزلىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى؛ سەھىيسى ئىنچام، ۋەقەلىكى ئاددىي، تىلى تاۋلانغان، ئوبرازلىرى جانلىق بولۇشتەك بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى... قاتارلىق مەزمۇنلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. دەرۋەقە بۇلارنىڭ ھەممىسى چېخوپ ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن پەقەت بۇلارلا ئۇنىڭ ئۇچۇن كۇپايە قىلمايدۇ. چېخوپ ھېكايىلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشى، يەنە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى كومېدىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر بولغانلىقىدا.

چار رۇسىيە مۇستەبىت تۈزۈمى دەۋرىدە، «كۈچلۈكلەر ئۆكتەم ھەم ھۆرۈن، ئاجىزلار نادان، يەنە كېلىپ ھايۋاندەك ياشايدۇ، ھەممىلا يەردە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك نامراتلىق، قىستاڭچىلىق، چۈشكۈنلۈك، ھاراقكەشلىك، يالغان ئالىيجانابلىق، ساختىپەزلىك ھۆكۈم سۈرگەن...» («قارىقات» ناملىق ھېكايىدىن) بولۇپ، بۇ خىل قاراڭغۇ رېئاللىق ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ۋە ھاياتىنى تۇنجۇقتۇرغانىدى. كىچىككىدىن تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، دوختۇرلۇق قىلىش جەريانىدا ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ۋە رېئاللىققا نىسبەتەن سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ھېكايە ئۇستىسى چېخوپ، رېئاللىقتىكى مەسىلىلەر، جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەر ۋە ئاددىي خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق كۆپلىگەن ھېكايىلەرنى يازغان.

چېخوپنىڭ ھەر بىر پارچە ھېكايىسى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى رۇسىيە تۇرمۇش رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىچىك تىراگېدىيە بولۇپ، ئوخشىمىغان تەرەپتىكى ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىچىك تۇرمۇش تىراگېدىيەلىرى، كاپىتالىستىك ئامىللار مەنىۋىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كۆپلىگەن ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن، فېئودال يانچىلىق تۈزۈم قالدۇقلىرىنىڭ زۇلمى يەنىلا نىسبەتەن ئېغىر بولۇۋاتقان دەۋردىكى رەزىللىك، شەپقەتسىزلىك، قاششاقلىق، نادانلىق، چاكىنىلىق، مەنىسىزلىك، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، قايغۇ-ھەسرەتلىك قاراڭغۇ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چوڭ تىراگېدىيەلىك كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلغان.

«ئەمدى بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ!» غانلىقىنى، كونا تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەمدەك ياشاشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن چېخوپ، ھېكايىلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ شەپقەتسىز رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى ۋە غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىغان، كىشىلەر ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىغا ئىلھام بەرگەن، يېڭى تۇرمۇش ئۇستىدە ئىزدەنگەن. بۇ چېخوپنىڭ تۇرمۇش تىراگېدىيەلىرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى بولۇپ، مۇشۇنداق ئاساسىي مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ھېكايە ئۇستىسى چېخوپ، ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە پېششەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، تۇرمۇشتىكى تىراگېدىيەلەرنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كومېدىيەلىك

شەكلىنى تېپىپ چىقىپ، تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى كومېدىيىلىك شەكىل بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن.

## 1 . كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك ۋەقەلەر تاللىۋېلىنىپ، يۇمۇرىستىك كۈلكە ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى يىرگىنچلىك ئادەملەر ۋە ئىشلار مەسخىرە قىلىنغان

«يۇمۇر بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى بىر خىل يەڭگىل، قىزىقارلىق شەكىل. ئۇنىڭدا بىشارەت بېرىش، دارىتمىلاش، مەسخىرە قىلىش، قوش بىسلىق سۆز دېگەندەك ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ھېسداشلىق مەقسىتىدە رېئال تۇرمۇشتىكى بىمەنە، ئەقىلگە سىغمايدىغان تەرەپلەر تەنقىد قىلىنىدۇ ۋە ئېچىپ تاشلىنىدۇ. شەيئى تەرەققىي قىلىپ ھالقىلىق جايغا كەلگەندە، ئەپچىل، كىشى ئويلاپ يەتمىگەن سۆزلەر ئارقىلىق زىددىيەتنى ئاشكارىلاپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ، تەنقىد قىلىش، ئاشكارىلاش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ»[2] . ئالېكساندىرIII ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردىكى شەپقەتسىز رېئاللىقتىن قاتتىق نارازى بولغان چېخوپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك ۋەقەلەرنى تاللىۋېلىپ، يۇمۇرىستىك ئۇسۇل ئارقىلىق شەپقەتسىز ۋە چاكىنا شەيئىلەرنىڭ تىراگېدىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن. ئەينى دەۋر رېئاللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتنى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ شەپقەتسىز، يىرگىنچلىك ئادەم ۋە ئىشلارنى مەسخىرە قىلغان ۋە قامچىلىغان. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئاددىي كۈلكە ئىچىدىن ئاچچىق كۆز يېشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ھەسرەت» ناملىق ھېكايىدە، قېرى كىراكەش ئىيونانىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قەلبىدىكى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى سۆزلەپ بەرگۇدەك ئادەم تاپالماي، كىچىك بايتىلىغا سۆزلەپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭغا پۇخادىن چىققۇچە دەرد تۆككەنلىكى يېزىلغان. بۇ ۋەقە قارىماققا كۈلكىلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇرمەننىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا يېزىلغىنى ئادەم بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتتۇر. بىر سوغۇق قىش كېچىسى، قېرى كىراكەش ئىيونا خېرىدار ساقلاپ كوچا ئېغىزىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ، ئاران دېگەندە بىر ئوفىتسېر كېلىپ ئۇنىڭ ھارۋىسىغا كىرا قىلىدۇ. ئىيونا يول بويى ئوفىتسېرغا ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئوفىتسېر «ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى». ئىيونا ئوفىتسېرنى بارار جايغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ نەپەر ياشنى كىرا قىلىدۇ. ئىيونا يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلارغا دەردىنى تۆكۈۋالماقچى بولۇپ: « مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە... ھېلىقى... ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى!» دېيىشىگە، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: «ھەممىمىز ئۆلىمىز... قېنى ھەيدە، تېزرەك ھەيدە!» دەيدۇ. ئۇ نەچچە قېتىم بىرەر ئادەمگە قەلبىدىكى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ. «ئىيونانىڭ كۆزلىرى تەشۋىش، ئەلەم ئىچىدە كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە كېتىۋاتقان خالايىققا يۈگۈرەتتى؛ ئاشۇ مىڭلارچە ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىگە قۇلاق سالىدىغان بىرەر كىشى چىقماسمۇ؟ لېكىن بۇ ئادەملەر نە ئۇنىڭ ئۆزىنى، نە ئۇنىڭ قايغۇسىنى بايقىمىغاندەك ئۆتۈشمەكتە...» ئىدى. ئۇ يەنە ئىككى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئاخىرى ئۇ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ، ئات ئېغىلىغا كىرىپ ئوت ـ چۆپ يەۋاتقان كىچىك بايتىلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ دەردىنى تۆكىدۇ: «... مەسىلەن، ئېيتايلۇق، سېنىڭ قۇلۇنۇڭ بار، سەن ئۇنىڭ تۇغقان ئانىسى سەن... ئېيتايلۇق، تۇيۇقسىز قۇلۇنۇڭ سېنى داغدا قويۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟...» ئۇنىڭ ھەسرەتلىك دەرد تۆكۈشلىرى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىقكى، ئوقۇغان كىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆزلىرىگە ئاچچىق ياش تولىدۇ. ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بەختسىزلىك قېرى كىراكەش ئىيونانىڭ قەلبىنى ئازابلىغان بولسا، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە ئېتىبارسىز قاراشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق بولۇپ سانجىلىدۇ، ئۇنىڭ دەرد-ئەلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ھېكايىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى بۇ ۋەقەنىڭ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بەكرەك ھېس قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن پېرسوناژلىرى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ھېكايىدە ئىپادىلەنگەن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ خىل سوغۇق ۋە ھېسداشلىقسىز مۇناسىۋەت كىشىنى چۆچۈتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان كىراكەش ئىيونا ھەتتا كىچىككىنە تەسەللىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. چېخوپ ھېكايىدە، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە شەپقەتسىزلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىچارە ۋە باشپاناھسىزلىق ئىچىدىكى تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ؛ تېخىمۇ مۇھىمى چار پادىشاھ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش ھادىسىسىنى رېئالىستىك ئۇسۇل بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ.

«خامېلېئون» ھېكايىسىدە، سالاپەتلىك ساقچى نازارەتچىسى ئوچۇمىلوۋنىڭ ئىت چىشلىۋېلىش ۋەقەسىدەك كىچىككىنە بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، كەينى-كەينىدىن نەچچە قېتىم پوزىتسىيە ئۆزگەرتكەنلىك ۋەقەسى يېزىلغان. ئوچۇمىلوۋ دەسلەپىدە ئىت چىشلىۋالغان زەرگەر خرىيۇكىن تەرەپتە تۇرۇپ: «ياخشى... كىمنىڭ ئىتى؟ مەن بۇ ئىشنى مۇنداق قالدۇرمايمەن. مەن سىلەرگە ئىتلارنى بوش قويۇۋېتىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىمەن! ... ئۇ ئەبلەخلەرگە بىر جەرىمانە قويىدىغان بولسام، كوچىدا تېنەپ يۈرگەن ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ! مەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغاننى كۆرسىتىمەن! ... سەن بۇ ئىتنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئارخىپ ياز! ئىتنى بولسا يوق قىلىش كېرەك. ... بۇ ئىت بەلكى غالجىردۇر...» دەيدۇ كىشىلەرگە پوپوزا قىلىپ. ئارىدىن بىرسى بۇ ئىتنى «ئېھتىمال، گېنېرال ژىگالوۋنىڭ ئىتى بولسا كېرەك» دېگەندە، ئۇ ئىت شۇ ھامانلا ئوچۇمىلوۋنىڭ كۆز ئالدىدا «قىممەتلىك ئىت»، نازۇك ھايۋانغا ئايلىنىدۇ-دە، پوزىتسىيەسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، «... ئۇ سېنى قانداق قىلىپ چىشلىۋالدى؟ ... ئادەمنىڭ بارمىقىغا كۈچۈكنىڭ بويى قانداق يېتىدۇ؟ ئۇ كىچىككىنە، سەن بولساڭ قانداق زور ئادەمسەن! سەن بەلكى بارمىقىڭنى مىخ بىلەن تېشىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن كۈچۈكنى باھانە قىلىۋاتقاندۇرسەن. سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭ ھەممىگە مەلۇم. سەن ھارامزادىلەرنى بىلىمەن» دەپ خرىيۇكىنغا ۋارقىرايدۇ. يەنە ئارىدىن بىرى، «ياق، بۇ گېنېرالنىڭ ئىتى ئەمەس...گېنېرالدا مۇنداق ئىتلار يوق. ئۇنىڭ ئىتلىرىنىڭ تولىسى ئوۋچى ئىتلار،...» دېگەندە، ئوچۇمىلوۋ پوزىتسىيەسىنى يەنە بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، «مەن ئۆزۈممۇ بىلىمەن. گېنېرالنىڭ ئىتلىرى قىممەت باھالىق ئېسىل ئىتلار. مۇشۇمۇ ئىتمۇ! يە يۇڭى يوق، يە تۇرى... پەقەت بىر ئېپلاس نەرسە... شۇنداق ئىتنىمۇ باقامدۇ؟! سىلەردە ئەقىل بارمۇ؟ مۇنداق ئىتنى پېتربۇرگ ياكى موسكۋاغا ئاپىرىپ كۆرۈڭلار، نېمە بولىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىسىلەر، ئۇ يەردە مۇنداقلارنى قانۇنغا قاراپ تۇرماستىن، بىردىنلا ئۇجۇقتۇرغان بولار ئىدى! سەن، خرىيۇكىن، خېلى ئازاب چېكىپسەن، سەن بۇ ئىشنى ئېتىبارسىز قالدۇرما! ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك! ۋاقىت يەتتى......» دەيدۇ يەنە خرىيۇكىن تەرىپىگە ئۆتۈپ. ئارىدىن يەنە بىرى، «بەلكى گېنېرالنىڭكىدۇر.... مەن يېقىندا گېنېرالنىڭ ھويلىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىتنى كۆرگەنىدىم» دەيدۇ؛ يەنە بىرى، «راست ئېيتىدۇ، گېنېرالنىڭ بولۇشى كېرەك...» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوچۇمىلوۋ يەنە پوزىتسىيەسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، «... يىلدىرىن ئۇكام،.... سەن ئىتنى گېنېرالنىڭ

ئالدىغا ئاپىرىپ سورا! ئىتنى مېنىڭ تېپىپ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيتقىن... ئۇنى كوچىغا چىقارمىسۇن، شۇنىمۇ ئېيت! بەلكى ئۇ قىممەت باھالىق ئىتتۇر، ئەگەر ھەر بىر توڭگۇز ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تاماكىنىڭ چوغىنى يېقىۋېرىدىغان بولسا، ئىت چاپسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىت دېگەن ئۇ نازۇك ھايۋان...» دەيدۇ ۋە ئىت چىشلىۋالغان زەرگەر خىريۇكىننى ئەيىبلەيدۇ. كېيىن يەنە گېنېرالنىڭ ئاشپېزىدىن سوراپ كۆرۈپ، بۇ ئىتنىڭ گېنېرالنىڭ ئىتى ئەمەسلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوچۇملوۋ يەنە پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، «بۇ ئۆزى لالما ئىت! بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ كېرىكى يوق... مەن لالما ئىت دەپ ئېيتتىمغۇ، دېمەك لالما ئىت... ئۆلتۈرۈش كېرەك، مانا شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام» دەيدۇ ئاچچىقلاپ. گېنېرالنىڭ ئاشپېزى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «بۇ بىزنىڭ ئەمەس، ... بۇ گېنېرالنىڭ يېقىندا كەلگەن ئىنىسىنىڭ ئىتى...» دېگەندە، ئوچۇملوۋ پوزىتسىيەسىنى يەنە ئۆزگەرتىپ، مۇلايىملىق بىلەن «بۇنى قارا، ... بۇ ئىت شۇ مېھماننىڭ ئىكەن ـ دە؟ ناھايىتى خۇرسەنمەن... بۇنى ئېلىپ كېتەيلى... خېلىلا ياخشى كۈچۈك كۆرۈنىدۇ...» دەيدۇ. ئاخىرىدا، خىريۇكىننى قورقىتىپ: «ئالدىرىما، ئەدىپىڭنى بېرىمەن تېخى!» دەپ ۋارقىرايدۇ ـ دە، يولىغا كېتىپ قالىدۇ.

ھېكايىدە، يۇمۇرىستىك ئۇسۇل بىلەن ساقچى نازارەتچىسى ئوچۇملوۋنىڭ ئۆزگىرىشكە ماھىرلىقى ئىنتايىن كۈلكىلىك، شۇنداقلا يەنە ئىنتايىن يىرگىنچلىك تەسۋىرلەنگەن. ئوچۇملوۋ چار پادىشاھ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىر غالچىسىنىڭ ئوبرازى، سېپى ئۆزىدىن بىر خامېلېئون. ئۇ پۇلى ۋە ھوقۇقى بار ئاقسۆڭەكلەر ئالدىدا قوللارچە ئېگىلىپ قىلمىغىنى قالمايدۇ، ھەتتا بېگىمنىڭ ئىتىمۇ ئۇنىڭ خۇشامەت ئوبيېكتى بولىدۇ؛ پۇقرالار ئالدىدا بولسا ياۋۇزلۇقىنى ئاشكارىلاپ، بولۇشىچە زومىگەرلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك: تۆۋەننى بوزەك قىلىپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىش، شامالغا قاراپ ئۆزگىرىش. ئەينى دەۋردە، دەل ئوچۇملوۋغا ئوخشاش پۇرسەتپەرەس، خۇشامەتچى، يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى باسىدىغان چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غالچىلىرى، خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن، رۇسىيە خەلقىگە ساناپ تۈگەتكۈسىز چوڭ ـ كىچىك تۇرمۇش تىراگېدىيەلىرىنى پەيدا قىلغان. ھېكايىدىكى بۇ خىل كىنايىلىك دارىتمىلانغان يۇمۇرلۇق كۈلكە ماتېرىياللىرى، تۇرمۇش تىراگېدىيەلىرىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى قاراڭغۇ، شەپقەتسىز رېئاللىقنى، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىتلىكىنى، بولۇپمۇ خەلققە ئازاب سالغان ئوچۇملوۋغا ئوخشاش چار پادىشاھ غالچىلىرىنىڭ يىرگىنچلىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلغان ۋە قويۇق يۇمۇرىستىك كۈلكە ئارقىلىق كۈچلۈك مەسخىرە قىلغان.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چېخوپ بىر ئىنسانپەرۋەر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادىمىيەت مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇ ھېكايىدىكى ساقچى نازارەتچىسى ئوچۇملوۋ ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇنى يەنە ئەينى دەۋردىكى ئادىمىيەت تىراگېدىيەسى ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت تىراگېدىيەسىنى پەيدا قىلغۇچى ۋە ئىپادىلىگۈچى سۈپىتىدىمۇ تەسۋىرلىگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ساقچى نازارەتچىسى ئوچۇملوۋ ئادىمىيلىكىنى يوقاتقان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى دەپسەندە قىلغان، باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان، غالچىلىق بىلەن جان بېقىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان، ئىنسانىي تۇيغۇدىن ياتلاشقان شەخس. ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق بىر تەرەپتىن چار پادىشاھ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، شەپقەتسىزلىكى ۋە چىرىكلىكىنى پاش قىلسا، بىر تەرەپتىن چار پادىشاھ ئەمەلدار غالچىلىرىنىڭ ئۆكتەملىكى ۋە زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى

ئېچىپ تاشلىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەڭ مۇھىم بولغىنى چار پادىشاھ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ئادەملەردە ئادىمىيلىكنى يوقىتىۋەتكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان ۋە كۈچلۈك تەنقىد قىلغان.

## 2. كىچىككىنە ئىشلاردىكى تىراگېدىيەلىك ئەھۋاللار ھەجۋىي رەسىم شەكلىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىنىپ، چاكىنىلىق، قورقۇنچاقلىق پىسخىكىسى مەسخىرە قىلىنغان

«مۇبالىغە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇش ئاساس قىلىنىپ، مول تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوبرازلاشتۇرۇلغان تىل ئارقىلىق يەنىمۇ مۇبالىغە قىلىپ، شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەدىئىي ئۈنۈمنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ... ھەم قىزىقارلىق بولۇش، ھەم ئەقىلغا سىغىدىغان بولۇش»[3] تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇبالىغىلەشتۈرۈش كومېدىيەدىكى مۇھىم ۋاستە، لېكىن ئۇ تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلسا، ئوخشاشلا گەۋدىلەندۈرۈش ۋە چوڭايتىش رولىنى ئوينايدۇ. چېخوپ تۇرمۇشتا ئاسان بايقىغىلى بولمايدىغان، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىككىنە ئىشلاردىكى تىراگېدىيەلىك ئەھۋاللارنى ھەجۋىي رەسىم شەكلىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، چاكىنىلىق، قورقۇنچاقلىق، قۇلچىلىق پىسخىكىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە مەسخىرە قىلغان.

«چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن مەركىزىي پېرسوناژ چېرۋەكوپ، تىياتىر كۆرۈۋېتىپ تاسادىپىي چۈشكۈرۈپ سالىدۇ، ئۇنىڭ چۈشكۈرۈكى ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان گېنېرالنىڭ پاينەك بېشىغا چاچراپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە چۈشكۈرۈش چوڭ ئىش ئەمەس، ھەر قانداق ئادەم چۈشكۈرىدۇ، بىراق بۇ كىچىككىنە ئىش چېرۋەكوپنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ، ئۇ ئارقا-ئارقىدىن گېنېرالغا خۇشامەت قىلىپ، ناماقۇل بولىدۇ. ئۇ، جانابىي گېنېرال مېنى كەچۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى تانابىمنى تارتىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ، كۆڭلىدە دەككە-دۈككىدە يۈرۈيدۇ، ماڭدامدا نەچچە قېتىم ئەپۇ سوراپ گېنېرالنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن بىزار بولغان گېنېرال ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ، «يوقال كۆزۈمدىن!... يوقال دەيمەن!» دەپ ۋارقىرايدۇ. چېرۋەكوپ قورقۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. قارىماققا، ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى بىمەنىدەك قىلىسمۇ، بىراق، بۇ ۋەقە چېرۋەكوپ تىراگېدىيەسىنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى ۋە غەزىپىنى قوزغايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، چېرۋەكوپ ئەنە شۇنداق نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيلا ئۆلۈپ قالىدۇ، بىچارىلىكتىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ... شۇنداق، ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئادەملەرنى ئەشۇنداق ئەخمەق قىلاتتى، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىككىنە ئىشلارمۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتەلەيتتى، كۈلەي دېسەڭ كۈلەلمەيدىغان، يىغلاي دېسەڭ يىغلىيالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. چېرۋەكوپنىڭ قۇلچىلىق خاراكتېرى، كاتتا ئەربابلاردىن قورقۇشى، ھوقۇق-ئىمتىيازدىن قورقۇشى، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشى، ئۆزىنى كەمسىتىشى، بېشىغا بالا-قازا كېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ كۆڭلىدە دەككە-دۈككىدە يۈرۈشى... تولىمۇ كۈلكىلىك، شۇنداقلا يەنە تولىمۇ ئېچىنىشلىق. مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر، چار رۇسىيە مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر روھىي بېسىمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. چېرۋەكوپنىڭ ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە بىر پەردىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىراگېدىيەسى بولۇپ، بۇ خىل كۆپتۈرۈلگەن تۇرمۇش تىراگېدىيەسى كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى كۆپتۈرۈلگەن دەپ ئويلىمايلا قالماي، ئەكسىچە، ناھايىتى چىن دەپ قارايدۇ. ئۇ،

كىشىلەردە ھېسداشلىق، ئېچىنىش ھەتتا ۋەھىمە پەيدا قىلالايدۇ. دەرۋەقە، ھېكايىدىكى بىر قېتىملىق چۈشكۈرۈش، بىرنەچچە تامچە چۈشكۈرۈكنىڭ چېرۋەكوپ تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ. چېرۋەكوپنىڭ رايىشلىقى ھەم قۇلچىلىقىدىن ئىختىيارسىز كۈلمىز، لېكىن، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ھېكايىدىكى بۇ ۋەقە بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئەجەبا، چېرۋەكوپنىڭ بۇ خىل قۇلچىلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن سەۋەبكار زوراۋان چار پادىشاھ مۇستەبىت تۈزۈمى ئەمەسمۇ؟ قارىماققا، چېرۋەكوپنىڭ ئۆلۈمگە ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھادىسىسىنىڭ كەينىدە ھوقۇق-ئىمتىيازغا ئىگە گېنېرالنىڭ چېرۋەكوپنى روھىي جەھەتتىن بەربات قىلغانلىقى يوشۇرۇنغان. چېرۋەكوپ چوڭ ئەربابتىن قورقۇش، قۇلچىلىق پسىخىكىسى تۈپەيلىدىن ئۆلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ خىل قۇلچىلىق پسىخىكىسىنى، دەل چوڭ ئەربابلار ئۇزۇن مۇددەت ئېزىپ ۋە قورقۇتۇپ كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چېرۋەكوپنىڭ بۇ خىل چاكىنىلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە قۇلچىلىق پسىخىكىسىنى، چار رۇسىيە مۇستەبىت تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋىي تىراگېدىيە ــ يەنى ئادىيمەت تىراگېدىيەسى، ئىنسانىي قەدىر-قىممەت تىراگېدىيەسى، ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ياتلىشىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھېكايىدە، ھەجۋى رەسىم شەكلىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنىڭ رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئەسەرنى قويۇق كومېدىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان.

چېخوپ قوللانغان ھەجۋىي رەسىم شەكلىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى، پەقەت ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك مەزمۇن جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە تىراگېدىيەلىك پېرسوناژلارنىڭ پورترېت تەسۋىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «غىلاپ بەندىسى» ناملىق ھېكايىدە، بىلىكوپ مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئۇ ھەقىقەتەن غەلىتىلا بىر ئادەم، ھاۋا شۇنچە ئوچۇق كۈنلىرىمۇ كالاچ كىيىپ، كۈنلۈك تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق پەلتۇ كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ كۈنلۈكنى ھامان ئۇنىڭ قاپچۇقىغا سېلىپ قوياتتى. سائىتىنىمۇ سېرىق تېرىدىن تىكىلگەن قاپچۇققا سېلىپ قوياتتى؛ قېرىنداش ئۇچلايدىغان قەلەمتىراچىمۇ غىلاپ ئىچىدە تۇراتتى؛ ئۇ ھەر قاچان ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يۈزىنى ياقىسى بىلەن توسۇپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يۈزىمۇ غىلاپ ئىچىدە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قارا كۆزەينەك تاقاپ، يۇڭ پوپايكا كىيىپ، قۇلىقىغا پاختا تىقىپ يۈرەتتى ۋە خادىكقا چۈشكىنىدە، سايىۋەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇيتتى». بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھېكايىدە ئاپتور بىر نەپەر كۈلكىلىك ھەم بىچارە «غىلاپ بەندىسى» ئوبرازىنى ئەنە شۇنداق ھەجۋى رەسىم شەكلىدە ئىخچام سۈرەتلىگەن. بۇ خىل يىرگىنچلىك كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ ۋە ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ھېكايىدە، بىلىكوپنىڭ چاكىنىلىقى، قورقۇنچاقلىقى ۋە مۇتەئەسسىپلىكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پورترېتىدا خۇددى ھەجۋى رەسىمگە ئوخشاش ئەشۇنداق ناھايىتى كۈلكىلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى مۇدھىش رېئاللىق ۋە بۇ رېئاللىقتىكى «غىلاپ بەندە» لىرى مەسخىرە قىلىنغان ۋە قامچىلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گۇمانىست يازغۇچى چېخوپ بىر تەرەپتىن چار رۇسىيە مۇستەبىت تۈزۈمى دەۋرىدىكى مۇدھىش ئىجتىمائىي رېئاللىقنى قامچىلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئاددىي كىشىلەرنىڭ مەنىۋىي تىراگېدىيەسىنى ـ ـ ئۇلاردىكى چاكىنىلىق، قورقۇنچاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە قۇلچىلىق... قاتارلىقلارنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئېچىپ تاشلىغان ۋە مەسخىرە قىلغان. بۇ خىل تىراگېدىيەنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئەينى دەۋردىكى

www.uyghurkitap.com



مۇدھىش ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «ئەمدى بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ!» غانلىقىنى، يېڭى تۇرمۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كىشىلەرگە ئادىمىيلىكنى، ئادىمىي قەدىر-قىممەت ۋە ئادىمىي ئىززەت-ھۆرمەتنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرغان.

## 3. سېلىشتۇرۇش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كەيپىيات قويۇقلاشتۇرۇلغان، تىراگېدىيەلىك ئۈنۈم تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان

چېخوپ سېلىشتۇرۇش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىغا ماھىر. ئۇ دائىم پېرسوناژلار غايىسىدىكى گۈزەللىك بىلەن رېئال تۇرمۇشتىكى رەزىللىكنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ، قاباھەتلىك رېئال تۇرمۇش ئىچىدە غايىنىڭ بەربات قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ. ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئادەمنى بۇرۇختۇم قىلىدىغان رۇسىيە ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىكى تەڭسىزلىكلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلغان، ئەينى دەۋردىكى شەپقەتسىز رېئاللىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادىمىيەت تىراگېدىيەسىنى ئېچىپ بەرگەن.

«ئۇخلىغۇسى كېلەتتى» ناملىق ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن كىچىك بالا باققۇچى ۋاركا، گەرچە 13 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىراق، چوڭلارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكىدەك ئېغىر ئىشلارنى قىلىدۇ. كۈندۈزلىرى قاچا-قۇچا يۇيۇش، ئۆي تازىلاش، ئوتۇن يېرىش، ئوتۇن سېتىۋېلىش ... قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا؛ كېچىلىرى خوجايىنىنىڭ بالىسىغا قارايدۇ، تۈن بويى كىرپىك قاقماي سەگۈنچەك تەۋرىتىپ چىقىدۇ. ئۇ تىنچقىنا قېنىپ بىر ئۇخلىۋېلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما بالا تولا يىغلاپ ئۇنى ئۇخلاتمايدۇ، ئۇ تىنچقىنا قېنىپ بىر ئۇخلىۋېلىشتەك كىچىككىنە ئارزۇسىغىمۇ يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتا ھالدا، سەگۈنچەكتىكى بوۋاقنى ئۇخلاشقا يول قويمىغان «دۈشمەن» دەپ قاراپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ»، قېنىپ بىر ئۇخلىۋېلىش كىچىككىنە بىر ئارزۇ بولسىمۇ، لېكىن رېئال تۇرمۇش ئەشۇنداق رەھىمسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىمۇ ناھايىتى تەس بولىدۇ. رېئاللىق ۋاركانىڭ ئارزۇسىنى بىت-چىت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتكە ئېلىپ بارىدۇ. كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغان بۇ كىچىككىنە ۋەقە، ھېكايىنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى، شەپقەتسىز رېئاللىق 13 ياشلىق قىز ۋاركانى كىچىككىنە ئارزۇسىغىمۇ يەتكۈزمەي، چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزىدۇ. مانا بۇ ئەينى دەۋر رېئاللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىراگېدىيەسى. لېكىن ئەسەر ئۈستىدە ئىنچىكىلەپ تەھلىل يۈرگۈزسەك، كىشىنى چۆچۈتىدىغان يەنە بىر تىراگېدىيەنى — يەنى مەنىۋى تىراگېدىيەنى كۆرۈۋالالايمىز. 13ياشلىق ۋاركانىڭ قېنىپ بىر ئۇخلىۋېلىشقا يول قويمىغان «دۈشمەن» كېچىچە يىغلاپ چىقىدىغان سەگۈنچەكتىكى بوۋاق دەپ قارىشى بىز دەۋاتقان مەنىۋى تىراگېدىيە — يەنى شەپقەتسىز رېئاللىق سەۋەبچى بولغان ئادىمىيەت تىراگېدىيەسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەينى دەۋردىكى چار پادىشاھ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەشۇ مۇدھىش-شەپقەتسىز رېئاللىق ۋاركادەك ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن كىچىككىنە بىر قىزچاقنىڭ ئادىمىيىتىنىمۇ تۇنجۇقتۇرىۋەتكەن. قارىماققا كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغان، ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ھېكايىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەمۇ دەل مانا شۇ يەردە. قاراڭلار، ئاشۇ دەۋردە كىچىك ۋاركا «ئازراق ئۇخلىۋېلىش» ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك زور بەدەل تۆلىگەن-ھە!

«ۋانكا» ناملىق ھېكايىدە، ئەمدىلا 9 ياشقا كىرگەن ۋانكا، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ شەھەرگە كىرىپ شاگىرت بولىدۇ، تۈرلۈك جەبرى-جاپالارنى چېكىدۇ، بوزەك قىلىنىدۇ، خوجايىنىنىڭ تىل-ئاھانىتىگە ئۇچرايدۇ، خوجايىنىدىن تاياق يەيدۇ، ئۇستاملار يەنە تېخى ئۇنى مازاق قىلىشىدۇ. ئۇ بۇنداق تۇرمۇشنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بەكلا ئارزۇ قىلىدۇ. روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ھارپا كېچىسى، ۋانكا بىر ۋاراق پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى يېيىپ ئولتۇرۇپ بوۋىسىغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئازابلىق تۇرمۇشنى بايان قىلىدۇ. ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ، كونۋېرتىنىڭ ئۈستىگە «يېزىدا تۇرغۇچى بوۋامغا تەگسۇن» دەپ يازىدۇ-دە، «ھېچكىمنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي، ئارامخۇدا خەت يېزىۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ...ئەڭ يېقىن پوچتا ساندۇقىغا چېپىپ بېرىپ، قىممەت باھالىق خېتىنى ساندۇققا» سېلىۋېتىپ قايتىپ كېلىدۇ-دە، شېرىن ئارزۇلار بىلەن تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ. «چۈشىدە تام مېشىنى كۆردى. مەشنىڭ ئۈستىدە بوۋىسى يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، ئاشپەز ئاياللارغا خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقانمىش ... ». بۇ يەردە ۋانكانىڭ خېتىنىڭ بوۋىسىنىڭ قولىغا ئەسلا تەگمەيدىغانلىقىنى دېمەيلى، ھەتتا ۋانكا ئادرېسنى ناھايىتى ئېنىق يېزىپ خەت تەگكەن تەقدىردىمۇ، بوۋىسىنىڭ ئۇنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالىشى يەنىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر بوۋىسىنىڭ تۇرمۇشى سەل-پەل يامان ئەمەس بولغان بولسا ئىدى، دەسلىپىدىلا كىچىك ۋانكانى جاپا تارتقۇزمايتتى. ۋانكا بوۋىسىغا يازغان خەتنى خەت ساندۇقىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغان ھالدا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، ئوقۇرمەنلەر دەل ئۇنىڭ غۇۋا، ئېنىق بولمىغان كەلگۈسىدىن ئازابلىنىدۇ. ھېكايىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ خىيال قىلغان ئارزۇ شاد-خوراملىققا تولغان شېرىن ئارزۇ بولغان بولسا، ئۇ تۇرۇۋاتقان رېئاللىقتىكى تۇرمۇش ئېچىنىشلىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىك ئىدى. بۇ يەردە، ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنىپ، شەپقەتسىز رېئاللىق قامچىلانغان، سېلىشتۇرمىنىڭ ئۈنۈمى تەبىئىي، روشەن ۋە كۈچلۈك بولغان.

چېخوپ ھېكايىلىرىدە يەنە، ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى پېرسوناژلار بىرگە قويۇپ تەسۋىرلىنىپ سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىراگېدىيەلىك پېرسوناژ تېخىمۇ تىراگېدىيەلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

«غىلاپ بەندىسى»[4] ناملىق ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن بېلىكوپ، ئادەتتىكى نورمال ھالەتتىن ھالقىپ كەتكەن ئادەم ۋە ئىشلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، كۈنبويى بىر «چاتاق» چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دەككە-دۈككىدە يۈرۈيدىغان، قورقۇنچاق، جاھىل، مۇتەئەسسىپ، يېڭى شەيئىلەرگە جېنىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، خۇددى قۇلۇلىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ پوستىغا كىرىپ يېتىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان كۈلكىلىك شەخس. چېخوپ ھېكايىدە بېلىكوپنى شۇنداق تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە يەنە، ئىدىيەسى ئىلغار، كونا ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلارغا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغان، سۆزلەشكە، ئىشلەشكە جۈرئەتلىك بولغان ۋارېنكا ئاكا-سىڭىل ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىدۇ. ۋارېنكا ئاكا-سىڭىللار بىللە ۋېلىسىپىت مىنىدۇ، سەيلى قىلىشىدۇ، ئەركىن-ئازادە كۈلۈشۈپ يۈرۈشىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار، ھەتتا مەكتەپ مۇدىرىمۇ قورقىدىغان، «ئوتتۇرا مەكتەپنى، ... ئوتتۇرا مەكتەپنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر شەھەرنى» «تولۇق ئون بەش يىل ئۆز قولىدا» ئويناتقان، ھەتتا شەھەردىكىلەرمۇ قورقىدىغان بېلىكوپقا گەپ ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؛ بېلىكوپنى بىنانىڭ پەشتىقىدىن پەسكە ئىتتىرىۋېتەلەيدۇ، يۈرەكلىك ھالدا مەسخىرە قىلالايدۇ. مانا شۇ بىر ئىتتىرىش، بىر كۈلكە بىلەن بېلىكوپ جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھېكايىدە دىراما شەكلىدىكى سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنىپ، دەل مۇشۇ خىل سېلىشتۇرما ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلىكوپىنىڭ تىراگېدىيەلىك خاراكتېرى تولۇق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ ۋە كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. مانا بۇ، چاكىنا، قورقۇنچاق، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىلغار، يېڭى كۈچلەرگە ئورۇن بوشىتىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

«چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ھېكايىدە، ئىجتىمائىي ئورنىدا چوڭ پەرق بولغان ئىككى شەخس — ئاددىي خىزمەتچى چېرۋەكوپ بىلەن گېنېرال بىر يەرگە قويۇپ تەسۋىرلىنىپ سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنغان. ھېكايىدە، چۈشكۈرۈش، چۈشكۈرۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىدەك بۇ ئىشقا نىسبەتەن گېنېرال شۇنداق ئادەتتىكىدەك، ئېتىبارسىز پوزىتسىيەدە بولىدۇ، لېكىن چېرۋەكوپ ئۆزىنىڭ چۈشكۈرۈپ سالغانلىقىدىن، چۈشكۈرۈكىنىڭ گېنېرالغا چاچراپ كەتكەنلىكىدىن قورقۇپ، دەككە-دۈككىدە يۈرۈيدۇ، ئاخىرى ئۇ شۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئۆلۈپ قالىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل سېلىشتۇرما ئەسەردە كۈچلۈك تىراگېدىيەلىك ئۈنۈمنى ھاسىل قىلغان.

چېخوپ ھېكايە ئىجادىيىتىدە يەنە، ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ گەۋدىلەندۈرۈش رولىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ خۇددى دىرامىدا پېرسوناژ سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن بېرىلگەن سەھنە كۆرۈنۈشى ۋە مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. «ھەسرەت» ناملىق ھېكايىدە، «قاراڭغۇ چۈشكەن پەيت، يوغان-يوغان يېغىۋاتقان قار يېڭىلا يېقىلغان يول چىراغلىرىنىڭ ئەتراپىدا ھورۇنلۇق بىلەن ئايلىنىپ، ئۆگزىلەرگە، ئاتلارنىڭ ئۈستىگە، ئادەملەرنىڭ يەلكىلىرىگە، قۇلاقچىلىرىغا چاپلاق-چاپلاق بولۇپ يۇمشاققىنا» قونۇۋاتقان كۆرۈنۈش بېرىلىدۇ ۋە مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە، كىراكەش ئىيونا خۇددى بىر ئەرۋاھتەك پەيدا بولىدۇ. «ئۇ چاننىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا بارغانسېرى مۈكچىيىپ، قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇزايىدىن ئۈستىنى بىر پاتمان قار دۆۋىسى بېسىۋالسىمۇ، ھېچ قاقىدىغاندەك ئەمەس...» ئىدى. ئەسەردە بېرىلگەن بۇ سوغۇققىنا ئارقا كۆرۈنۈش تەسۋىرى، قېرى كىراكەش ئىيونانىڭ ئازابلىق قىسمىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۈگىمەس قايغۇ-ھەسرىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينىغان. چېخوپ بۇ ھېكايىدە، تەبىئەت مەنزىرىسى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان.

«ۋانكا» ناملىق ھېكايىدە ئاپتور، كىچىك ۋانكىنىڭ بوۋىسىغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ئازابلىرىنى بايان قىلغانلىقىنى يازغاندا، ئۇنىڭ بوۋىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ: ئۇنىڭ بوۋىسى «ناھايىتى تېتىك، چاققان، چىرايى دائىم خۇشخۇي، خۇمار كۆزلۈك بوۋاي ئىدى»، «خىزمەتكارلار بىلەن چاقچاق قىلىشىپ» قوياتتى، تاماكىسىنى ئىتلارغا پۈرىتىپ قويسا، تىنالماي قالغان ئىتلار «چۈشكۈرىدۇ، تۇمشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ، رەنجىگەندەك بولۇپ، بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرىدۇ». كىچىك ۋانكا يەنە بوۋىسىنىڭ ئۇنى ئېلىپ ئارچا كېسىپ كېلىش ئۈچۈن بارغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەيدۇ: «بوۋىسى بەزىدە ئارچا كېسىشتىن بۇرۇن تۇرۇپكىدا تاماكا چېكىۋالاتتى ۋە ئۇزۇنغىچە تاماكا پۇرايتتى، سوغۇقتا شۈمشىيىپ قالغان ۋانيۇشكىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلەتتى، قىراۋ باسقان ياش ئارچىلار قايسىسىلىرىغا بالدۇر ئەجەل كېلىدىغانلىقىنى بىلمەستىن تىك تۇرۇشاتتى. بىر ياقتىن ئۇشتۇمتۇت توشقان چىقىپ قالاتتى-دە، قار دۆۋىلىرى ئۈستىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ قېچىپ كېتەتتى ...بوۋىسى بولسا: ‹ھاي تۇت، تۇت ئىزنى! ھە، شەيتان!› دەپ ئارقىسىدىن ۋارقىرايتتى» بۇ باللار چۆچەكگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسلىمىدە، ۋانكىنىڭ بوۋىسى شۇنداق قىزىقچى، شۇنچە سۆيۈملۈك، تۇرمۇشى شۇنچە ئازادە، شۇنچە كۆڭۈللۈك ئىدى. كىچىك ۋانكىنىڭ قەلبى شېرىن خىياللار بىلەن تولغان بولۇپ، بوۋىسىنى كۆرۈشكە بەكلا تەشنا ئىدى. لېكىن بۇ كۆڭۈللۈك ئەسلىمە ئىچىگە ئاچچىق كۆز يېشى سىڭگەن. بۇ خىل ئەسلىمە رېئاللىق بىلەن روشەن

سىڭىشتۇرما بولۇپ، گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

دېمەك، چېخوپ ھېكايىچىلىقنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرگەن، ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ بېيىتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بەدىئىي چىنلىق ھەم ئۆزگىچە ئىجادچانلىققا ئىگە. ئۇ ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق زور ئىجتىمائىي تېمىلارنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىشكە ماھىر. ئۇ ئىجادىيەتتە دائىم ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشىغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىشكە تىرىشقان. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تىراگېدىيەنى ۋە شەپقەتسىز رېئاللىق سەۋەبچى بولغان مەنىۋى تىراگېدىيە ــــ يەنى ئادىمىيەت تىراگېدىيەسىنى كومېدىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت خاسلىقىنى ياراتقان.

## ئىزاھلار


[1] 张玉能.美学教程[Z].武汉：华中师范大学出版社，2002年9月, 206页。

[2] 孙家富,张广明.文学词典[Z].武汉：湖北人民出版社, 1983年4月, 27页。

[3] 刘康德.学生文科辞典[Z].上海：上海辞书出版社, 2006年4月, 267页。

[4] چېخوپ: «غىلاپ بەندىسى» (ھېكايىلەر توپلىمى). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى 8-ئاي نەشرى. 210-، 54-، 58-، 61-، 62-، 34-، 35-، 36-، 37-، 38-، 26-، 148-، 149-، 69-، 70-، 151-، 51-، 64-، 65-، 68- بەتلەر.


## پايدىلانمىلار


1. «دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىكلار» (2-قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى، 3-ئاي نەشرى.
2. چېخوپ: «غىلاپ بەندىسى» (ھېكايىلار توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى 8-ئاي نەشرى.
3. 郑克鲁. 外国文学史（修订版. 上）[Z]. 北京：高等教育出版社，2006年3月.
4. 蒋承勇. 外国文学教程[Z]. 北京：高等教育出版社，2007年7月.
5. 王利霞. 契诃夫短篇小说讽刺风格修辞解析[J]. 黑龙江教育学院学报，2009年第10期.
6. 尚觉民. 以“含泪的笑”再现人生[J]. 固原师专学报，1999年第4期.
7. 郭长兴. 短而小的艺术——简论契诃夫短篇小说创作[J]. 河南大学学报，1998年第6期.
8. 马文敏，甄洁，杨玉洁. 论契诃夫短篇小说的艺术特色[J]. 宝鸡文理学院学报，1996年第3期.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 04 ـ 109 ـ 03 (2011) 5878 ـ 1005

# ۋارگاس لىيوسا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە*

ئاتىكەم مامۇت

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى: 2010 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى پېرولۇق يازغۇچى مارىيو ۋارگاس لىيوساغا بېرىلدى. ئەگرى ـ توقاي شۇنداقلا ئەنئەنىگە قارشى ئىسيانكار ھايات كەچمىشى، يېزىقچىلىققا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ئۆزگىچە سىياسىي پوزىتسىيە لىيوسادا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قارىتا ئۆزگىچە قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆزى ئىنتىلگەن ۋە تەلپۈنگەن دۇنيادا ياشاپ تۇرۇپمۇ مۇساپىرلىق تۇيغۇسىدا بولۇش، ئەسەرلىرىگە يۈكسەك لىبېرالىزملىق قاراشنىڭ تۇغۇندىسى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە قارىشىنى سىڭدۈرۈش، ئىجتىمائىي رېئاللىققا قارىتا سىياسىي نازارەتچىدەك ئارىلىشىش پوزىتسىيەسى تۇتۇش — لىيوسانىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم تەرەپلەردۇر. بۇ ماقالىدە، يۇقىرىقى تەرەپلەردىن چىقىپ تۇرۇپ، لىيوسا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشىدىكى يارقىن نۇقتىلار ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**2010 年的诺贝尔文学奖给予了秘鲁作家马里奥·巴尔加斯·略萨。反传统的、复杂的生活经验、对文学的高度的兴趣、超越时空的特殊的政治观念是形成略萨的创作观念的基础。对自己生活的地方持有流氓之感，对自己的作品附加极高的自由主义思想，督查并介入社会现实是反映略萨的创作观念的要点。本文中，笔者从以上的要点入手对略萨及其创作观念进行简要的分析.

**Abstract:** The 2010 Nobel Prize in Literature was awarded to the Peruvian writer Mario Vargas-Llosa. Llosa's winding and unconventional life, his fiery passion for writing, and his political views that transcend time and place have helped him develop a unique view of literary creativity. Feeling like a vagrant even while living in the world he has longed for, infusing his works with the humanitarian and democratic values that are the fruit of high liberal ideals, considering social reality from a political standpoint—these are all important manifestations of Llosa's unique creative ethos. On the basis of these aspects of Llosa's fiction, this paper will briefly discuss various key points in the author's creative philosophy.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　ماتېرىيال بەلگىسى: A

2010 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ پېرولۇق يازغۇچى لىيوساغا بېرىلىشى — دۇنيادا يەنە بىر قېتىم لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. دۇنيا ئەھلى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئوكتاۋئوباز ۋە گارسىيە ماركۇزدىن كېيىنكى يەنە بىر ئەدەبىيات گىگانتىنىڭ سىماسىنى كۆردى. گارسىيە ماركوز بىلەن زاماندىاش، سۆھبەتداش بولغان بۇ يازغۇچىنىڭ ئوخشاش بىر شەرەپكە ئۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل كېيىن نائىل بولۇشى لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن زەرەتلەش كۈچىنىڭ ھېلىھەم يوقالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

لىيوسانىڭ ئىجادىيىتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئاتىكەم مامۇت (1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، چەت ئەل ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىجادىيەت قارىشىدىكى ھەر قېتىملىق چوڭ يېڭىلىنىشلارنى ئۇنىڭ ھايات سەپىرىدىكى تۈرلۈك تۇمەن داۋالغۇشلار، ئىدىيە ۋە كۆز قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇلار يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە قارىتا بىۋاستە ماتېرىياللىق قىممىتىنى ئۆتەپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

2010- يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى مارىيو ۋارگاس ليۇسا 1936-يىلى3-ئاينىڭ 28-كۈنى پېرونىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر ئارېچىيادا تۇغۇلغان، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتا- ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىنلا پىشىپ قالغان زىددىيەت ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇلار ئاجرىشىپ كەتكەن. ليۇسا ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئىزچىل ئۆلۈپ كەتكەن دەپ قارىغان دادىسى(ئاپىسى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن ئىكەن) تويۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئاتا- ئانىسى قايتا يارىشىپ قالغان. ئۇ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى تەرىپىدىن پېرودىكى ھەربىي مەكتەپكە مەجبۇرىي ئاپىرىپ بېرىلگەن.17 ياشقا كىرگەندە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سان ماركوس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ ھاممىسى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، كېيىن يوشۇرۇنچە ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن. 1960-يىلى پارىژغا بارغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھاممىسى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن.1965-يىلى نەۋرە سىڭلىسى پاترىيە بىلەن نىكاھلانغان. بۇنداق ئەگرى-توقاي تۇرمۇش ليۇسانىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول ماتېرىيال مەنبەسى بولغان.بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «شەھەر ۋە ئىت»، «بۇ دەۋرنىڭ قەھرىمانلىرى»، «خۇلىيا ھاما ۋە يازغۇچى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ليۇسا ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىمۇ تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق داۋالغۇشلارغا ئوخشاشلا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. يەنى، ئۇ ياش ۋاقتىدا ماركسىزمغا ئىشىنەتتى، ئەلۋەتتە بۇ ئۇنىڭ سارتېرنىڭ[1] تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇ دەسلەپكى چاغلىرىدا يازغان بىر پارچە ماقالىسىدە، بىر ماركسىزمچى پارتىزاننى تەسىرلىك تىل بىلەن مەدھىيىلىگەن. بۇ پارتىزان ليۇسانىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن بولغان توقۇنۇشتا قۇربان بولغان دوستى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئىجادىيىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. كېيىن ئۇ ماركسىزمچە قاراشتىن ۋاز كەچكەن، سارتېرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىدىن پۇشايمانمۇ قىلغان ھەمدە بىر ئاكتىپ لىبېرالىزمچىغا ئايلانغان، ھەمدە ياش ۋاقتىدا ئۆزى مەدھىيىلىگەن شۇ پارتىزانلارنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرغان.ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قۇتۇپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە قارىتا ئورخان پاموك[2] تەنقىدىي نۇقتىدا تۇرۇپ، ئەجەبا، بىزنىڭ ياشلىقىمىز كېتىشى بىلەنلا، پارتىزانلارنىڭ ئادىمىيلىكىمۇ يوقالغانمىدۇ؟ ياكى ياشىنىپ قالغاچقا دوستلىرىمىز ئارىسىدا پارتىزانلار ئازلاپ كەتكەنلىكتىنمىدۇ؟ دەپ يازىدۇ. دەرۋەقە ئۇ كېيىنكى چاغلىرىدا سارتېرغا قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيەدە بولىدۇ، كاموس[3] بىلەن پىكىر ئورتاقلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەيلى نېمىلا دېمەيلى، ليۇسانىڭ ئىدىيەسىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشىنىڭ تولىمۇ كۆپ قىرلىق بولۇشىغا ئاساس سالغان. يەنە كېلىپ، بۇ خىل كۆپ قىرلىق ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچە رېتىمسىزلىق بىلەن سىمېترىكلىق ھاسىل قىلغان. يەنى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي، دۆلەت قارىشى قانچە كۆپ قىرلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت يۈكسەك لىبېرالىزملىقتىن ئىبارەت ئوخشاش بىر قاراشقا باغلانغىنىدەك، ئەسەرلىرىدىكى بىربىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلىدىغان تەپسىلاتلار ۋە تەسۋىرلەر بىلەن بايان ئارىسىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلارمۇ ئاخىرىدا ئوخشاش بىر تەرتىپ ئاستىغا جەملەنگەن. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئەشۇ تەرتىپسىز ۋەقەلەر كىنايە قىلىنغان ۋە قامچىلانغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىدىكى سەبىيلەرچە بىغۇبارلىق ۋە يېزىش ئۇسلۇبىدىكى رېئالىزملىق تەرتىپ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتا دەل ليۇسانىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ جېنى ۋە يادروسى بولۇپ، ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىنى ليۇسانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزگىچە ئىجادىيەت قارىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لىيوسانىڭ ئىجادىيەت قارىشىدا بىر قانچە يارقىن نۇقتا بار.

## 1. كۆچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى

ئىلگىرى بەزىلەر لىيوسادىن ئەدەبىياتقا قانداق ئېنىقلىما بېرىش لازىملىقى توغرىسىدا سورىغاندا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، «ئەدەبىيات بىر ئوت، دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىك ۋە رەزىللىكلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان ئوت»دېگەن. ئۇنىڭ «يېشىل ئۆي»، «قاۋاقخانىدىكى پاراڭلار»، «كاپىتان پاتالىيون بىلەن ھال سورىغۇچى ئايال» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ خىل پىكىر يۈزلىنىشى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

لىيوسا«ئارىغا چۈشۈچان»[4] ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك جارچىسى. بۇ ئۇنىڭ دەسلەپتە سارتېرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە سارتېرغا قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيەدە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھامان سارتېر ئوتتۇرىغا قويغان«ئارىغا چۈشۈش» قارىشىنىڭ تەسىرىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. يەنى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى باشتىن- ئاخىر ئىجتىمائىي تېمىلارنى تۇتقا قىلغان.ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۆز ۋەتىنى ۋە زامانغا قارىتا كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى تۈرلۈك تۈمەن مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

## 2. تار مەنىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارشى تۇرۇش

لىيوسانىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ تار مەنىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى، ئۇنى مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىققا باغلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لىيوسانىڭ پېرو ۋە ئىسپانىيەدىن ئىبارەت قوش دۆلەت تەۋەلىكىلا ئۇنىڭ ۋەتەن قارىشىدىكى ئۆزگىچىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ«يوغان پۇتلۇق ۋانگاماتا»ناملىق ئەسىرىدە، گامبىيەلىك كۆچمەن ئايال ۋانگاماتانى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان ياشلار سوتتا تەربىيە كۆرمىگەن قاششاقلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئۇلارغا ئىرقچىلىق جىنايىتى ئارتىلمايدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەتكە قارىتا لىيوسا ئەسىرىدە «كىشىنى ئانچە قايىل قىلالمايدىغان بۇ خىل چۈشەندۈرۈش شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ رىغبىتىگە ئېرىشكەن»دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

لىيوسانىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپادا ئۆتكەن، ئۇ ياش ۋاقتىدىلا پېرودىن ئايرىلغان. بىراق ئۇ ھامان ئۆزى تەلپۈنگەن ۋە ياشاۋاتقان ياۋروپاغا قارىتا مۇساپىرلىق تۇيغۇسىدا بولغان، ئۇ ئەسەرلىرىدە پېرونىڭ تاغ-دەريالىرىنى، يۇرت-سەھرالىرىنى زوق- شوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە مەدھىيەلەيدۇ. بىراق، ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە سىياسىي مۇھىتقا قارىتا ئۈمىدسىزلىنىش ۋە خورسىنىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ، ئىدىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتىن ئۆزىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ياۋروپاغا باغلىسىمۇ، جىسمى ياۋروپادا تۇرسىمۇ، ھامان ئۆز ۋەتىنى پېرونى ئەستىن چىقارمايدۇ، ئۇنىڭغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنداق زىددىيەتكە تولغان مۇساپىرلىق تۇيغۇسى بىلەن مەزمۇنلانغان ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە بىر خىل پۇراق ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئاتا قىلغان.

## 3. يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە قارىشى

لىيوسانىڭ ئەسەرلىرىدىن زوراۋانلىق، ئىرقچىلىق، مۇستەبىتلىككە قارىتا ئەشەددىي ئۆچمەنلىكنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ قارشىدا تۇرىدىغان يۇقىرىقى سۈپەتنىڭ ئىگىلىرى كۈچلۈك كىنايە قىلىنىدۇ ۋە قامچىلىنىدۇ. ئۇ«يوغان پۇتلۇق ۋانگاماتا» ناملىق

ئەسىرىدە«مەن شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ۋانگاماتانىڭ گامبىيەدىن باينۇلىسقا قىلغان سەپىرى، ئودىسسىيوسنىڭ تىروۋادىن ئىتاكاغا قىلغان سەپىرىگە ئوخشاش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش»دەپ يازىدۇ. روشەنكى، ليوسا ئافرىقىلىق بىر كۆچمەن ئايالنى غەرب مەدەنىيىتىدىكى سىمۋوللۇق قەھرىمان ئوبراز ئودىسسىيوس بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. بىر ئاددىي كۆچمەن ئايال، ئاچ-يالىڭاچلىق تۈپەيلى مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان بىر ئىنسان قەھرىمان سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇنداق ئېرق، دىن، مەدەنىيەت، مىللەت، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان يۈكسەك پوزىتسىيەنىڭ يازغۇچىنىڭ كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك قارىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىققانلىقى تەبىئىي. بۇ ليوسانىڭ ئىجادىيىتىگە بالىلارچە بىغۇبارلىقنى ئاتا قىلغان مۇھىم بىر تەرەپ.

ليوسا ئاكتىپ لىبېرالىست، دېموكرات. ئۇ«ئەدەبىيات سىياسىيغا ئارىلىشىشى كېرەك»دەپ قارايدۇ. مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىدە روشەن گەۋدىلەنگەن ئاساسىي تېما. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دېموكراتىيەگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «سۈيىقەستچى»ناملىق ماقالىسىدە، كەسپىي قاتىللارنىڭ تۇرمۇشىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، بىر پۈتۈن كولومبىيەنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇ كولومبىيە دۇچ كەلگەن تېررورلۇق، ئەتكەسچىلىك، زوراۋانلىق ۋە خىيانەتچىلىكلەرنى بايان قىلىدۇ.كولومبىيەنى ئەتراپىتىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن، يەنى يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئەھۋالى كولومبىيەدىن ياخشى دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، لېكىن كولومبىيەدىكى دېموكراتىيەنىڭ ئۇ دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى تۈپەيلى يەنىلا كولومبىيەنىڭ ئەھۋالىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن ياخشى دەپ قارايدۇ ۋە كولومبىيەگە قارىتا ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتىدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ۋەتىنى پېرونىڭ دېموكراتىيەسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن زارلىنىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ دېموكراتىيەنى ئالدىنقى ئۆلچەم دەپ قارايدىغانلىقىنى، كۈچلۈك دېموگراتىك قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ليوسانىڭ مۇرەككەپ ۋە ئەگرى- توقاي ھايات كەچۈرمىشى بىلەن ئىدىيە ۋە كۆز قارىشىدىكى ئۆزگىچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشىغا ۋە ئۇسلۇبىغا قارىتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشىدىكى يۇقىرىقىدەك يارقىن نۇقتىلار ئەسەرلىرىگە كۈچلۈك رېئالىزملىق تۈس بېرىپلا قالماستىن، يەنە بالىلارچە بىغۇبارلىق ئاتا قىلغان. شۇڭىمۇ ليوسانىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى«ليوسانىڭ ھەممىلا سىياسىي قارىشىغا قوشۇلۇپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا بۇ كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەۋاتقان چاغدىكى سەبىيلەرچە بىغۇبارلىقىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ».

## ئىزاھلار

[1] 20 - ئەسىردىكى فىرانسىيەلىك مەشھۇر سوتسىيالىزمچى يازغۇچى.

[2] تۈركىيەلىك داڭلىق يازغۇچى، 2006-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى.

[3] فىرانسىيەلىك يازغۇچى، مۇتەپەككۇر، دىراماتورگ.

[4] سارتېر ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئۇقۇمى، ئۇ يازغۇچىلارنى ئەسەرلىرى ئارقىلىق زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا، «ئارىغا چۈشۈش» ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرغان. ئورخان پاموكنىڭ باھاسى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ 2010-يىللىق 3-سانى،95 -بەت.

## پايدىلانمىلار

[5]书写祖国的历史和现实 潘启变 作家杂志 2011 年 11 期

[6]潘达雷 昂上尉与戴军女郎 巴尔加斯 · 略萨 孙家孟译 人民出版社。

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 03_113_07

# ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ تۈپ چىقىش يولى*

ئابلاجان مۇھەممەد ئۈمىديار

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە تايىنىش ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشنى ۋاستە قىلغان. بۇ ماقالىدە ئېكولوگىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلىپ،ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيلىكى بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى سانائەت دەۋرىدە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要：**人类社会发展和文化成就历来都必须依靠自然和开发资源为基础。本文从生态主义的角度出发，对人类历代文明与自然环境的关系进行简要地分析探讨并提出当今工业时代创建生态文明的必要性和重要意义。

**Abstract:** Human existence, social development, and cultural achieveme[illegible] all based on human reliance on the environment and national resources. This paper will ta[illegible] the ecological point of view in arguing, via an examination of the historical relationship betwe[illegible]an culture and the natural environment, that the creation of an ecological culture is of the[illegible] necessity and importance in the industrial era.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C912.4　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەدەنىيلىك ئىنسانلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ۋە ماھىيەتلىك بەلگىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان تاشقى دۇنياغا ماسلىشىش ۋە تەبىئەتنى ئادەملەشتۈرۈش جەريانىدا ئېرىشكەن ماددىي ۋە مەنىۋى نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى، شۇنداقلا يەنە ئىنسانلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئۆلچىمىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيان ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيلىكى تارىختا مۇنداق ئۈچ خىل باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى: ئىپتىدائىي مەدەنىيەت باسقۇچى. بۇ ئىپتىدائىي تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئىنسانلار ئۇرۇقداشلىق جامائەسى تۈزۈمىدە ياشىغاچقا ئۇلار پەقەت كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىقلا تىرىكچىلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ماددى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئاساسەن تەبىئەتتىن تەييار يېمەكلىكلەرنى يىغىش ۋە ئوۋچىلىق ئەمگىكىدىن ئىبارەت بولغان.

ئىككىنچىسى، يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيلىكى باسقۇچى بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۆمۈر قوراللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيلىكىنىڭ موھىم بىر بەلگىسى ئىدى. ئۈچىنچى، سانائەت مەدەنىيلىكى دەۋرى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 18 ـ ئەسىر دە ئەنگلىيەدە باشلانغان سانائەت ئىنقىلابى ئۇلارنىڭ سانائەتلىشىش قەدىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ سانائەت مەدەنىيلىكىنىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. ئۇنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تۈپكى

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلاجان مۇھەممەد(1963 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 300 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان سانائەت مەدەنىيلىكى ئومۇمەن بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئېچىشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلدى. دۇنيا خاراكتېرلىك سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ ـ قارىشىدا ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» تەك بىنورمال خاھىشنى چېكىگە يەتكۈزدى. ئىنسانلارنىڭ نوقۇل ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇستەقىل قىممىتىگە ئېتىبارسىز قارىشىدىن كېلىپ چىققان ئېكولوگىيە كرىزىسى بىزگە ئەسلىدىنلا يېشىللىق تۈسكە ئىگە بولغان يەر شارىنىڭ ئەمدىلىكتە بولسا، قارا ئىس ـ تۈتەك ۋە تۈرلۈك بۇلغىنىشلار بىلەن تولغانلىقىنى، نوقۇل ماددىي ئىستېمال ۋە ئىقتىسادىي ئېشىشنىلا ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان، بۇلغىمىلار كۆپ بولغان سانائەت مەدەنىيلىكىنى قوللىمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قاراش، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ئورنىغا تەبىئەت بىلەن ماس ـ ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، تەبىئەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئويغۇن بولغان بىر خىل يېڭى شەكىلدىكى مەدەنىيلىكنى يارىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇھتاج بولدى. ئىنسانلارنىڭ بۇ يېڭى مەدەنىيلىك فورمىسى ـ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى دەپ ئاتالدى.

تەبىئەت دۇنياسى ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى. ئىنسانلارنىڭ ھەر بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسى تەبىئىي مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيلىك باسقۇچىنى تەبىئەت، تەبىئەت ئوبيېكتىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا يارىتىلغان يۈكسەك گۇمانىستىك خاراكتېرگە ئىگە ساپ، بۇلغىنىشسىز مەدەنىيەت دەپ قارىساق؛ يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيلىكىنى ھاياتلىقنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن ئورمانلىق ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىشقا يۈزلەنگەن «سېرىق رەڭلىك مەدەنىيەت» دەپ؛ سانائەت مەدەنىيلىكىنى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىدراكىيلىق ۋە پەن ـ تېخنىكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان، ئىس ـ تۈتەك ۋە تۈرلۈك بۇلغىنىشلار بىلەن تولغان «قارا رەڭلىك» مەدەنىيلىك دەپ؛ ئىنسانلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ئاچچىق ساۋاقلاردىن كېيىن تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى «يېشىللىق مەدەنىيلىكى» دەپ چۈشەنسەك، بۇ خىل تونۇش بىرقەدەر ئىلمىي بولغان چۈشەنچە بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللىق تارىخىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يىغىنچاقلىغاندا، ئىپتىدائىي مەدەنىيلىك نەچچە مىليون يىللىق تارىخىي باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيلىكى تەخمىنەن 10 مىڭ يىللىق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتتى؛ ئەمما ئىنسانلارنىڭ سانائەت مەدەنىيلىكى 300 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىكى ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك مەدەنىيلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىنسانلار تەدرىجىي ئاڭلىق ۋە ئاكتىپ تۈردە يۈزلىنىشكە باشلىغان يەر شارىنىڭ يېشىللىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باش پرىنسىپ قىلىنغان ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىنسانلارنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى يېڭى فورمىدىكى سىجىل تەرەققىياتلىق مەدەنىيلىكىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات مۇساپىسى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىلەن تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىش ـ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇ يەر شارى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنىڭ زىننىتى ۋە يېشىللىق ئەلچىسى بولغان ئورمانلارنىڭ گۈللىنىش ياكى ھالاك بولۇش تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

## 1. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيلىكى تەبىئىي ئورمان ۋە يېشىللىققا تايانغان

تەبىئىي ئورمان ۋە يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر يەر شارىدىكى ئىپتىدائىي ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىدىن ئۇزۇن. ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريانلىرى ئىچىدە ئۇلار ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىمىنىدىكى تەبىئىي ئورمانلار بىلەن بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىپ كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرى ئورمانلىقتىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئىي ئورمانلارغا تايانغان ھالدا ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە زور ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكەن. شۇڭا ئۇلار تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرىدا جانلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «بۇگۇخان ئەپسانىسى»[1] دىكى ئادەمنىڭ دەرەختىن تۆرىلىشى ھەققىدىكى ساددا تەسەۋۋۇرلار، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم تەبىئەت تەسۋىرى ۋە ئوۋ-ئەمگەككە دائىر قەدىمكى قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ ماكان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەرەخ-ئورمان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئاپەت ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ قىسمەن زىيانلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەبىئەتكە بولغان ھۆرمەت ۋە تايىنىشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش ۋاستىلىرى ۋە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئاساسەن تەبىئەت يېشىللىقىنىڭ شەخسىيەتسىز تۆھپىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىناتتى. ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەنە دەل-دەرەخلەرنى مەنبە قىلغان ياغاچ ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ياسىلىپ چىقاتتى. ئومۇمەن يىراق قەدىمكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش-تىرىكچىلىكى دەل-دەرەخ ۋە يېشىللىققا تايانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئورماندىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوتنى بايقاپ، ئۇنى ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تەبىئەت دۇنياسى مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوت قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، كىشىلەرگە نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېرىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى قاچۇرۇپ، ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشتە مۇھىم رول ئوينىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنى پىششىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئوتنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تەرەققىياتى بەلگىلىك ئىلھامغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن نادانلىق دەۋرىدىكى ئىنسانلار دەسلەپ بەزىدە ئەسەبىي ئۇسۇللار بىلەن ئورمانلىقلارغا ئوت قويۇش ئارقىلىق ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغان. ئۇلار ئوتتا يارىلانغان ئۇچار-قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئاسان قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئوت قويۇپ ئوۋچىلىق قىلىش بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن «مەشئەل ئۇسسۇلى»، «ئوۋچىلىق ئۇسسۇلى» (گۈلخان مەشرىپى) ۋە بۇنىڭغا دائىر بەزىبىر يەرلىك ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇ نۇقتىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

«بۇزماق ئاسان، قۇرماق تەس» دېگەندەك، گەرچە نادانلىق دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىش ياكى كۆيدۈرۈشى ئاسان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن. ئورمانلارغا ئوت قويۇلغاندىن كېيىن ئوت كۆپىنچە نەچچە ئون ھەتتا نەچچە يۈز چاقىرىمغىچە سوزۇلۇپ، ئەتراپ پۈتۈن كۆيدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار، ھەتتا ياۋا مېۋىلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. زېمىننىڭ قۇرغاقلىشىش ۋە چۆللىشىپ كېتىشى تېخىمۇ تېزلەشكەن. نەتىجىدە شۇ رايوندىكى ئۇرۇق قەبىلە ئەزالىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى بولسا باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بەزى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## 2. يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيلىكى ۋە ئورمان كېسىپ يەر ئېچىش

ئىنسانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى تەبىئەتكە تايىنىپ بارلىققا كېلىش بىلەن بىرگە يەنە

تەبىئىي مۇھىتنىڭ قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. خۇددى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلاردا تەسۋىرلەنگىنىدەك، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا تەبىئەتتىن يىغىپ تېرىلغان يېمەكلىك ۋە باشقا مەھسۇلاتلارغا تايىنىپ ياشاشتىن تەدرىجىي قول ئۈزۈپ، زىرائەت تېرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار چاتقاللىقلاردىن يەر-زېمىن ئېچىپ ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىپ كۆندۈرگەن. بۇ ئىنسانلار تارىخىدا يېڭى بىر مەدەنىيلىك دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. ئىنسانلاردا تېرىقچىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك مەسىلىسى زور كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىكى سۇ، كېلىمات ۋە يايلاق قوغلىشىپ يۆتكىلىپ يۈرۈپ ياشايدىغان ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كەنت مەھەللىلەرنى قۇرۇپ چىققان. تېرىقچىلىق ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقتىن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتتە سىنىپلار پەيدا بولۇپ، شەھەر ۋە دۆلەتلەرمۇ بارلىققا كەلگەن.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى گەرچە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇ يەنە ئىنسانلار بىلەن تەبىئىي ئورمان ۋە يېشىللىق مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە يېڭىچە ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى ئورمانلارنى كۆيدۈرۈپ ئوۋ قىلىش پائالىيىتى ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە نادانلارچە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مەقسەتلىك ھالدىكى ۋەيرانچىلىقى بولماستىن، بەلكى تىرىكچىلىكنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بولغان ياۋايىلارچە ھەرىكىتى ئىدى. ئىنسانلار دېھقانچىلىق مەدەنىيلىكى باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن گەرچە ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىققا خاتىمە بېرىلگەن، تەبىئەتتىكى ئورمان ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بىر مەزگىل قايتا ئەسلىگە كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەسلى ھالىتىگە كېلىشى قىيىن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى بولسا ماددىي تۇرمۇشنى قامداش ۋە قوشۇمچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ دەۋردىكى كىشىلەر ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلەرنى كۆپەيتىشكە تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەبىئەتتىكى ئورمان ۋە چاتقاللىقلارنى ئېچىش بەدىلىگە مەقسەتلىرىگە يەتكەن. بۇ ھال ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭىچە تەتۈر تاناسىپلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

يېزا ئىگىلىكى يېتەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى مەزگىللەردە نوپۇسنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە بۇنىڭغا ماسلاشقان ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ ئەينى دەۋر ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئىدى. گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئورمانلىقلاردا زور كۆلەملىك بوز يەر ئېچىشى ئۇلارنى ھەقىقىي ھالدا تەبىئىي ئورمانلىقتىن ئايرىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىگىلىكنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرغانىدەك قىلسىمۇ، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى يەنىلا ئورمان ۋە يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرگە تايىنىشتىن مۇستەسنا بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆي-تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى، تاماق ۋە يېمەكلىك پىشۇرۇش، ئوت بىلەن ئىسسىنىش، پولات تاۋلاش (تۆمۈرچىلىك)، كۆللاچىلىق، خۇمدانچىلىق، كىگىزچىلىك، ماتا-سەگەزچىلىك، بوياقچىلىق ۋە باشقا قول ھۈنەر كەسىپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياغاچ ماتېرىيالىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، زور مىقداردىكى ئورمانلارنى خورىتىپ كەلگەن. بۇ ھال ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار مەدەنىيلىكى بىلەن تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يەنىلا تەبىئىي بايلىقلار، بولۇپمۇ ئورماندىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەدىمكى تارىم ۋادىسىدىكى كىروران، پىشامشان، ئۇدۇن، نىيا ۋە باشقا قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر بەزى ھۆججەت-ۋەسىقىلەردىمۇ يېزا ئىگىلىكى دۇچ كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مەسىلىلەردىن ئۇچۇر بېرىلگەن. كىروراندىن تېپىلغان كارۇشتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يېزىقىدىكى بەزى هۆججەتلەردە قەدىمكى كىرورانلىقلارنىڭ ئورمان كېسىشنى چەكلەش، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەبىئىي مۇهىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىزگىنلەشكە دائىر مەزمۇنلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى 482-نومۇرلۇق پۈتۈكتە : «ساكنىڭ ئەرز قىلىشىچە، مۇرىنا ئۇنىڭ مۈلكى بولغان يېرىنى قوبۇل قىلغان، لېكىن ساداۋىدا بىلەن كارناس بۇ يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ تېرىغىلى قويمىغان. ئۇ يەردىكى دەرەخلەرنى كېسىپ ساتقان... ئىلگىرىكى قانۇن-تۈزۈم، بەلگىلىمە بويىچە دەرەخ كۆكىرىپ تۇرغان بولسا هەر قانداق كىشىنىڭ ئۇنى كېسىشنى چەكلەش لازىم. دەرەخنى يىلتىزى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. دەرەخنىڭ چاتىقىنى كەسكەنلەرگە بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. هۆكۈم قانۇن بويىچە چىقىرىلىدۇ...»[2]. بۇ هال بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي مۇهىت بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىش جەهەتتىكى تەدبىرلىرىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

## 3 . سانائەت مەدەنىيلىكى ۋە ئورمان ماتېرىيالى

ئورمان ئېكولوگىيەلىك قىممەتتىن سىرت يەنە سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە رولغا ئىگە. ئورمان يالغۇزلا سانائەتنى زۆرۈر بولغان يېقىلغۇ ماتېرىيالى ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە يەنە ئىشلەپچىقىرىشنى كەم بولسا بولمايدىغان پاكىزە تەبىئىي مۇهىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جەمئىيەتتىكى هەر قايسى كەسىپلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاساسىي يېقىلغۇنى ياغاچ ماتېرىيالى ۋە ياغاچ كۆمۈردىن ئالغان. موهىم خام ئەشيا هېسابلانغان ياغاچ ماتېرىيالى تۈرلۈك هۈنەر-كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسىپى، ئۆي سەرەمجانلىرى ياغاچچىلىقى، هەربىي قورال-ياراغ ياساش كەسىپى، قەغەزچىلىك، قاتناش قوراللىرىنى ياساش، يول- كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كۆن-خىرۇمچىلىق، كانچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى خىمىيەسى قاتارلىق كۆپلىگەن ساهەلىرىنىڭ هەممىسىدە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. سانائەتنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى ياغاچ ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېهتىياجنى ئاشۇرۇپ، ئورمان بايلىقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سانائەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بىلەن سانائەت كارخانا ئۆيلىرىنى سېلىش، ئامبار-ئىسكىلات، دۇكان، تۇرالغۇ ئۆي، شەهەر- بازار، ئورمان كېسىپ تېرىلغۇ يەر ئىگىلەشتەك يېڭى تەلەپ-ئېهتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ هال ئورمان ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇهىتىغا تېخىمۇ يېڭى تەهدىت ۋە كىرىزىسنى ئېلىپ كەلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 20-ئەسىر نىڭ 60-يىللىرىدىكى ئورمان كېسىپ پولات تاۋلاش، دەرەخ كېسىپ تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش هەرىكىتىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىمۇ بىزگە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. «ئورمانسىز هايات بولماس، بولسىمۇ راهەت بولماس» دېگەندەك، ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە هالدىكى ماددىي تەرەققىيات ۋە سانائەت مەدەنىيىتى ئېكولوگىيەلىك مۇهىتنى قۇربان قىلىش، بوستانلىق زېمىنلارنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇش بەدىلىگە بارلىققا كەلگەن.

ئىنسانلارنىڭ هەر بىر قېتىملىق مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ تەبىئىي مۇهىتى بىلەن تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ماددىي تەرەققىيات قوغلىشىپ، تەبىئىي مۇهىتقا سەل قارىشى، ئۇلارنىڭ هەرقايسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك سەۋەنلىكى ئىدى. ئىنسانلار هازىرقى زامان سانائىتى دەۋرىدىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشى ۋە بىر تەرەپلىمە تەرەققىياتى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئورمان بايلىقلىرىغا بولغان ئېچىپ پايدىلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ يەر شارىدىكى مۇهىت بايلىقى بولغان ئىسسىق بەلۋاغ ئورمىنى ۋە ئىسسىق بەلۋاغ يامغۇرلۇق رايونى ئورمانلىرىنىڭ كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، مۇهىت چېكىنىشىنىڭ تېز يوقىلىۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى. هازىر دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىيالى ۋە

ئۇنىڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجى يەنىلا يۇقىرى بولماقتا. مەسىلەن، نۆۋەتتە ئامېرىكىنىڭ 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ياغاچ ماتېرىيالى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلارغا بولغان ئىمپورت مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ياپونىيە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئورمان بايلىقلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورمانلىرىنى قوغداش ۋە ئورمان بايلىقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ئۆز ئورمانلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئورمان ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بايلىقىنىڭ خوراش ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيلىكنىڭ يۈكسىلىشى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىت بىلەن بولغان مۇرەككەپ ۋە نازۇك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئەگەر بىز بىر تەرەپلىمە تەرەققىياتنى چىقىش قىلىپ، ئىنسانلار مەدەنىيلىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە زېمىندا يانغان شىددەتلىك ئوتنى تەبىئەت قوينىدىكى ئادەم بىلەن باشقا مەخلۇقلارنى ياكى ئادەم بىلەن ھايۋانلارنى پەرقلەندۈرگەن ماھىيەتلىك بەلگە- ئالامەت دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بىز ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئورماندىن مەقسەتلىك ھالدا پايدىلىنىش جەريانىنى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھالەتتىكى جەمئىيەتتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان تەبىئەتتىن يىراقلىشىشقا يۈزلەنگەن جەمئىيەتكە كىرىشىنىڭ مارشى دەپ قارىيالايمىز. ئەمما ئىنسانلارنىڭ نوقۇل مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ تەبىئەتنى قارىغۇلارچە ئېچىشتىن كەلگەن تەرەققىيات ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ چېكىنىشى ھەتتا ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانلار تارىخىدىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرى، بوستانلىقلارنىڭ چۆللىشىشى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇملىشىش ھادىسىلىرى بىزگە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

## 4. ئېكولوگىيەلىك سەزگۈرلۈك ـ سىجىل تەرەققىياتنىڭ چىقىش يولى

ئىنسانلارنىڭ ھەر قېتىملىق ۋاقىتلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەبىئىي مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ماددىي مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، تەبىئىي مۇھىتقا سەل قارىشى ۋە ئۇنى نادانلارچە خاراب قىلىشى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «بىز ھەر ۋاقىت شۇنى ئېسىمىزدە تۇتىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار تەبىئەتتىن تاشقىرى مەۋجۇدلۇق ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بارلىقى تەبىئەتكە مەنسۇپ بولۇپ، تەبىئەت قوينىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى باشقا مەخلۇقلاردىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك»[3].

ھەممىدە ئىنسانىي مەركەز قىلىش، نوقۇل ماددىي مەنپەئەتنى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشنىڭ باش مىزانى قىلىشى مەدەنىيلىك ۋە دېموكراتىيەگە خىلاپ. تارىختا نەزەر سالغىنىمىزدا ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن، قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەرگە كىرىشى ۋە ھازىرقى سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويۇش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆز- ئۆزىنى مەركەز قىلىش ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبلىك، تەبىئەتتىن چەكسىز پايدىلىنىش ۋە ئۇنى نادانلارچە بويسۇندۇرۇپ، يېڭى باسقۇچقا يۈكسىلىش جەريانى بولۇپ، بۇ خىل بىر تەرەپلىمە تەرەققىياتنىڭ مەنپىي تەسىرىدىن خالىي بولالماي كەلدى.

مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى تونۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ئەشۇ جەمئىيەت ئاھالىلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىت بىلەن ماسلاشقان- ماسلاشمىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىنى ئاڭلىق قوغداش ئېڭى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىمكانىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن بېكىتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ نوقۇل ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە ماددىي ئىستېمال قىزغىنلىقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، تەبىئىي مۇھىتقا سەل قارىغان ھالدا ئېرىشكەن ھەر قانداق تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك سەۋەنلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. يەر شارى ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق پاناھگاھى. بىز نەپەسلىنىپ تۇرۇۋاتقان زېمىن ئىنسان ۋە باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئورتاق شادلىق باغچىسى. ئىنسانلارنىڭ ئەقلىيلىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ھېسسىيلىقى ۋە گۇمانىستىك روھى نوقۇل «ئىقتىسادىي ئېشىش» قىزغىنلىقى ۋە ماددىي مەنپەئەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاجىزلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، ئىدراكىي مەخلۇق بولغان ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۆشۈكى ۋە باغچىسى بولغان تەبىئىي مۇھىتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق زېمىنىنى قانداق پەرۋىش قىلىش ۋە ئىلمىي پايدىلىنىش، ئۇنى قانداق سۈپەتتە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بىر قاتار ھايات-ماماتلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ يەنىلا ئىنسانلارنىڭ قولىدا. مۇھىت ئەخلاقى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ موھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بىردىنبىر تاشقى ئامىلى بولغان تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئۇنى ئاڭلىق پەرۋىش قىلىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى. رايونىمىز شىنجاڭ تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق زېمىنىغا تەۋە بولۇپ، بوستانلىق ئىگىلىكىدە ياشاپ، تىپىك بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئەجدادلىرىمىز تارىختا نۇرغۇن ئېكولوگىيەلىك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ غايەت زور بىرلەمچى قىممىتى ۋە رولىغا سەل قاراپ، پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشتەك ئاچچىق ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئەجدادلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا تەبىئەت بىلەن ئادەم، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ماس-ئىناق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق مۇھىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئىلمىي تەرەققىيات يولىغا مېڭىپ، سىجىل تەرەققىيات ئىگىلىكىنى يارىتالايمىز.

## ئىزاھلار

[1] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987- يىلى نەشرى 72-73- بەتلەر.

[2] غالىپ بارات: «كىروران ئېلىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە دائىر ۋەسىقىلەر»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 3- سان 29-بەت.

[3] ئېنگېلس: « «دىيۇرىڭغا قارشى»، «ماركس- ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 3- توم 518-بەت.

## پايدىلانمىلار

1. شاڭ جى، يۈ فاۋېن: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ئېكولوگىيەلىك ئىگىلىك ۋە غەربىي رايوننى ئېچىش»، «ئېكولوگىيە ئىگىلىكى» ژۇرنىلى 2001-يىللىق 9-سان.
2. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: «ئەدەبىيات- سەنئەت مىراسلىرىمىزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭىغا نەزەر» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 2007-يىللىق 5-سان.
3. «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ ئىگىلىك سىستېمىسى» جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى «ئادەم ۋە ئېكولوگىيە» تور بېتى.
4. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 2009-يىل 1- ئاينىڭ 9-كۈنى.
5. جى جېنخەي «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ھەققىدە» خەلق نەشرىياتى 2007-يىلى خەنزۇچە نەشرى 1- قېتىملىق باسمىسى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2011) 03 _ 120 _ 05

# گرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى توغرىسىدا*

ماھنۇر غوپۇر

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئۈرۈمچى. 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپلەپ ئۇچرىغان. بۇ ماقالىدە، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدا بايقالغان گرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا، گرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى بەزى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى.

**摘要：**本文通过对丝绸之路新疆段发现的一些具有希腊、罗马文化特点的文化遗存进行举例说明，浅议了希腊、罗马文化在新疆地区的一些表现形式。

**Abstract:** This article will make a preliminary analysis of some expressions of Roman culture in Xinjiang, on the basis of a number of representative artifacts possessing Greek and Roman characteristics which have been found along Xinjiang's ancient Silk Road.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K203　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك جۇڭگو، ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا، گرېتسىيە، رىم، مىسىر مەدەنىيەتلىرى جۇغلانغان رايون دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. دۇنيادىكى بەش چوڭ دىن — بۇددا ، خرىستىيان ، مانى ، يەھۇدى ۋە ئىسلام دىنلىرى، كۆپ خىل تىل ــ خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا مەۋجۇت بولغان ۋە ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەۋزەللىكنى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق جايدىن تاپقىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت شىنجاڭنى مەدەنىيەت، دىن، تىل-يېزىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان.

قەدىمكى گرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتى غەربىي رايونغا جۈملىدىن پۈتكۈل دۇنياغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل تەسىرلەر تەسۋىرى سەنئەت، ئەدەبىيات، تىياتىرچىلىقتىن تارتىپ پەلسەپە، ئىلاھىيەت قارىشى، قانۇن ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە ئىپادىلەنگەن، قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى غەرب پەلسەپىسىگە ئاساس سالغان بولسا، سەنئەتكارلىرى غەرب سەنئىتىگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. ماكېدونىيە پادىشاھى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قەدىمكى گرېتسىيە مەدەنىيىتىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپ گرېتسىيەگە شەرەپ كەلتۈرگەن. گرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنى شىنجاڭغا ئاساسلىق قۇملۇق يىپەك يولى ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتكەن. گرېتسىيەنىڭ مەشھۇر جۇغراپىيەشۇناسى سترۇبنىڭ خاتىرىلىشىچە، باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدە گرېتسىيەلىكلەر يىراق شەرقتە جۇڭگو ۋە موڭغۇل

* بۇ ماقالە 2011- يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ماھنۇر غوپۇر( 1958-يىلى 5- ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يايلاقلىرىدىكى ھۇنلارنىڭ قەبىلىسىگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇنداق بولغاندا يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان خەلقلەر مۇقەررەر ھالدا گىرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھازىر نۇرغۇن ئارخېئولوگلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. مۇشۇنىڭغا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەھلىل قىلغاندا گىرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس.

## 1 . ئۆكۈز بۇدچىلىقى سەنئىتىنىڭ تەسىرى

گىرېتسىيە، رىم مەبۇدلىرىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان گىرېتسىيە ئۇسلۇبىدىكى بۇد ئۆكۈزسىمان بۇد دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇسلۇب جەھەتتە رېئال نەرسە ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. ئادەم ئاناتومىيەسىدىكى ئەڭ كىچىك ھالقىلارمۇ ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردىن 2-ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن تۇز خانىدانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد خانى ئاشوكا دەۋرى ھىندىستان تارىخىدىكى تۇنجى بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك ئىمپېرىيە خانىدانلىق دەۋرى ئىدى، بۇ دەۋردە ھىندىستان مەدەنىيىتى بىلەن ئىران، گىرېتسىيە مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئۆتۈشۈش بولغان. ھىندىستاننىڭ بىناكارلىق، ھەيكالتىراشلىق سەنئەتلىرى ئىران ئاخمانىلار سۇلالىسى ۋە گىرېتسىيە سېلېئۇكسىلار سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھىندىستاننىڭ گۈزەل-سەنئەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن 1-ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۇشان خانى كانىشكا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، بۇد ياسىتىپ، ئۆكۈزسىمان بۇدنى ئۈچ چوڭ سەنئەت مەركىزىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان. ئۆكۈز بۇدچىلىقى سەنئىتى يىراق شەرقتە جۇڭگو، چاۋشيەن ۋە ياپونىيەگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. غەربنىڭ بۇ خىل تەسىرى يەنە نوقۇل سەنئەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ساكلارنىڭ غەربىي رايونىدىكى خەن دەۋرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى يېزىق، سەنئەت، دىن ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن. كۇشان خانى كانىشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۆكۈز ۋە يىلقىنى مەركەز قىلغان ئىككى خىل ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئېقىمى پەيدا بولغان. ئۆكۈز بۇدچىلىقى سەنئىتى گىرېتسىيەچە زىننەتلەش ئۇسلۇبى بىلەن ھىندىستانچە ئۇسلۇب ئەكس ئەتتۇرۇلىدىغان ۋە رىمچە ئۇسلۇبقا بىۋاستە تەقلىد قىلىنغان سەنئەت. بۇ سەنئەت رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، گۈزەل-سەنئەت، قۇرۇلۇش قاتارلىق ساھەلەردە يارقىن چاقناپ تۇرغان (1-، 2-رەسىم).



3-رەسىم



2-رەسىم



1 -رەسىم

ئۆكۈز بۇدچىلىقى سەنئىتى گىرېتسىيە، رىم ئۇسلۇبىنى ئېلىمىزگە شۇنداقلا شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن: نىيە، كىرورەن خارابىلىكلىرىدىن قېزىۋېلىنغان باش رەسىم مۆھۈرلىرى (3-رەسىم)، مالائىكلارنىڭ تام رەسىملىرى ۋە قۇرۇلۇش بېزەكلىرى گىرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ (4-رەسىم).

كۇشان خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۆكۈز بۇدچىلىقى رەسساملىقى ئۆز جايىدا ساقلانمىغان. لېكىن ھازىرغىچە

تېپىلغان كىرورەن خارابىلىكىدىكى تام رەسىملىرىدە ھەربىر ئادەمنىڭ قولىدا كۇشانلارنىڭ تىپىك ئەسۋابى بولغان ھاراق رومكىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارخېئولوگلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «كىرورەن تام رەسىملىرىدە كەم دېگەندە ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ئامىلى، رىم مەدەنىيىتى ئامىلى، كۇشان مەدەنىيىتى ئامىلى (ئۆكۈز بۇدچىلىقى) دىن ئىبارەت» دەپ قارىغان. كىرورەن قەبرە تام رەسىملىرىدە ئۆكۈز بۇدچىلىقى سەنئىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەبرە تام رەسىملىرىنىڭ ئالدى تەرەپ دەل ئوتتۇرىسىدا كونىراپ كەتكەن بىر مەركىزىي تۈۋرۈك بار بولۇپ، بۇ تۈۋرۈككە چاق شەكلىدە نەقىش سىزىلغان. كىرورەن قەبرە تام رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۆلپارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا رىم ئۇسلۇبىدا ياسالغان تۆلپارنىڭ مىس ھەيكىلى بار بولۇپ، بۇنىڭدىن كىرورەن قەبرە تام رەسىملىرىدىكى تۆلپارنىڭ دەل رىم سەنئىتىنىڭ تەسىرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلارجۇڭگو ، گىرېتسىيە، رىم سەنئىتىنىڭ ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دەندەن ئۆيلۈك خارابىلىكى خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇققا جايلاشقان بولۇپ، ستەيىن بۇ خارابىلىكنىڭ 2-نومۇرلۇق شەرقىي پاسىلىغا يېقىن جايدىن بۇددا راھىبلىرىنىڭ لاي ئىلاھ ھەيكەللىرى ۋە ھىندىستان بۇددا ئىلاھلىرىنىڭ تام رەسىملىرىنى بايقىغان. لاي ھەيكەلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تام رەسىمدە يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمى بار، ئۇنىڭ بېشىغا ھىندىستانچە گاز ياغلىق ئارتىلغان بولۇپ، ئوڭ قولى كۆكرىكىگە قويۇلغان، سول بىلىكى بېلىگىچە ئېگىلگەن. بۇ رەسىمدىكى يالىڭاچ ئايال ھىندىستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدە بارلىققا كەلگەن ئۇسسۇلچى قىزغا ئوخشايدۇ.

## 2 . رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

مىلادىيە 1-2- ئەسىرلەردە رىم سودىگەرلىرى رىمنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئەينەك جابدۇقلىرىنى تارىم ئويمانلىقى، ھەتتا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭ شەھىرىگىچە ئېلىپ كەلگەن.

مىلادىيە 1-ئەسىردە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كاسپىلار ئەينەكنى پۈۋلەپ ياساش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلىپ، ئىنتايىن نەپىس بولغان شارسىمان ئەينەك بۇيۇملارنى ياسىغان. رىملىقلار ياسىغان ئەينەك مارجان يىپەك يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. ئارخېئولوگلار خوتەندىكى سامپۇل ۋە نىيە خارابىلىكىدىن رىملىقلار ياسىغان ئەينەك مارجانلارنى بايقىغان. 1980-يىلى شىنجاڭنىڭ كىرورەن قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن بىر تىزىق مارجان تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تېلى رىمنىڭ مىلادىيە 1-2 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە ئەينەك مارجىنىغا ئوخشايدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەبرىلەردىن رىملىقلار ياسىغان نۇرغۇن ئەينەك بۇيۇم، ئەينەك بېزەك ۋە ئەينەك مارجانلار قېزىۋېلىنغان ھەمدە كۆپ مىقداردا مارجان ۋە كەھرىۋادىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى بايقالغان. خەن دەۋرىدىكى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، كەشمىر شىمالىي ھىندىستاندىكى ئۆكۈز بۇدچىلىقى رايونى، ئۇ ھىندى دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، پاكىستاندىكى پېشاۋۇرنى مەركەز قىلغان، كەشمىر قەدىمكى ھىندىستاندىكى 16 دۆلەتنىڭ بىرى. «خەننامە.غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، كەشمىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ياۋا كالا، سۇ كالىسى، پىل، ئىت، يولۋاس، مەرۋايىت مارجان، قاشتېشى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. كەشمىردىن چىققان مەرۋايىت قولدا ياسالغان قىزىل رەڭلىك كىچىك تاش مارجان بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە «گۈل چېكىلگەن قىزىل تاش جەۋھىرى مارجان» دەپ ئاتىلىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ستەيىن خوتەندە بىر نەچچە تال قەدىمىي تاش مارجاننى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاق گۈل نەقىش ئويۇلغان. بۇنىڭدىن بۇ قەدىمىي تاش مارجانلارنىڭ ھىندىستاندىن كىرگەنلىكى ۋە غەربىي يۇرتلۇقلار ياخشى كۆرىدىغان زىننەت بۇيۇمىغا ئايلانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

رىم سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ئىچىدە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارمۇ بار. شىنجاڭنىڭ ھاۋا كېلىماتى

قۇرغاق بولغانلىقتىن نۇرغۇن يۇڭ، يىپەك ۋە پاختا توقۇلما بۇيۇملار ساقلانغان بولۇپ، بۇ بۇيۇملارنىڭ نۇسخىلىرىدا رىم، گىرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى ناھايىتى قويۇق ساقلانغان. مەسىلەن، 1995-يىلى لوپنۇر قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان گۈللۈك چاپان(5 -رەسىم) تىپىك گىرېتسىيە ئۇسلۇبىدىكى چاپان بولۇپ، قەبرىدىن قېزىۋېلىنغاندا بۇ چاپان جەسەتنىڭ ئۇچىسىغا كېيدۈرۈكلۈك ئىكەن، چاپاننىڭ ئالدى تەرىپىگە تېگى قىزىل، سېرىق يوللۇق، ئارقا تەرىپىگە تېگى سېرىق، قىزىل يوللۇق رەخت ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس كەشتىلەنگەن.



4-رەسىم



5-رەسىم

خوتەننىڭ سامپۇلدىكى ئاتلىق سامۇراينىڭ ئاسما سۈرىتى(6-رەسىم) 2200-يىل بۇرۇنقى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ ئاسما سۈرەت قېزىۋېلىنغاندا تۆت پارچە بولۇپ كەتكەنىدى، ھازىر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ بۇيۇمنىڭ ئۈستى قىسمىغا گىرېتسىيە رىۋايەتلىرىدىكى نەي چېلىۋاتقان ئادەم باشلىق ئاتنىڭ، ئاستى قىسمىغا قاراۋۇللۇقتا تۇرىۋاتقان سامۇرايلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ رەڭگى ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، يۇڭ توقۇلما يۇيۇم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايدۇ.



6 - رەسىم



7 -رەسىم



8 -رەسىم

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرە(مىلادىيەدىن بۇرۇنقى5-6-ئەسىرگە تەۋە) ۋە پىچاننىڭ ياڭخى قەبرىستانلىقىدىن ئالتە دانە ياغاچ غوڭقا (قەدىمىي چالغۇ) بايقالغان (7-، 8-رەسىم). «سۈينامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دە خاتىرلىنىشىچە، غوڭقا غەربىي ئاسىيادىكى بىرخىل چالغۇ. بۇگۈنكى كۈندىكى پىپا دەل غوڭقىنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى بولۇپ، غەربىي رايوندا بارلىققا كەلگەن. غوڭقىنىڭ ئەسلىي ماكانى شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ سۇمېرلا ئىجاد

قىلغان، كېيىن مىسىر ۋە گىرېتسىيەگە تارقالغان ۋە مىسىرلىقلار تەرىپىدىن harp دەپ ئاتالغان. كېيىن يەنە پېرسىيەگە تارقىلىپ Tanbura دېيىلگەن، بۇ بىر خىل بويىنى ئۇزۇن بولغان پىپا، بويىنى قىسقا يەنە بىر خىل پىپا پارسلار تەرىپىدىن Barbat دەپ ئاتالغان بولۇپ، كۇسەنگە تارقالغان ۋە كۇسەن تىلىدا vipanki دېيىلگەن. چەرچەندىن چىققان ياغاچ غوڭقا دەل خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭئەنگە كىرگەن تىكلىمە غوڭقا بولۇپ، ئۇ غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمىي چالغۇلارنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنلىكىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پاكىت ئاساسى بولالايدۇ.

## 3 . گىرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

خوتەندىن ئادەم ـ كالا بېشى سۈرەتلىك ئىككى ساپال رومكا قېزىۋېلىنغان(9ـ رەسىم) بولۇپ ، ئۇلار گىرېتسىيەدىن كىرگەن ، سېرىق ساپالدىن ياسالغان بۇ رومكىنىڭ ئاغزى ئادەمنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمى كەمتۈك. بۇ رومكىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭغا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر ئەركىشىنىڭ باش قىسمى ئويۇلغان بولۇپ ئۇچلۇق بۆك كېيىۋالغاندەك ئەركىشىنىڭ پورترېتى ناھايىتى تەبىئىي شەكىللەنگەن، بۆك بۇرما ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئويۇلغان بۇ ئەرنىڭ كۆزى پولتايغان، بۇرنى قاڭشارلىق، ھەم يوغان، ھەم چوڭقۇر كۆزلىرى نۇرلۇق ۋە يۇپيۇمىلاق، قېشى دۆڭ، ئىككى



9 -رەسىم

لېۋى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايى ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، گىرېتسىيە ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەلتىراشلىق ئۇسلۇبى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ بەلكىم ھاراق ئىلاھىنىڭ ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، گىرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭقۇر بولۇپ، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ ھەم مەنىۋى ، ھەم ماددىي قىممىتىنى ھېس قىلالايمىز.

## پايدىلانمىلار


1. ئىسراپىل يۇسۇپ: «شىنجاڭدا بايقالغان قەدىمىي تىل- يېزىقلار»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 2005 -يىلى.
2. يۈ تيەنخېڭ (ياپونىيە): «غەربىي رايوننىڭ تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 2005-يىلى.
3. ۋۇيەنچۈن: «شىنجاڭدىكى بارگاھلاردىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ شەكلى ھەققىدىكى ئەپسانىۋى تېمىلار»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي» 2005- يىلى.
5. شىنجاڭ كىروران ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى: «كىروران قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ھەققىدە قىسقىچە دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقى»، 1998- يىلى 7-سان.
6. لىن مېيسۈن: «يىپەك يولىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ھەققىدە چۈشەنچە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006- يىلى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com


第 32 卷第 1 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　32 ـ يىللىق 1 ـ سان

2011 年 3 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 01 ـ 125 ـ 08


# ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا*


## تەلئەت سىيىت

(شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى رازۋېدكا فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى. 830011)



**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشى، سانائەتلەشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن يەككە سودا-سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى يالالاش نىسبىتى ئېشىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋەقەلىرى ۋە كەسىپىي كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تۆلەم دېلولىرى تەدرىجىي كۆپەيدى. لېكىن بىر تەرەپتىن، كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ قانۇندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىش ئۈستىدە يارىلانغانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن تېگىشلىك مەنپەئەتىنى قوغدىيالمايدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلمەكتە. ماقالىدە، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تۆلەم دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**近几年来，随着我国社会经济的发展、工业生产规模和个体企业对劳动力的需求日益剧增，劳动者在工作中损伤赔偿案件也日益增多，工伤事件，职业病所致的赔偿案件也相应增加。一方面企业为了保护自身利益，侵犯劳动者的合法权利，利用各种手段躲避法律的制裁。另一方面由于有些工伤人员及受害者因保护个人意识淡薄，对自己的合法权益造成了损失。通过此文本人对解决、处理工伤赔偿案件中应注意的几个问题浅谈自己的看法。

**Abstract:** In recent years, with the rapid economic development of our country, numerous trade and industrial corporations have emerged. With the expansion of industrial production, the number of wage laborers hired by corporations has also increased very rapidly; as a result, the number of workers injured on the job has increased markedly, and compensation cases involving job-related injury and illness have also been on the upswing. Many corporations are taking advantage of all kinds of methods to shield themselves from the law and to deprive injured workers of the compensation to which they are legally entitled. This is compounded by the many workers' lack of knowledge of many injured workers about their legal rights, and as a result there are numerous cases in which the procedures set down in law for protecting workers are not properly understood or carried out, and the workers involved are thus unable to adequately protect their own interests. This article will discuss some points and problems which deserve attention on the subject of compensation for job-related injuries.



كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D923　　ماتېرىيال بەلگىسى: A


## 1. ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بېكىتىش

ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بېكىتىش ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تالاش-تارتىشلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 12-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.


**تەلئەت سىيىت:** (1960-يىلى 10-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى، قانۇن دوختۇرلۇق باھالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئاچقۇچى. ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئەمگەكچى بىلەن ئىش ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى، باراۋەرلىك بىلەن باراۋەرسىزلىك. ئەمگەك مۇناسىۋىتى ـ ئەمگەكچى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن باراۋەر ئاساستا كېڭىشىپ ئەمگەك توختامى ئىمزالاش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە كېڭىشىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۈزۈلىدۇ ۋە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ باراۋەرلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان ھامان، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچىنى ئىشقا سالىدۇ، باشقۇرىدۇ، ئەمگەكچىمۇ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىرى، ئىش ھەققىي مەسىلىسى بولۇپ، ئەمگەكچىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى كۆپرەك ئىش ھەققىگە ئېرىشىش، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى كۆپرەك پايدا ئېلىش. بۇ ئىككىسى روشەن قارىمۇقارشىلىققا ئىگە بولۇپ، ئەگەر كارخانىنىڭ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولسا، ئەمگەكچىنىڭ ئىش ھەققىي، مۇكاپات ۋە پاراۋانلىق قاتارلىقلارغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمگەكچىنىڭ ئىقتىدارى، تېخنىكىسى قاتارلىقلارمۇ كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىلەن مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىنى توغرا پەرقلەندۈرۈش ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى توغرا بېكىتىشنىڭ ئاچقۇچى. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا ئىككىسى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرق: بىرىنچىدىن، سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ سۇبيېكتى بولغان بىر تەرەپ پەقەت قانۇنىي ئىگە ياكى تەشكىلات، يەنى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن. يەنە بىر تەرەپ ئەمگەكچىنىڭ ئۆزى. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا قانۇنىي ئىگە تەشكىلات، پۇقرا بولسىمۇ ياكى پۇقراۋى قانۇنىي ئىگە تەشكىلات بولسىمۇ بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سۇبيېكتلىق مۇناسىۋەت ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ئەمگەكچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننى ئەمگەك بىلەن تەمىن ئېتىشتىن باشقا، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى، ئۇلارنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى خىزمەتچىسىگە ئايلىنىشى لازىم. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىدە ھەر قايسىسىنىڭ ئورنى باراۋەر ، بۇ باراۋەرلىك ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىلەن مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى يادرولۇق ئۆلچەم؛ ئۈچىنچىدىن، ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ئەمگەكچى ئىش ھەققىدىن بەھرىمەن بولغاندىن باشقا يەنە سۇغۇرتا، پاراۋانلىق قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىدىكى ياللانغۇچى ئادەتتە ئەمگەك توختامى ئارقىلىق ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىشتىن ئىبارەت بازار پرىنسىپى بويىچە ھەققە ئېرىشىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ياللىغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى، تەربىيەلىنىش سۇغۇرتىسى تاپشۇرۇشى كېرەك. ئەمگەكچىگە بېرىدىغان ئىش ھەققىي ھۆكۈمەت بېكىتكەن شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىي ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىدىكى ياللىغۇچىلاردا بۇ خىل مەجبۇرىيەت بولمايدۇ؛ بەشىنچىدىن، توختامنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى توختامنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، تەرەپلەر كېڭىشىپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچىلەرنى دۆلەت بەلگىلىگەن بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئەمگەك تىجارىتى ۋە ئەمگەك سۇغۇرتا بۇيۇملىرى بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىدىكى مۇلازىمەت توختىمىنى تەرەپلەر مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئەركىن كېڭىشىشە بولىدۇ. ئىختىيارچانلىقى كۈچلۈك؛ ئالتىنچىدىن، ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ماجىرا يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەمگەك كېسىم كومىتېتلىرى كېسىم قىلىدۇ. كېسىمگە قايىل بولمىغاندا خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. ئەمگەك كېسىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىرىش ئالدىنقى شەرت. مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، كېسىم قىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنماستىن تەرەپلەر بىۋاستە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## 2 . ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش

ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش يەنە كەسىپتىكى جاراھەتلىنىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمگەكچىنىڭ كەسپىي پائالىيەت ياكى كەسىپكە ئالاقىدار پائالىيەت داۋامىدا ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە كەسپىي كېسەل بىلەن زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامى» نىڭ 14-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەردە تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى كۆرۈلسە ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ: 1) ئىش ۋاقتى، ئىش ئورنىدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھادىسىگە ئۇچراپ زىيانلانغان بولسا؛ 2) خىزمەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىش ئورنىدا خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەييارلىق ئىشلىرى ياكى قالدۇق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، زىيانلانغان بولسا؛ 3) خىزمەت ۋاقتى ۋە ئىش ئورنىداخىزمەت مەسئۇلىيىتى سەۋەبىدىن زوراۋانلىق قاتارلىق كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ زىيانلانغان بولسا؛ 4) كەسپىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا؛ 5) خىزمەت بىلەن سىرتقا چىققان مەزگىلدە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن زىيانلانغان ياكى ھادىسىگە ئۇچراپ ئىز-دېرىكى بولمىغان بولسا؛ 6) ئىشتىن چۈشۈپ يول ئۈستىدە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ھادىسىگە ئۇچراپ زىيانلانغان بولسا؛ 7) قانۇن، مەمۇرىي قائىدە-نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئىش ئۆستىدە يارىلانغان، دەپ بېكىتىشكە بولىدىغان باشقا ئەھۋاللار.

ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامىنىڭ 15-ماددىسى بويىچە، ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى كۆرۈلسە ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ: 1) خىزمەت ۋاقتى ۋە خىزمەت ئورنىدا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى 48 سائەت ئىچىدە جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارسىمۇ ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەر؛ 2) خەتەر، ئاپەت قاتارلىق ئەھۋاللاردا دۆلەت مەنپەئەتى، ئاممىۋى مەنپەئەتنى قوغداش ھەرىكىتىدە زىيانلانغان بولسا؛ 3) ئىشچى-خىزمەتچى ئەسلىي ھەربىي سەپتە مەجبۇرىيەت ئۆتەۋېتىپ، ئۇرۇشتا زەخىملەنگەن ياكى مېيىپ بولۇپ ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلىك كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا كەلگەندىن كېيىن، كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بولسا، ئەمما جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ياكى ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلىپ زەخىملەنگەن ۋە ئۆلگەنلەر، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ ئۆلگەن ۋە ئۆزلۈكىدىن مېيىپ بولغان ياكى ئۆزى ئۆلۈۋالغانلارنى ئىش ئۆستىدە زەخىملەنگەن دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ:

گەرچە، «ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش نىزامى» دا ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا قارىتا ئەتراپلىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئىدارە تەشكىللىگەن تەنتەربىيە پائالىيىدە، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، چۈشلۈك ئارام ئېلىشتا، سىمنا قوشۇپ ئىشلىگەندە دەم ئېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش ئەھۋاللىرى؛ بەلگىلىمە بويىچە ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش مەزگىلىدە مېڭىشقا تېگىشلىك يوللاردا يۈز بەرگەن، ئۆزىدە مەسئۇلىيەت بار ياكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت بار، دەپ بېكىتىلگەن ماتورلۇق قاتناش ھادىسىلىرى؛ دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئاۋاز قوشۇپ تەدبىر كۆرۈش ياكى ئىش ئۆستىدە يارىلانغانلىقتىن داۋالىنىشتا ئۇچرىغان داۋالاش ھادىسىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان زەخىملىنىش ياكى ئېغىر زەخىملىنىش ھادىسىلىرى؛ ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يېگەندە كوللېكتىپ زەھەرلىنىش ئارقىلىق كېلىپ چىققان زەخىملىنىش ياكى ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە يوق. بۇ خىل ئەھۋاللار روشەن ھالدا ئىدارىنىڭ كوللېكتىپ خىزمىتى ياكى مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بەزى ئەمگەك سۇغۇرتا مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە سوت قىلغۇچى خادىملار ، بۇ ئەھۋاللارنى «ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما، «ئىش ئۆستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى» نىڭ 16-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن 3 خىل ئەھۋالغا تەۋە بولسىلا ئىش

ئۇستىدە يارىلىنىش، **دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ**، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. **مېنىڭچە**، **«ئەمگەك قانۇنى»**، «ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش **سۇغۇرتىسى** نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار قانۇن-قائىدىلەردىكى قانۇن تۇرغۇزۇش روھىدىن قارىغاندا، ئەمگەكچىنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىلىق قوغدىلىدۇ. شۇڭا قانۇننى تەتبىقلاشتىمۇ ئاجىزلار توپىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇشىنى، ئەمگەكچىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتنى قوغداشنى نىشان قىلىپ، پەقەت خىزمەت ۋاقتى ۋە خىزمەت ئورنىدىلا يۈز بەرگەن يارىلىنىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرى گەرچە «ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى» نىڭ 16-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋاللارغا ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن، قائىدىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمىسىلا ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

## 3 . دەۋا سۇبيېكتى

ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىشتە، مەمۇرىي دەۋا دېلولىرى بىلەن باشقا دەۋا دېلولىرىنى سېلىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ سۇبيېكتى بەلگىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1) ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىشتە مەمۇرىي دەۋا دېلولىرىدىكى جاۋابكار ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت مەمۇرىي تارماقلىرى ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى بولىدۇ. «ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھادىسىگە ئۇچراپ زىيانلانغان ياكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كەسپىي كېسەللىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىنكى 30 كۈن ئىچىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۆز جايىدىكى ئەمگەك كاپالىتى مەمۇرىي ئورگىنىغا ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلىقنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئىلتىماس قىلمىغان بولسا، ئىش ئۇستىدە يارىلانغان ئىشچى-خىزمەتچى ياكى ئۇنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ھادىسە كۆرۈلۈپ زىيانلانغان كۈنى ياكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كەسپىي كېسەل ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە بىۋاستە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى ئەمگەك كاپالىتى مەمۇرىي ئورگىنىغا ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلىقنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق ئورگان پەقەت ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى ئەمگەك كاپالىتى مەمۇرىي ئورگىنى بولىدۇ.

2) ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىشتىكى مەمۇرىي دەۋا دېلولىرىنىڭ سۇبيېكتى مۇقەررەر ھالدا ئۈچىنچى كىشى بولىدۇ.

ئەگەر دەۋاگەر ئەرز قىلغاندا، يەنە بىر تەرەپنى بۇ دېلودىكى ئۈچىنچى كىشى، دەپ ئەرز قىلمىغان بولسا، سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرگە ئۈچىنچى كىشىنىڭ دەۋاغا قاتنىشىشىنى ئۇقتۇرۇشى ياكى ھوقۇقىغا بىنائەن ئۈچىنچى كىشىنىڭ سوتقا قاتنىشىپ دەۋاغا جاۋاب بېرىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ دەۋادا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۈچىنچى كىشى قانۇنلۇق چاقىرتىلغاندا سوتقا كېلىپ دەۋاغا قاتنىشىشنى رەت قىلسا قانۇن بويىچە سىرتتىن سوتلاپ بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ.

3) مەمۇرىي دەۋا دېلولىرىدىكى دەۋاگەرنىڭ دائىرىسى مەسىلىسىدە «ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامى» نىڭ 2-ماددىسىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك كارخانا، ئادەم يالالپ ئىشلىتىدىغان يەككە سودا-سانائەتچىلەر ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش نىزامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىششى كېرەك. بۇ ئورۇندىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياكى يالالنما ئىشچىلار ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرۇشى كېرەك. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، يەككە سودا-سانائەت تۈزۈمىدىكى يالالنما ئىشچىلار قانۇن بويىچە ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك كارخانا، ئادەم يالالايدىغان سودا-سانائەتچىلەر ۋە يەككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىجارەتچىلەر بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياكى ياللانما ئىشچىلار ئەمگەك سۇغۇرتىسى مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىش ھەققىدىكى قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋا سۈرۈكى ئىچىدە دەۋاگەر سالاھىيىتى بىلەن مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ.لېكىن، سوت قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئەمگەكچىلەر كارخانىلار ياكى يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىغان بولسا، ئۇلارنىڭ دەۋاگەر سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى بولامدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىدە بىردەكلىك يوق.

مېنىڭچە، دەۋاگەرنىڭ دەۋا سۇبيېكتلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان- ھازىرلىمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئەمگەكچى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندا بولۇپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەنگەن-شەكىللەنمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. بۇ يەردە ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىلەن مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىنى توغرا پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر، ئۇنداق بولمايدىكەن، دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتا ماھىيەتلىك خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

## 4 . ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش تۆلىمى توغرىسىدا

ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش تۆلىمى دېلولىرىنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ئەمگەك تالاش-تارتىش دېلولىرىغا ئائىت ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش تۆلىمى.

بۇنىڭدىكى بىرىنچى خىل ئەھۋال، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن «ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا نىزامى» غا ئاساسەن، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئورگىنىغا ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن، ئىش ئۇستىدە يارىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرىنىڭ ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى باھالاپ بېكىتىشكە ئىلتىماس قىلىپ، سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىدىن تۆلەم ئالسا بولىدۇ، ئەگەر ئىش ئۇستىدە يارىلانغۇچى داۋالىنىشتا ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا، يارا ئەھۋالى ئاساسەن تۇراقلاشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئەمگەك ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ئەمگەك ئىقتىدارىنى باھالاش ئورنىنىڭ مېيىپلىق دەرىجىسىنى باھالاش دەرىجىسىگە ئاساسەن مېيىپلىق پۇلىنى سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈپ ئالدىن تۆلەپ بەرسە بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئەھۋال، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى بېجىرمىگەن بولسا، ئىش ئۇستىدە يارىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «جىسمانىي زىيان تۆلەم دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قانۇننى تەتبىق قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئىزاھاتى» («جىسمانىي زىيان تۆلىمى ھەققىدە ئىزاھات») نىڭ 2-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندىن ھەق تەلەپ تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى، ئۇلارنىڭ «ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. لېكىن جىسمانىي زىيان تۆلىمى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا تۆلىمىدە ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، بۇ دېلو ئەمگەك تالاش-تارتىش دېلوسىغا تەۋە بولسا، كېسىمدىن ئىلگىرىكى تەرتىپنى تەتبىقلاش كېرەك. كېسىم قارارىغا قايىل بولمىغانلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلغاندا، مەيلى خاتالىق بولسۇن-بولمىسۇن، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىنى تەتبىقلىشى يەنى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ خاتالىقى بولسۇن-بولمىسۇن ئىش ئۇستىدە يارىلانغۇچىنىڭ زىيىنىنى تۆلەش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

2) ئادەم ياللاش جەريانىدىكى ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش زىيان تۆلىمىگە تەۋە دېلولاردا سۇغۇرتا بېجىرمەسلىك خاتالىقى بولسىمۇ، ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىنىڭ ئادەتتىكى بەلگىلىمىلىرى تەتبىق قىلىنىدۇ. يەنى «جىسمانىي زىيان تۆلىمى توغرىسىدىكى ئىزاھات» نىڭ 11-ماددىسىدا «ياللانغۇچىلار ياللانغان مەزگىلدە جىسمانىي زىيانغا ئۇچرىغان بولسا ياللىغۇچى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. زىياننى ياللاش مۇناسىۋىتىنىڭ

سىرتىدىكى ئۈچىنچى كىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، تۆلەم ھوقۇقىغا ئىگە كىشى ئۈچىنچى كىشىنىڭ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىسىمۇ بولىدۇ.

«ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا نىزامى» ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى ۋە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا دائىرىسىگە تەۋە بولغانلىرىغا بۇ بەلگىلىمە تەتبىق قىلىنمايدۇ. شۇڭا، يالالنغۇچى يالالنما ئەمگىكى داۋامىدا ئىش ئۈستىدە يارىلانسا، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى ۋە ئالاقىدار ئەدلىيەلىك ئىزاھاتتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ، بىۋاستە خەلق سوت مەھكىمىسىگە جىسمانىي زىيان تۆلىمى دەۋاسى قىلىسا بولىدۇ. كېيىمدىن ئىلگىرىكى تەرتىپتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەسىلەن، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلۇشنى قانۇنسىز ھالدا شەخسىي ھۆددىگەرگە ھۆددىگە بېرىش، شەخسىي ھۆددىگەر بۇ قۇرۇلۇشنى يەنە قانۇنسىز ھالدا ۋاقىتلىق ئىشچىغا ھۆددىگە بېرىشتەك ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئىقتىسادى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان جايلاردا بۇ خىل ھادىسىلەر تېخىمۇ ئېغىر. 2004-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىن دۆلىتىمىز يولغا قويغان مەجبۇرلاش تەدبىرى، بىرلىككە كەلگەن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەك داۋامىدا يۈز بەرگەن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تۆلىمى بىلەن نۆۋەتتە يولغا قويۇلىۋاتقان ئەمگەك تالاش-تارتىشىدىكى تۆلەم شەكلى بويىچە، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا قۇرۇلۇش باشلانغاندا ۋاقىتلىق ئىشچىلارغا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھەققىدىكى قانۇن تەتبىق قىلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئىشلىرىدا قاتلام ھۆددىگە بېرىش ، ئىناۋەتسىز ھۆددىگە ئېلىش ھادىسىلىرى ئىنتايىن ئېغىر. «جىسمانىي زىيان تۆلىمى توغرىسىدىكى ئىزاھات» نىڭ 11-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار چوقۇم كەسپىي ئىجازەتنامىگە ئىگە بولغان بولۇشى، ھۆددىگە ئالغۇچى ئۆزى ھۆددىگە ئالغان قىسمەن ئىشنى (خىزمەتنى) ئۈچىنچى كىشىنىڭ ئورۇنلىشىغا تاپشۇرغان بولسا، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىگە ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى لازىم. قانۇندا ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ قۇرۇلۇشنى ئوخشاش سالاھىيەت ۋە شەرتنى ھازىرلىمىغان ئورۇنغا ھۆددىگە بېرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەمگەك مىنىستىرلىقى تارقاتقان (1994) 109-نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن قانۇنسىز ھالدا ۋاقىتلىق ئىشچى ئىشلەتكەن مەزگىلدە ۋاقىتلىق ئىشچى ئىش ئۈستىدە يارىلانغان بولسا، ۋاقىتلىق ئىشچىنىڭ تەمىناتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھۆددىگە مەسئۇل بولغۇچى قانۇنسىز ئىشلەتكەن ۋاقىتلىق ئىشچى ئىش ئۈستىدە ھادىسىگە يولۇقسا ئۇنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تەمىناتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھۆددىگەرنىڭ ھەققەتەن ئۈستىگە ئېلىشقا چامى يەتمىسە، ھۆددىگە بەرگۈچى ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھادىسىسىنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش، ھۆددە ئېلىشقا مەسئۇل بولغۇچى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن ھۆددىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولغۇچى چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىش مۇمكىن. پرىنسىپ جەھەتتە، تۆلەم ئۆلچىمى «ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

شىركىلىشىپ ھۆددىگە ئېلىشتىكى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشتا شىركىلەشكۈچىلەر پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ.

3) ئادەتتىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تۆلىمى «جىسمانىي زىيان تۆلىمى توغرىسىدىكى ئىزاھات» تا بەلگىلەنگەن جىسمانىي زىيان تۆلىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئائىلىدە بالا باققۇچى، سائەتلىك ئىشچى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىقلاردا كېلىپ چىققان ئادەتتىكى جىسمانىي زىياننى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى جىسمانىي زىيان تۆلىمى( سەۋەنلىك مەسئۇلىيەت پرىنسىپى بىلەن سەۋەنلىكنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى) بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يېزىلاردىكى شەخسىي ئۆي سېلىشنى ئالساق بۇ قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئالغۇچى (سالاھىيىتى يوق) بىر بۆلەك كىشىلەرنى ۋاقىتلىق تەشكىللەپ ئىشلەتكەچكە بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھادىسىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى جىسمانىي زىيان تۆلىمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئالاھىدە بەلگىلىمە بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. مەسىلەن، ھايۋانلارنىڭ زەخىملەندۈرۈشى، ماددىي بۇيۇملار سەۋەبلىك زەخىملىنىش قاتارلىقلار.

## 5 . ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى توغرىسىدا

ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش تۆلەم ئىلتىماسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە زىيانىنى تۆلەش بىلەن ھەق-تەلەپ بويىچە زىيانىنى قوش تۆلەشكە بولامدۇ-يوق؟ دېگەنلىك. «جىسمانىي زىيان تۆلىمى توغرىسىدىكى ئىزاھات» نىڭ 12-ماددىسى بويىچە، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشقان ئورۇنلارنىڭ ئەمگەكچىلىرى ئىش ئۇستىدە ھادىسىگە ئۇچراپ، جىسمانىي زىيان كېلىپ چىقىپ، ئەمگەكچى ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرى بويىچە زىيانىنى تۆلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، سوت مەھكىمىسى ئۇلارغا«ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى، ئىدارە، ئورۇن سىرتىدىكى ئۈچىنچى كىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىسمانىي زىيانىنى تۆلەشنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، قوللىشى كېرەك. دېمەك ، ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش دېلولىرىدىكى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش ۋە ئۈچىنچى كىشىنىڭ قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭچە، ئالدىنقىسىدا زىيانلانغۇچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۇستىدىن ئەرز قىلىشقا بولمايدۇ. كېيىنكىسىدە زىيانلانغۇچى ئۈچىنچى كىشىدىن جىسمانىي زىيان تۆلىمى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ مەسئۇلىيىتىگە تەۋە بولسا، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچى ئۈچۈن سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش خېيىم-خەتىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قايتا ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىش ئارقىلىق قوشلاپ تۆلەم ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر مەسئۇلىيەت ئۈچىنچى كىشىدە بولسا ، ئۈچىنچى كىشى ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالمىسا ئەمگەكچى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ھوقۇققا دەخلى يەتكۈزگۈچى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگىنى ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋىتى ، ئۈچىنچى كىشى ھوقۇققا دەخلى يەتكۈزۈپ، زىيان سالغان بولسا، ھەق تەلەپ ئىشلىرى بويىچە ھوقۇققا دەخلى يەتكۈزۈشنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسى بويىچە سەۋەنلىك بىلەن تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 6 . خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش مەسىلىسىنى بىۋاستە بېكىتىش مەسىلىسى

ئىش ئۇستىدە يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن ياكى يەكۈن چىقىرىلغان، كەسپىي كېسەللىكى بېكىتىلگەن كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئىش ئۇستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلمىغان بولسا، ئەمگەكچى ئۆزى ئەمگەك سۇغۇرتا مەمۇرىي تارماقلىرىغا ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلىقىنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، ئەمما ئەمگەك سۇغۇرتا مەمۇرىي تارماقلىرى ئىلتىماس سۇنۇش سۈرۈكىنى بىر يىلدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى ياكى تەمىنلىگەن ماتېرىياللىنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك قوبۇل قىلمىغان بولسا ۋە ياكى ئىش ئۇستىدە يارىلانغۇچى ئەمگەك كېسىمى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئەمگەك تالاش-تارتىشى كېسىم كومىتېتى، ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلىق ھەققىدىكى رەسمىيەت تولۇق ئەمەس، دەپ قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئىش ئۇستىدە يارىلانغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى

يارىلانغانلىقنى تەكشۈرۈپ بېكىتەلمىسە قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ھەر خىل قاراش مەۋجۇت ، بەزىلەر، زەخىملىنىشنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشقا تۇشىدىغان-تۇشمايدىغانلىقىنى ئەمگەك كاپالەت مەمۇرىي تارماقلىرى بېكىتىشى كېرەك، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە بېكىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر، سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان پاكىتقا ئاساسەن ئەمگەكچىنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشقا تۇشىدىغان ـ تۇشمايدىغانلىقىنى بىۋاسىتە بېكىتسە بولىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشقا تۇشسا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ مۇۋاپىق تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. ئەگەر سوت مەھكىمىسى ئىش ئۈستىدە يارىلانغانلىقىنى بېكىتىش ھوقۇقىنى ئىشلەتمىسە، ئۇنداقتا ئەمگەكچى قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ دەپ قارايدۇ. «ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا نىزامى»دا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىش سورۇكى بىر يىل بولۇپ، ھەر قانداق يوللۇق سەۋەب بىلەن سورۇكنى ئۇزارتىشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا يەنىمۇ كاپالەتلىك قىلىش ۋە دەۋا چىقىملىرىنى تېجەش نۇقتىسىدىن، خەلق سوت مەھكىمىسى بىۋاسىتە بېكىتىپ، ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كونكرېت ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ.

## 7. قىسمەن كېسىم قىلىشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا

ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىش يەكۈنىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلتىماس قىلىش، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش، مەمۇرىي دەۋا جەريانلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېيىپلىق يەكۈنىنى باھالاشتىمۇ قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭغا ۋاقىت ۋە خىراجەت كېتىدىغان بولغاچقا، زىيانلانغۇچىنىڭ جىددىي داۋالىنىشىغا پايدىسىز. ئەكسىچە، بەزى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بۇنداق قاتمۇ ـ قات تەرتىپلەردىن پايدىلىنىپ قەستەن كەينىگە سۈرىدۇ. شۇڭا دۆلەت ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىغا قىسمەن كېسىم قىلىش تۈزۈمىنى بەلگىلىگەن بولۇپ ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەكچىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىش ھەققى، داۋالىنىش چىقىملىرىنى كەينىگە سۈرگەنلەرگە قارىتا كېسىم كومىتېتى قىسمەن كېسىم قىلىدۇ ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن كېسىم ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلمىغاندا، ئەمگەكچى بىۋاسىتە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قىسمەن كېسىم قىلىش ئەمگەك تالاش ـتارتىشىنىڭ ھەممىسىگە بىراق كېسىم چىقىرىشقا بولمىغاندا، كېسىم ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ، ئەمگەكچىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش شارائىتىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش، ئەمگەكچىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق. شۇڭا ئەمگەكچى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 97ـ98ـماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئالدىن ئىجرا قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قىسمەن كېسىم شەكلى ئارقىلىق ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننى داۋالىنىش چىقىمى ۋە ئىش ھەققىنى ئالدىن چىقىم قىلىشقا بۇيرۇپ، ئەمگەكچىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى ۋە داۋالىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## پايدىلانمىلار


1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا نىزامى»، 2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان.
2. «ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىقىنىڭ كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتا سىناق چارىسى»، 1996ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان.
3. «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى سوت قىلىشقا ئائىت ئەدلىيەلىك ئىزاھاتى»، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.
4. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى»، 2007 ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2011) 03-133-04

# ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا*

**راھىلە مۇھەممەت**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى، ئىستۇدېنتلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئىگىلىك تىكلەش روھىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ماقالىدە، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ مۇھىملىقى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى، شۇنداقلا دىسسېرتاتسىيەنىڭ سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش مەسىلىسىگە قارىتا ياپونىيەلىك ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈلدى.

**摘要:** 在大学本科教学中，毕业论文是本科教学工作的一个重要环节，在本科教学体系中具有十分重要的地位。毕业论文工作的成效关系着——培养大学生的创新能力、实践能力和创新精神。本文阐述本科生毕业论文重要性，探讨了目前本科生毕业论文中存在的问题；对如何提高本科生毕业论文质量笔者日本大学生毕业论文完成过程连起来分析并指出了提高毕业论文质量的几个途径。

**Abstracts:** Graduation thesis is an important factor of undergraduate teaching in the university. It has an important position in the teaching system. Graduation thesis working result have a relationship with the effectiveness of training the students practice, innovation ability and also with spirit of innovation. In the paper, first of all fully realize the importance of undergraduate thesis, then master a number of questions which related with graduation thesis nowadays, On how to improve the quality of undergraduate thesis, the author analyzed the problems above according to the her own practical experience and according to the study of Japan link with the process of Japanese students' undergraduate thesis and made some suggestions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G40    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ مۇھىملىقى

ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماي، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

1) ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ پەننىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرى، كەسپىي بىلىملەر ۋە ئاساسلىق ماھارەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** راھىلە مۇھەممەت (1967-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، نوپۇس تەتقىقاتى پەنلىرى دوكتورى، تۇغۇت ۋە ساغلاملىق نەزەرىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يوللىرىدىن بىرى. تەربىيەلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى شۇنداقلا، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ بىرخىل شەكلى.

2) ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى يېزىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈشكە، ئوقۇغۇچىلارنى راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇشتەك ئىلمىي روھقا، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىش جەريانى ئوقۇغۇچىلار تېما تاللاش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، پىكىرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاخىرىدا ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈرۈش جەريانىدۇر، بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلار پەقەت بىلىم ۋە قابىلىيەتنى، ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپلا قالماي، مۇھىمى ئۇنىڭدىن بىر تۈرلۈك «ئىجاد قىلىش» خاراكتېرلىق خىزمەتنى قانداق ئىشلەشنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

## 2. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىمغا ئاساسەن، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى 5 نۇقتىغا يىغىنچاقلىدىم:

1) تېما تاللاش. بۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، شۇنداقلا، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم باشلىنىش نۇقتىسى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق تېما تاللىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ـ دىسسېرتاتسىيەنىڭ نەزەرىيەۋى قىممىتىنى بەلگىلەپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىسسېرتاتسىيەنى تاماملاش سۈپىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا مۇۋاپىق تېما تاللاش بىر قىيىن نۇقتا. بۇنىڭدا ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق تېما تاللىشىغا ياردەملىشىشىدىن ئىبارەت. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ تەتقىقات تۈرىگە بىرلەشتۈرۈپ تېما چىقىرىدۇ، تېمىلار بەك چوڭ ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىغا ئىگە بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار قابىلىيىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى نامايەن قىلالمايدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار چىقارغان تېمىلارنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار تاماملىيالماي، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلاردا تېما تاللاش جەھەتتە پىلان بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل بولغاچقا، تېمىنى كۆرۈپلا يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا، بىلىم ئىگىلىشىگە پايدىسىز.

2) دىسسېرتاتسىيەنىڭ قۇرۇلمىسى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، دىسسېرتاتسىيەسىدە مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك، قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ بولۇش مەسىلىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. دىسسېرتاتسىيەنى يېزىشتىن تارتىپ تاماملاشقىچە بولغان جەرياندا، كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، دىسسېرتاتسىيەنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ماقالىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى، مەنتىقىلىقى ئېنىق بولۇشى كېرەك، ھەرقايسى قىسىملار ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت شەكىللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز چېچىلاڭغۇ بولماسلىقى كېرەك. قالايمىقانچىلىق كۆرۈلسىلا، مۇقەررەر ھالدا قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، بولمىسا، ماقالىدە كۆزقاراش ۋە ئىسپاتلار گەۋدىلەنمەيدۇ ـ دە، مەزمۇنى قالايمىقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىزلىكى. ئوقۇغۇچىلىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپكىچە ئىمتىھان مائارىپى بويىچە تەربىيەلەنگەچكە، ئۆگەتكەننىلا ئۆگىنىشكە، ئۆلۈك يادلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان، شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن. ياپونىيەدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، مەكتەپلەردە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا ئوقۇغۇچىلاردىن تەسىرات ياكى دوكلات يېزىشنى تەلەپ قىلىنىدىكەن. ئالىي مەكتەپلەردە كۆپ قىسىم دەرسلەردىن ئىمتىھان ئېلىنماي، دوكات يېزىش تەلەپ قىلىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى كىچىكىدىن تارتىپلا يېتىلىپ بارىدىكەن.

4) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى. ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىسسېرتاتسىيە يېزىشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى بېسىمى بارغانسېرى ئېغىرلىغاچقا، ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، ئوقۇغۇچىلار زېھنىنى خىزمەت ئىزدەش، مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىش يىغىنلىرىغا ۋە تۈرلۈك يۇز تۇرانە ئىمتىھانلارغا قاتنىشىشقا سەرپ قىلىپ، دىسسېرتاتسىيە يېزىشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويغاچقا، دىسسېرتاتسىيەنى لايىھەلەش، تاماملاشقا ئاجرىتىلغان ۋاقتى ۋە زېھنى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.

5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى. دىسسېرتاتسىيەنىڭ سەۋىيەسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىغا باھا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆلچەم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلىغاندىكى ئىپادىلەش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەن بولغاچقا، دىسسېرتاتسىيەنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتمەكتە. بۇخىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى، بىرىنچىدىن، دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن ئاۋۋال تولۇق تەييارلىق قىلمىغانلىقتىن بولسا، ئىككىنچىدىن، ئاڭلاش-سۆزلەش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقوغۇچىلارغا مۇنازىرلىشىش سەنئىتىنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزىنى چېنىقتۇرىدىغان ياخشى پۇرسەت، دىسسېرتاتسىيەنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى دىسسېرتاتسىيەنىڭ مەزمۇنىغا پىششىق بولۇش ھەم ئۆز قارىشىنى دادىل ئىپادىلەپ بېرىشتە. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار دىسسېرتاتسىيە ياقلاشنىڭ ئالدىدا تولۇق تەييارلىق قىلىشى، ئادەتتىكى ئۆگىنىش داۋامىدا ئاڭلاش-سۆزلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى لازىم.

## 3. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە دائىر بىرقانچە تەكلىپ

تولۇق كۇرس ئالىي مائارىپنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شۇڭا، دىسسېرتاتسىيە يېزىشنىمۇ باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمى، ماھارىتى ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز توپلىنىشى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىمۇ ئۆسىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1) ئوقوغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، دىسسېرتاتسىيەنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش لازىم، ئىستۇدېنتلارنىڭ دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەستايىدىللىق ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تېمىنى بېكىتىش، ماتېرىيال توپلاش، تەھلىل قىلىش، دەلىللەش ۋە يېزىش قاتارلىق جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە، چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئوقۇتقۇچى پەقەت يېتەكچىلىك رولىنىلا ئوينايدۇ، شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە قارىتا توغرا تونۇشنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك، تونۇش مەسىلىسى ئايدىڭلاشسا، ئوقۇغۇچىلار دىسسېرتاتسىيەگە يېتەرلىك ئېتىبار بېرىدۇ ـ دە، دىسسېرتاتسىيەنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ.

2) ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى يېتەكچى تۈزۈمى «seminar» نى يولغا قويۇش[1]، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ۋە تەتقىق قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش

دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى، تېما تاللاش، يېزىش، قۇرۇلمىسىنى لايىھەلەشتە ماتېرىيال كۆرۈشكە ۋە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت ئۆز كەسپىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك پەنلەرگە دائىر ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرۈش، ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدا ئىلھام ئېلىپ، ئۆگىنىش كېرەك. ماتېرىيال كۆرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تېما تاللاپ يازغاندا دىسسېرتاتسىيە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل جەريان دۆلىتىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئىستۇدېنتلار ئۈچۈن بىر بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش، ئىستۇدېنتلارنىڭ پەن تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە دىسسېرتاتسىيە يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك، مەسىلەن، ياپونىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئۈچىنچى يىللىقتىن باشلاپلا ئۆزى قىزىققان كەسپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «seminar»ىغا قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغان مۇھىت شەكىللىنىپ، ئوقۇغۇچىلار يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپى، تەتقىقات يۆنىلىشى، تەتقىقات ئۇسۇلى، تەتقىقات نەتىجىسى قاتارلىقلارنى چۈشىنەلەيدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى ئاستىدا دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملايدۇ ھەم مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئالدىغا تېما تاللاش ئارقىلىق، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن تەتقىقات جەھەتتىكى مەقسەت ۋە ۋەزىپىسىنىڭ بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بىرلىكتە تەتقىق قىلىش، دىسسېرتاتسىيەنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

3) يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئوقۇتۇشنىڭ ھالقىلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە بولغان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش لازىم.

4) ئادەتتىكى ئۆگىنىش داۋامىدا، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدىغان شارائىت، «seminar» شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنازىرىلىشىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئاڭلاش ـ سۆزلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئوقۇغۇچىلار باھالىغۇچى سورىغان سوئاللارغا دادىل جاۋاب بېرەلىسە، دىسسېرتاتسىيەنىڭ سۈپىتىگە ۋە ئۇنۇمىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىش ئىشەنچىسى ئېشىپ، ئۇنى خىزمەت تېپىش ئەمەلىيىتىدىمۇ قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

## ئىزاھلار

[1] «seminar» ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنى كۆرسىتىدۇ. قاتنىشىدىغان ئادەم سانى چەكلىك بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماتېرىيال كۆرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىنىلىپ، ئوقوغۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىگىلەش، مۇلاھىزە ۋە تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. 白井利明・高橋一郎著《よくわかる卒論の書き方》、日本ミネルヴァ書房、2009年4月。
2. 李长艳，《提高本科生毕业论文质量的思考》(http://www.hcedu.cn/html/jysp/2010-5/4/09-29-43-417-2.shtml)，查阅时间：2010年12月10日。


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 04 ـ 137 ـ 03 (2011) 5878 ـ 1005

# ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا*

ئەخمەتجان ئۆمەر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ خاراكتېرى چىقىش قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى، ئىچكى قىسمىغا يۈزلىنىشچانلىقى ۋە ئۇنىۋېرساللىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى شۇنداقلا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى دۇچ كېلىۋاتقان سۈپەتلىك ۋە سەۋىيەلىك ماقالە مەنبەسى كېمىيىپ كېتىش، ژۇرناللارنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە تەسىر دائىرىسى ئاجىزلاپ كېتىش، كومپيۇتېر ۋە تور تېخنىكىسى ئېلىپ كەلگەن خىرىس، ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 本文由高校学报的性质出发谈论了高校学报的学术性，内向性及综合性等基本特点，并提出了优质稿源的不足，缺乏竞争力和影响力，计算机、网络技术带来的危机，录用率的下降，创新不足等目前高校学报面临的主要问题与挑战。

**Abstract:** This article will focus on the character of journals put out by institutions of higher learning, and will consider their twin characteristics of being inward-focused as well as wide in scope; it will also discuss various problems they confront, including the decreasing number of high-quality articles available, the journals' weakening in competitiveness and influence, the threat posed by computer and Internet technology, decreases in the journals' usefulness and in their spirit of creativity, and more.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: Z62 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى ئالىي مەكتەپلەر مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان ۋە نەشر قىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىدە ئىلمىيلىككە ۋە نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە. ئۇ مەزكۇر مەكتەپنىڭ پەن ـ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىدىغان كۆزنەك، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىكى كۆۋرۈك ۋە ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بازا. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئىلىم -پەن ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، مائارىپتا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا يېتەكچى بولۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈزىگە يۈكلىگەن. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ پۈتكۈل خىزمەتلىرى ئىچىدە ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 1. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ھەمدە ئۇنى باشقۇرغۇچى ۋە نەشر قىلغۇچى ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11- ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەخمەتجان ئۆمەر (1982- يىلى 9- ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىر. تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ[1]:

1) ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىلمىيلىكى. ئىلمىيلىك ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكى. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى بايقاشلارنى ۋە ھەم يېڭى ھەم قوللىنىشچانلىقا ئىگە بولغان ئۇسۇل، تەدبىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي يۈكسىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇ يۈكسەك ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر يازما بايان، خەرىتە، فورمۇلا، سان ـ سىفىر، گرافىك قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا مەلۇم خىل نەزەرىيەۋى بىلىم ياكى مەلۇم خىل كونكرېت تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇرمەننى مۇناسىۋەتلىك ساھەگە ئائىت يېڭى بىلىم، يېڭى بايقاش ۋە مەلۇم مۇلاھىزە بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ زور مىقداردىكى ئىلمىي ئۇچۇرلار بىلەن ئىلىم ـ پەندە يېڭىلىق يارىتىدۇ، شۇڭا ئۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئىلمىيلىككە ئىگە.

2) ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىچكى قىسىمغا يۈزلىنىشچانلىقى. «ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىدا ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئۆزى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان ۋە نەشر قىلىدىغان ئىلمىي ژۇرناللار ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مەزكۇر مەكتەپنىڭ پەن ـ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇڭا ئادەتتە ئۇنىڭدا مەزكۇر مەكتەپتىكى پەن ـ تەتقىقات ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ماقالە ئاپتورلىرى ئاساسلىق مەزكۇر مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە قىسمەن ئوقۇغۇچىلار (ئاسپىرانتلار) دىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بۇ دەل ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئىچكى قىسىمغا يۈزلىنىشچانلىق ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

3) ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى. ئۇنىۋېرساللىق ـ نۆۋەتتە ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەسلىدىلا ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بولۇشى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئۇنىۋېرساللىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى گەرچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى ۋە تەبىئىي پەن قىسمى بويىچە نەشر قىلىنىدىغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرگە تەۋە ھەر قايسى ئايرىم پەنلەر بويىچىلا تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنىدۇ، مەلۇم بىر يەككە پەن ئاساسىدىلا ماقالە ئېلان قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى يوق دېيەرلىك.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر

مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى ئىلمىي ژۇرنال «شەرقىي ۋۇ ئايلىق ژۇرنىلى» نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلمىي ژۇرنالچىلىق ئىشلىرى ئاز كەم بىر ئەسىرلىك تارىخنى باشتىن كەچۈردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە نەشردىن چىقىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ سانى 1900 دىن(پەقەت CN بەلگىسى بىلەن باشلىنىدىغان، تەبىئىي پەنلەر تۈرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ سانىلا 600 دىن[2] ) ئېشىپ كەتتى. بۇ سان مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى بارلىق ئىلىم ـ پەنگە ئائىت ژۇرناللارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولماقتا. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەردىن خالىي ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپلىگەن خىرىس ۋە رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە.

1) ماقالىلەرنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن سەۋىيەلىك، سۈپەتلىك ماقالە مەنبەسىنىڭ كەملەپ كېتىشى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلىرىنىڭ ژۇرنالنىڭ نوپۇزى توغرىسىدىكى نامۇۋاپىق بەلگىلىمىلىرى تۈپەيلىدىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يادرولۇق ژۇرناللارنىڭ نوپۇزىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئەھمىيەت بېرىلىپ ھەممە بۇ خىل ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ ئەھمىيىتى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىنىپ، بۇ خىل ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلغان ئوقۇتقۇچىلارغا خىزمەت، ئۇنۋان ۋە تەتقىقات تۈرى نەتىجىلىرىنى باھالاشتا زور دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلگەنلىكتىن، كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلاردا ماقالىسىنى بۇ خىل ژۇرناللاردا ئېلان قىلىش خاھىشى كۈچلۈك. نەتىجىدە، بۇ خىل ژۇرناللاردا ماقالە مەنبەسى زور دەرىجىدە ئارتىش سەۋەبلىك ياخشى ماقالىلەر ئۆچرەت ساقلاپ ۋاقتىدا ئېلان قىلىنالمايدىغان، نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ماقالە مەنبەسى كېمىيىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بۇ بىر تەرەپتىن، ئىلىم پەن ساھەسىدە نوپۇزغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتەك ناچار خاھىشنى شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ياخشى ماقالىلەرنىڭ ۋاقتىچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ قويماقتا. بەزى ئورۇنلار يەنە SCI دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى باھا بېرىپ، SCI دا ئېلان قىلىنغان ماقالە چوقۇم ئادەتتىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن ياخشى دېگەن ناتوغرا قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويماقتا، بۇ نۇرغۇنلىغان سۈپەتلىك ماقالىلەرنىڭ چەتئەللەرگە ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

2) سەھىپە چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئوقۇرمەنلىرى ئازلاپ، تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بولۇپ، مەكتەپتە قايسى خىلدىكى كەسىپلەر ئېچىلغان بولسا شۇنىڭغا ماس بولغان سەھىپىلەر تەسىس قىلىنغان. شۇڭا ژۇرناللارنىڭ سەھىپىسى بىر قەدەر كۆپ، ھەر بىر سەھىپىدە ئېلان قىلىنىدىغان ماقالە سانى چەكلىك، ئادەتتە مەخسۇس مەلۇم خىل كەسىپكە ئائىت بولغان ماقالىلەردىن بىر-ئىككىسىلا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەكسىچە، پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەر قايسى پەنلەر تېخىمۇ كونكرېت تارماقلارغا بۆلۈنمەكتە ياكى كۆپلىگەن ئىنچىكە كېسىشمە پەنلەر بارلىققا كەلمەكتە، شۇڭا نۇرغۇنلىغان پەن- تەتقىقات خادىملىرى پەقەت ئۆز تەتقىقات يۆنىلىشىگە ئائىت بولغان ماقالىلەرگىلا قىزىقىدىغان بولغاچقا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئۇلارنىڭ تاللاش ئوبيېكتى بولۇشتىن قالماقتا.

3) تەشۋىقاتقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن پايدىلىنىش ۋە ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى. كۆپىنچە ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى تەشۋىقاتقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، ژۇرناللار ئۆز مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەنلا چەكلىنىپ، سىرتتىكى جۈملىدىن باشقا ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تەشۋىقات كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە ژۇرناللارنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلاپ بارماقتا. بەزى ژۇرناللار گەرچە رايون ياكى دۆلەت ئىچىدە مەلۇم تەسىر دائىرىسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت سىرتىغا قارىتا ماقالىلەرنى ئىزدەش ياكى بىۋاستە پايدىلىنىش تورى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، ژۇرناللارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا.

4) يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل بولغاچقا رىقابەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرى جانسىز، ئۇچۇر مىقدارى ئاز، لاھىيەلىنىشى كۆرۈمسىز، قەغەزلىرى سۈپەتسىز. 100 دىن ئارتۇق تەبىئىي پەنگە ئائىت ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ژۇرناللارنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى مۇقاۋىلىرىنىڭ ئاق قالدۇرۇلۇش نىسبىتى ئايرىم ئايرىم ھالدا 44%، 37% ۋە 34% بولغان[3]. بۇ

خىل ئەھۋالدا ئىسراپچىلىق يۈز بەرگەندىن سىرت، ژۇرنالدىكى ئۇچۇر مىقدارى كەملەپ كېتىدۇ، ئوقۇرمەنگە كۆرۈمسىز، رەتسىز تەسىر بېرىدۇ. بۇ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتورلارنىڭ ژۇرنالغا بولغان قىزىقىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نۆۋەتتە، ژۇرناللاردا يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ كەمچىل بولۇشى ژۇرناللارنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

5) تورلىشىش ۋە ئۇچۇرلىشىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا خىرىس ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، جۈملىدىن تور ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. تور ژۇرناللىرى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىش ئۈنۈمدارلىقى، ۋاقىتچانلىقى، تېز سۈرئەتتە ئىزدەش ۋە ئاختۇرۇشقا بولىدىغانلىقى، ئۇچۇرلارنى ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىزلا ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى، تەننەرخىنىڭ تۆۋەن، ئۇچۇر مىقدارىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىغا كۈچلۈك خىرىس ۋە رىقابەت ئېلىپ كەلمەكتە.

6) مۇھەررىرلەر قوشۇنى ساپاسىنىڭ تۆۋەن، ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىدە خىزمەت شارائىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقى ياكى ئۆزىنىڭ ئوقۇغان كەسپىگە بولغان قىزىقىش تۆپەيلىدىن بىر قىسىم ئىقتىدارلىق مۇھەررىرلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قاتارلىق مەكتەپتىكى باشقا خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئالمىشىپ كېتىشى؛ مەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى خىزمىتىگە سەل قارىشى تۆپەيلىدىن بىر قىسىم ئوقۇش تارىخى تۆۋەن، بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىگە يىغىلىپ قېلىشى؛ تەھرىر بۆلۈملىرىگە يېڭىلىق يارىتىش روھى تۆۋەن بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ توپلىشىپ قېلىپ، مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كەيپىياتى، خىزمەت ئاكتىپلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى؛ مۇھەررىرلەرنىڭ كومپيۇتېر، ئۇچۇر تېخنىكىلىرى بىلەن قوراللىنىشىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن كومپيۇتېر، تور تېخنىكىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىق قاتارلىق ئامىللار نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە ھاياتىي كۈچىنى چەكلىمىلىككە ئىگە قىلىپ قويماقتا.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، شۇنداقلا كۈنسېرى گەۋدىلىنىشى نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىغا زور خىرىس ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئىنتايىن مۇھىم ئىلىم ـ پەن بايلىقى مەنبەسى، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى، ئەلۋەتتە، بۇ خىل قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن بوشىشىپ قالسا ياكى، توختاپ قالسا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋر ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ـ نۆۋەتتىكى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارنى توغرا تونۇپ، قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلاپ، ئۆز بۇرچىنى تېرىشىپ ئادا قىلىشتىن ئىبارەت.

## پايدىلانمىلار

[1] 王岳昭. 对高校学报性质、地位和作用的再认识宁夏大学学报(人文社会科学版). 2008年第 2 期。
[2] 傅晓琴，刘淑华， 张君晓. 高校学报面临的处境及对策初探. 中山大学学报. 2005 年第 5 期。
[3] 辛均志，赵中波，曾伟明，范颜宣. 关于发挥高校学报作用的研究. 南方冶金学院学报. 2001年第五期。

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.32, Iss.3 (Total:127) Sep 2011

## Contents

A Report on Home Tutoring Methods in Chinese Higher Education........................... *Wang Hanjun, Gheyret Abduréhim* (1)

On Uyghurs' Traditional Social Guarantee Culture .................... *Abduweli Himit Nizami* (8)

A Preliminary Discussion on Strengthening and Improving the Harmonious Administration of Universities........... *Jür'et Isma'il* (16)

On Some Special Characteristics of Tajik Folk Riddles ................. *Zemir Se'idullazade* (23)

On Strengthening Ideological-Political Work in the Villages.......... *Osman Muhemmet* (34)

An Exploration of Creating and Administering a Web Site Devoted to the Theme of Political-Ideological Training in Xinjiang's Institutions of Higher Learning................................ *Rexime Abduréshit, Y asin Éli* (39)

On the Role of Good Student-Teacher Relations in Moral Training.......... *Mahire Abliz* (46)

On the Necessity of Strengthening Students' Psychological Training........................... *Abdurusul Ablet, Xaliq Yaqup* (49)

On the Expression in Writing of "R" Sounds Dropped in Speech ..... *Yunus Ilyas Idiqutluq* (57)

Two Techniques of Translation: Foreignization and Localization ......*Abdushükür Rozi* (72)

Literary Change and Its Basic Methods........................ *Exmet Seydulla* (77)

Roles of Foreign Literature Teaching in Moral Education of College Students.................. *Ranagul Abdulla* (88)

On the Comedic Expression of Tragic Material in Chekhov's Stories ........................... *Abdughéni Hoshur* (99)

Brief Discussion of Vargas-Llosa and His Creative Views ................*Atikem Mamut* (109)

Ecological Culture is Modern Development's Basic Way Out.................................. *Ablajan Muhemmed (Ümidyar)* (113)

On the Expressions in Xinjiang of Greek and Roman Culture ..........*Mahinur Ghopur* (120)

On a Number of Problems Deserving Attention in Preparing Cases Involving Job-Related Injury ..........*Tel'et Séyit* (125)

Reflection on Raising the Quality of Graduation Thesis of College Students ........................... *Rahla Memet* (133)

On Characteristics of and Problems Faced by College and University Journals................. *Exmetjan Ömer* (137)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.3.2011г (Общий: № 127)**

## Содержание

Изучение модели сочетания вузовского и семейного воспитания в современном высшем образовании нашей страны....................................................Го Ханьджунь, Хэйрэт Абдурехим (1)

Об уйгурской традиционной культуре социального обеспечения........................ Абдувэли Имит(8)

О дальнейшем укреплении и улучшении гармоничной управляющей работы вузами.................... ..............................................................................................................................Журэт Исмаил(16)

Коротко о характеристике содержания таджикской народной загадки..............Зэмир Сэйдулла(23)

О необходимости усиливания идеально-политического воспитания в селах и пути его осуществления..........................................................................................................Осман Мэмэт(34)

О создании и управлении идеально-политического сетового пункта в вузах Синьцзяна............... ............................................................................................ Рэхимэ Абдурещит, Ясын Эли(39)

О роли хороших отношений между преподавателями и студентами в проведении морального воспитания...............................................................................................................Махирэ Аблиз(46)

О необходимости усиливания воспитания студентов по психическому здоровью в настоящее время...................................................................................Абдурусул Аблэт, Халик Якуп(49)

О письменном выражении звука 'ڕ' упущенного в произношении.........Юнус Ильяс Идикутлук (57)

Два способа перевода—натурализация и отчуждение.........................................Абдущукур Рози(72)

Об изменении литературы и его главном способе............................................ Эхмэт Сэйдулла (77)

Изучение способов и путей морального воспитания студентов в процессе обучения «Иностранная литература»...............................................................................................Рэнагуль Абдулла (88)

Комедийное отражение трагического содержания в рассказах Чехова............. Абдугени Ущур(99)

Варгас Люса и его творческие взгляды...........................................................Атикэм Мамут(109)

Экологическая цивилизация является существенным выходом развития модернизации ................. ......................................................................................................................Абдулла Мэмэт(113)

Греческие и римские культурные памятники, найденные в местности Синьцзяна........... ...........................................................................................................................Майнур Гопур(120)

О некоторых вопросах в рассмотрении дел трамвы..................................................Тэлъэт Сэит(125)

Размышление над вопросом повышения уровни дипломной работы студентов............................ .............................................................................................................................Раилэ Мэмэт(133)

Храктеристика вестника вузов и некоторые предстоящие проблемы.....................Эхмэт Умэр(137)